


# تارىم

AltunOq

1

1985



**پانۇس گۈلى**

سۈرەتنى ھەسامەددىن پەخرىددىن تارتقان

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

28 - يىل نەشرى

1985

# بوستان

## ھېكايىلار


ئېھ، توپىلىق يول ............ زوردۇن سابىر 20
كۆپۈك ............ راخمانجان رۇسۇل 37
ئەپۇ (پوۋېست) ............ قاھار جېلىل 52
سەركە ............ مەتقاسىم ئابدۇراخمان 96


## شېئىرلار


يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىلىرى ............ 4
شېئىرلار ............ جاپپار ئەمەت 42
ئەللىك تۆت يىل ............ مۇھەممەت رەھىم 44
قىش كۆرۈنۈشلىرى ............ مەھەممەت شاۋدۇن 45
ئىككى شېئىر ............ مەھەممەتجان راشىدىن 47
گۈزەل خۇگىيەنچى ............ ئاۋۇت مەھەممەت 50
ئاقتاش ئىلھاملىرى ............ ئۆمەر تالىپ 51
رۇبائىلار ............ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 88
غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر ............ ھاجى ئەخمەت 89
تۇيۇقلار ............ مەمتىلى زۇنۇن 92
دېخان ............ ئەنۋەر ئابلەت 95
شېئىرلار ............ قۇربان ئىمىن 114
غەزەللەر ............ روزى سايىت 115
ئېپتىخارىم ............ ھەبىبۇللا ئوسمان 117
شېئىرلار ............ مەمتىمىن بارى 118
چىرايلىق ............ ھەجەرگۈل قاسىم 120
شېئىرلار ............ مۇھەممەت ئىمىن ئەخمەت 120
ئىككى شېئىر ............ زەينەپ تۆمۈر 121
سەھەر تەسىراتى ............ مۇتەللىپ مەھەممەت 122
رۇبائىلار ............ كېرىم مىجىت 122
ۋەتەننى گۈلگە پۈركەيلى ............ دىلبەر جۇمە 123

# تارىم

### ئەدىبلەر مۇنبىرى


تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ — زۇنۇن قادىر ...... 124
شائىر ۋە دراماتورگ — مەمتىلى زۇنۇن ...... 127


### تەرمە گۈللەر


چۈنكى مەن — ئادەم (شېئىر) ...... تاھىر تالىپ 129
خىلۋەتتىكى چوغلۇق (ھىكايە) ...... قاسىم سىدىق 130


### ئەينەك


ئەينەك ...... تېيىپجان ئېلىيوپ 139


### يۇمۇر ۋە ساتىرا


ئىككى قۇشقاچ ...... ئابلىكىم باقى 144
بىر توينىڭ تارىخى ...... ئىبراھىم ئىزاق 144
پەرىكازچىلىك قىز ...... ئەنۋەر شەيدايى 145
غول بىلەن نوتا ...... ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن 146
ھەشقىپىچەك بىلەن رەيھان ...... ئامىنە دۆلەت 147
خوشامەت بەزمىسىدە ...... ئوسمان ھوشۇر 148
پۇشايمان ...... ئابدۇقادىر ھەسەن 148


### ئوبزور ۋە ماقالىلار


«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى ...... ئابدۇكېرىم راخمان 11
ئەدەبىي تەنقىتتە خۇشپۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك ...... مەھەممەت زۇنۇن 103
ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى ...... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 108
كىلاسسىكلارنىڭ ئەدەبىي تىل توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ...... 150


### چەتئەل ئەدەبىياتىدىن


پارقازان قۇراشتۇرۇش مۇراسىمى (ھىكايە) ...... ئەزىز نېسىن 157
ھۆسنخەتنى ئوبۇلقاسىم ھۆسەن يازغان. رەسىملەرنى مەمەت ئايۇپ سىزغان، مۇقاۋىنى دولقۇن غازى ئىشلىگەن ......

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرى

ئەگەر سىز 1984 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇلۇغ ئالىم، ئۇلۇغ پەيلاسوپ، ئۇلۇغ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئوقۇغان بولسىڭىز، ئۇنىڭدىكى رۇبائىي خاراكتېرىنى ئالغان تۆتلىكلەرگە كۆزىڭىز چۈشكەندۇر. بۇ داستاندا 185 پارچىدىن ئارتۇق رۇبائىي بار، لېكىن ئۇنىڭغا «رۇبائىي» دەپ ئىزاھات بېرىلمىگەن بولسىمۇ، تۆتلىكلەردە ئىپادىلەنگەن چوڭقۇر غايىۋى مەزمۇنلارغا قاراپ، ئۇنىڭ رۇبائىي ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتمەك ئانچە تەس ئەمەس.

كىشىلەر «شېئىرىيەتنىڭ رۇبائىي ژانىرى پارس ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساس سالغۇچى ئۆمەر ھەييامدۇر» دېيىشىدۇ. شۇنىڭدەك بەزىلەر يەنە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى رۇبائىي ژانىرى ئەلىشىر ناۋائىيدىن باشلانغان، دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىلدىكى قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ مۇكەممەل ئۆرنىكى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالمىغانلىقىدىن دەپ چۈشىنىش ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

1926 - يىلى «لوندون شەرق تەتقىقات ئىنستىتۇتى» نىڭ مۇدىرى دىنسون روس ناملىق ئېنگىلىز ئالىمى ئۆمەر ھەييامنىڭ 1040 - يىلى تۇغۇلغانلىقىنى يازغان ئىدى. ۋاھالەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن ۋاقتى 1070 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ سېلىشتۇرما بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ۋايىغا يەتكەن يىللاردا ئۆمەر ھەييام تېخى 30 نەچچە ياشلىق ياش تالىپ ئىدى. بۇ پاكىتلاردىن شۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقىغا مۇندىن مىڭ يىللار ئىلگىرى پۇختا ئاساس سالغان ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ئۆمەر ھەييامدىن ئىلگىرى تۇرىدۇ.

تۆۋەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپ رۇبائىيلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ، بېيىت نومۇرى بويىچە كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم.

رەتلىگۈچىدىن.

413 مۇرۇۋۋەت ۋە ھىممەت بىردەك كېرەك،
يىراقلاش ئۈچۈن پەس - ياماندىن دىمەك.

414 مۇرۇۋۋەت ۋە ھىممەتلە قەدىر ئۆلچىنۇر،
كىشىلىككە ھىممەت، مۇرۇۋۋەت كېرەك.

712 سائادەت كىشىگە ھۆركەك كېيىكتەك،
ئەگەر كەلسە ساقلا چۈشەپ تېز ۋە بەك.

713 تۇتۇشنى بىلسە دۆلەت قاچماي تۇرۇر،
قېچىپ كەتسە كەلمەس يېنىپ تېز گېزەك.

905 ياخشىلىق ئۆرلەشتەك، چىقالماس كىشى،
قىلالمايدۇ ھەر كىم بۇ ئۆرلەش ئىشى.

906 قەدىرلىك ئىشلارنى قىلماقلىق قىيىن،
قىلالماس بۇ ئىشنى بىلىمسىز كىشى.

AltunOq

928 ياخشىلىق قىلىپ كىم ئۇندىن ئۆكۈنۈر،
يامان مىلك ئاتانسا، پۇشايمان قىلۇر.
929 يامانلىقا مۇمكىنچە قىل ياخشىلىق،
يامان قىلسا يامانلىق پۇشايمان يانۇر.

1008 ئۆزۈڭنى كۆزەت بەك، ياخشى سۆزلەگىل،
سورالغاندا سۆزلە، يەنە قىسقا قىل.
1009 كۆپ ئاڭلا بۇ سۆزنى، تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىرلە سۆز تۈز، ئىشلىتىپ ئەقىل،

1105 قارا چاچنىڭ ئېقى — ئۆلۈم بەلگىسى،
تىرىككە ھاياتنى ئەزىز قىلغۇسى.
1106 يىمىدىڭ قانچە نېمەت تېتىدىڭ ھايات،
غاپىل ئولما، سېنى ئۆلۈم يىگۈسى.

1337 مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كەيدۈرەر.
1338 ھاراق مىلك گۇناغا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

1399 چۈشۈڭدەك كەچۈردۈڭ تىرىكلىك چېغىڭ،
قېنى، پايدا كۆرسەت ماڭا بىر ئىزىڭ.
1400 كەچۈردۈڭ كۆڭلىڭنى ھەۋەس - ئارزۇدا،
تۈگىدى تىرىكلىك، قالدى پۇشمىنىڭ.

1690 كىشىلىكنى قىلسا، كىشىلىكنى قىل،
كىشىلىك تېگىچە جاۋاپ ئەيلەگىل.
1691 ۋاپاغا ۋاپا ئۇ كىشىلىك ھەققى،
ۋاپا قىل، چىقار ئات، كىشىلىكنى قىل.

1845 كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلمىدىن.
1846 يۈرى، يىلقى بولما، ئەقىل، بىلىم بىل،
بىلىم بىرلە سۆزلە، يورۇق تۈت تىلىن.

1956 بەگ ئولسۇن بىلىملىك، ئاقىل ۋە ئويغاق،
ئۆشتۈمتۈت تەگمىگەي دىسە بىر چاتاق.
1957 كىرەكتۈر ياخشى خۇلۇق، پەزىل مىلك تۈمەن،
ئېتىمغا تەگمىسۇن دىسە داغ - بوياق.

1993 ئەگەر كىمدە بولسا ئۇقۇم - ئاڭ ۋە ئۆگ
ئۇنى ئەر ساناپ قانچە ئۆگسەڭمۇ - ئۆگ.
1994 ئەقىل، ئاڭ، بىلىم كىمدە بولسا تولۇق،
يامان بولسا خوپ - دە، كىچىك بولسا ئۆگ①
2041 تىلى يالغان ئەرنىڭ جاپا قىلغى ئول،
جاپا كىمدە بولسا ئېرۈر يىلقى ئول.
2042 تەلەپ قىلما يالغانچىلاردىن ۋاپا،
بۇ سۆزلەر سىنالغان ئۇزۇن يىللىق ئول.

2047 ئەگەر بولسا ئىتلارغا باش ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەممە ئارسلانسىمان.
2048 ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەممە ئىتتەك ھامان.

2066 ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزەمچىل قىلىق،
ئۆزەمچىل قىلىقىا ئوق ئات - قارشى چىق.
2067 يېغى قىلمىغاننى شۇ قىلىق قىلار،
يېغىدىن بۇ يېغى نىچۈك پەرقلىق؟

2197 ئىسىل زات كىشىنىڭ خۇي-پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە ئاچار ئۇ ئىلىك②

---

① ئۆگ سۆزى - قەدىمقى زاماندا ئەقىل - ئىدرەك، ماختىماق، چوڭ ياكى بۈيۈك مەنىلەردە قوللىنىلاتتى. بۇ رۇبا - ئىدا «ئۆگ» سۆزى بىرىنچى مىسرادا ئەقىل، ئىككىنچى مىسرادا ماختىماق، تۆتىنچى مىسرادا چوڭ مەنىلەردە كەلگەن. شائىر بۇ يەردە ئۇمۇمىم سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ئەقىل، بىلىمنىڭ قەدرى - قىممىتىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، كىشىلەرنى بىلىملىك بولۇشقا تەشەببۇس قىلىدۇ.

② ئىلىك — قول (قەدىمقى ئۇيغۇرچە).

2198 ئېرىنغىسىز قىلغىنى ۋاپاسىز، جاپا،
بېرىپ باقسىمۇ ئۇڭا شىكەر ھەم يىلىك.

2215 كىشىنىڭ كۆركىگە ئىچىدۇر ئاداش،
يۈزى كۆركى بىرلە قىلغىنى قاياش.
2216 تېشىنى كۆرۈپ بىل ئىچىگە گۇۋا،
ئىچى ھەم بولۇر كۆر ئۇ تېشىغا ئوخشاش.

2232 سۆيۈلدى ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سۆيۈلمەس تەكەببۇر، يىرىك دىل كىشى.
2233 كىچىك دىل ئۇلۇغلۇق سۈرەر كۆپ زامان،
ئۇلۇغلۇققا يول تاپماس يىرىك دىل كىشى.

2307 ئازات - ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى،
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.
2308 كىشىلىك قىلىشقا كىشى بول ھامان،
كىشى قۇردى شۇنداق كىشىلىك يولى.

2380 كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكا - توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى جەڭ قىلغان كۈنى.
2381 سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

2626 ئەقىل بىرلە ئۇق ئىش، بىلىم بىرلە بىل،
كۈنۈڭ بەخت قۇچسۇن، قۇتاتسۇن ئۇ يىل.
2627 چىچەنلىك بىلەن ئەر تىلەككە يېتەر،
بىلىم بىل، ئەقىل تاپ، كېيىن ئىشنى قىل.

2797 ۋۇجۇت، يەتتە ئەزا كۆڭۈلگە باقار،
كۆڭۈل بىرلە ئىنسان ئېغىر يۈك ئالار.

2798 تامام بىر سۆرەتدۇر كۆڭۈلسىز كىشى،
كۆڭۈلسىز كىشى ئىلىم ئاتىن بۇزار.

2819 تىلەگەنگە تېپىلسا تىلەگى ئەگەر،
جاۋابىغا جانىن ئۇ پىدا ئېتەر.
2820 كېرەك ۋاقتا بىر خەس بولۇر پىلغا تەڭ،
جىمى نەرسىگە بۇ ئوخشىشىپ كېتەر.
3013 بىلىم، پەزىل ئۈگەن، قىممەت بىل ئۇنى،
قىلۇر قىممەت ئاخىر پەزىلەت سېنى.
3014 بىلىم بىل، زېرەك بول، بىكار يۈرمەگىن،
بېرۇر ياخشىلىق ئۇ ساڭا بىر كۈنى.

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۇق، ئاڭلىق ياشىغىن.
3169 بىلىم بىرلە ئىش قىل، تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۈگەن سەن، بىكارغا ئۆتمىسۇن بۇ كۈن.

3212 قوڭۇر يەر - يېشىل سۇ ياراشماق بىلە—
ئارا مىڭ چىچەكلەر ئېچىلدى كۈلە.
3213 ئاداش يا قاياشلار ياراشىپ يۈرسە،
ئۇلاردىن قېرىنداش ئاداشلار كېلە.

3300 جۇدالىق سوڭىندا كۆرۈشسە ئادەم،
سۆيۈنچى ئۇزارۇر ھەم قىسقىرار غەم.
3301 نە كۆركەم بولۇر، كۆر، كىشى ئايرىلىپ،
سالامەت قوۋۇشسا گەر ئىككى ھەمدەم.

3401 غاپىل ئولما دۈشمەن كىچىك دەپ ئۆزۈڭ،
نىچۈن قورقايىن دەپ، چوڭ ئېيتما سۆزۈڭ.
3402 ئەگەر بولسا دۈشمەن، غاپىل بولمىغىن،
يېغىغا يېغى بول، دوستقا ئاچ يۈزۈڭ.

3421 نىچۈك ئەر سانالۇر مىڭلاپ دۈشمىنى،
مىڭ غەيۋەت قىلمىسا ئۇنى ھەر كۈنى.
3422 كۆر، ئىتتىن قاچقان ئۇ بۆرى بولۇرمۇ،
ئاڭلانسا كەينىدىن مىڭ ئىتنىڭ ئۈنى.

3449 ئەر شۇكى، جىمىگە قۇدرەتلىك تۇرۇپ،
قىلالىسا ئىشنى ئۆزىن چىلىك تۇتۇپ.
3450 ئۇندىنمۇ مەردانراق يىگىت شۇل ئېرۇر،
مىڭ ئارزۇ ئۇزە ئالسا نەپسىن توسۇپ.

3461 قانۇنلۇق ئادىل بەگ چىندىن بەخت
ئېرۇر،
ئۇ بەختتىن ھەممىگە نەسىبە تېگۇر.
3462 ئادىل بەگ ئېتى قايدا بولسا مەشھۇر،
ئاڭا بارغۇلۇق، بەخت ئۇنىڭدىن تېگۇر.

3584 خوتۇن بىرلە سۆھبەت تولا بەك تاتىق،
سوغاق سۇغا چۈشمەك جاپاسى قاتتىق.
3585 لەززەت نەدە بولسا جاپاسى بىللە،
سۈچۈك قايدا بولسا، كېلۇر سوڭ ئاچچىق.

3614 يىدىگەن شېكەرلىك جاھان نېمىتى،
تېرىقلە كىپەك بولدى ئۆزۈم تاقتى.
3615 تويۇپ ئىككىمىز تەڭلا ياتتۇق كېچە،
ئۆتتۇۋەردى كەلمىش كۈنۈم سائىتى.

3633 كەچۈردۈك بۇ ئۆتكەن ئۆتكۈنچى تۈنۈك،
كېچەرمۇ يوقىمۇ ئۇ كېلۈچى كۈنۈك.
3634 كەچمىشلەر كېچەرلىك ئارا بىر قونۇق،
تىرىكلىككە مۇنچە زورايىتما ئۇنۇك.

3705 يېقىن بولسا كۆڭلۈڭ، يىراق يەر
يېقىن،
يېقىنلىق ۋاپاسىن ئىستە كۆڭۈلدىن.
3706 شەرقتىن – غەرپكە بىر ئۆرلەم يول ئول،
ۋاپا بىرلە بىلسە يېقىنلىق ھەقىن.

3830 تېپىمەس ئالىمغۇرنى ئىزدىسە كۆچەپ،
تىلەپ بولمىغۇرنى تىلىسە كۆچەپ.
3831 يېتەلمەيدىغان يەرگە بارما ياياق،
ئەگەر بارساڭ ئەمگەك چېكەرسەن
ھەدەپ.

3873 ھەرقانداق كېسەلگە دورا – دەۋا بار،
ئۇنى ئەملىگۈچى ھېكىمىمۇ چىقار.
3874 كۆڭۈل ئاغرىسا گەر بىر ئارزۇ بىلەن،
تىلەگى تېپىلسا، شۇ شىپا بولار.

3963 كىشىنى سىناشقا بىر كۆرمەك يېتەر،
بىلىشكە تىلەك سۆز ئىشىتمەك يېتەر.
3964 كۆرۈپ مىس، ئالتۇننى ئايرالمىسا ئەر،
ئېلىپ ئازغىنا تاشقا سۈرتمەك يېتەر.

4090 ساڭا باقسا بەگلەر كۆزىلە كۈلۈپ،
سۆيۈنسە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ گۈل بولۇپ.
4091 خىزمەتكە گۆۋەنىپ مەغرۇرلانما سەن،
يېڭىلساڭ قارار بەگ قاۋاغىن تۈرۈپ.

4153 ئۇلۇغقا ھۆرمەت، بۇ، جاھان قانۇنى،
ئۇلۇغ كەلسە قوپۇپ كۈتۈپ ئال ئۇنى.
4154 كېرەكتۇر كىچىكتىن ئۇلۇغقا ھۆرمەت،
ئۇلۇغمۇ كىچىككە قىلۇر ئەيىنى.

4190 يېغى بىر بولسىمۇ مىڭدۇر زىيىنى،
مىڭ بولسىمۇ دوست ئاز دەپ بىل ئۇنى.
4191 كىشى كۆرمىدى پايدا دۈشمەنىدىن،
ئەگەر كۆرسە كۆردى ئۆزىدىن ئۇنى.

4222 يۈزۈڭنى ئوچۇق تۇت كىشىگە كۈلە،
نېنىڭنى يىدۈرگىن سۈچۈك سۆز بىلە.
4223 كىشىنى قىلۇر قۇل بۇ ئىككى قىلىق،
بۆلەك تاپمىدىم مەن، سەن ئۇلسا تىلە.

4262 غاپىل بولما ياۋدىن ئۆزۈڭ نېرى تۇر،
غاپىل ئەيلە ياۋنى، تورۇڭغا چۈشۇر.
4263 كەمستمە دۈشمەننى زور ۋە بۈيۈك بىل،
تاياق تۇتسا ياۋ ئەيلە قالقان تۆمۈر.

4269 ئاداش تۇتماق ئاسان، كۈزەتمەك قىيىن،
يېغى بولماق ئاسان، ياراشماق قىيىن.
4270 دۈشمەنلىك ئەر ئۇلساڭ، ساقلا جان-تېنىڭ،
ئۇنىڭدىن قۇتۇلماق ئېرۇر بەك قىيىن.

4287 كىشى ئەسلى بىلمەك تىلىسەڭ ئۇچۇق،
بۇ ئىشتا گۇۋادۇر كۆڭۈل، تىل، قىلىق،
4288 خۇيى ياخشى، كۆڭلى، تىلى بولسا تۈز،
ھەسەپ - نەسەبگە گۇۋا بۇ ئېنىق.

4334 پۈتۈن سۆزنى سۆز، دەپ سۆزلەۋەرمىگىن،
كېرەك سۆزنى ئويلاپ ئورۇنلۇق دىگىن.
4335 بىر ئاقىلنى كۆردۈم ئۇ ئاز سۆزلىدى،
تولا سۆزلىدىم دەپ ئۆكۈندى كېيىن.

4452 تۇت ئۆزنى بىلىمسىزگە بولما يېقىن،
ياشار بەخت ئىچىدە تۇتسا ئەر ئۆزىن.
4453 قوپالدۇر بىلىمسىز سۆزى، خۇلقى ھەم،
يىراق تۇر، تېزدىپ يۈر بىلىمسىزلىدىن.

4534 بەگ ئۇلساڭ ۋە ياكى خەلققە ئۇلۇغ،
ئۆزۈڭنى مۇلايىم كىچىك تۇتقۇلۇق.
4535 ئۆزۈڭنى ئۇنۇتما، ھەق يولدىن ئازما،
كېلۇر بەخت يولىغا سەن سالما توسۇق.

4637 قىرىتقا كىرىپمۇ مىزاج بىلمىسە،
تولۇق ھايۋان ئېرۇر گەرچە سۆزلىسە.
4638 سىناپ ۋە كۆرۈپ گەر بىلمىسە بىلىم،
ئى پاك قەلب، بولماس ئۇنى ئىنسان دىسە.

4844 بىر ئاز بەختكە ئىنسان ئۇنۇتۇر ئۆزىن،
يېشىل كۆكتىن ئۈستۈن يۈرۈتۇر سۆزىن.
4845 نىچە باتۇر ۋە مەغرۇر غادايغانلارنىڭ،
ئۆلۈم كۆكسىن يانچىپ چىقاردى كۆزىن.

4917 ئۇلۇغلۇقتا ئارتۇق گۈۋەنمە كۆلۈپ،
ئۇلۇغ بولدۇڭ ئەرسە باش ئاغرىغى كۆپ.
4918 سۆيۈچ قايدا بولسا، بەلامۇ شۇندا،
ھوزۇر قايدا بولسا مىڭ زەخمەتكە جۇپ.

4984 چىقارما ھىچ ئىشنى ئۆلچىمىدىن سەن،
قاچۇر ئىش چىغىردىن ئۇ چىققان ئىكەن.
4985 پۈتۈن ئىشتا ئۆلچەم، ئۇسۇل - قائىدە بار،
ھەر ئىش ئوتتۇراھال بولسا بولغاي ئېسەن.

5025 كىشى كۆڭلى دائىم بىر ئارزۇ تىلەر،
ئاۋۇنغاي ئۇنىڭغا ئېرىشكەن قەدەر.
5026 ئېرىشسە بۇ ئارزۇ - تىلەككە تولۇق،
كۆڭۈلدىن چىقارۇر سۆزنى ئۆزەر.

5079 بەگ راست سۆز بولغۇلۇق ۋە تانماس كېرەك،
سۆزىدە تۇرماسنى ئەر دىمەس كېرەك.
5080 بىر ئېيتقان سۆزدىن يانمايدۇ ئەرەن،
سۆزدىن يانغۇچى خوتۇندۇر دىمەك.

5156 ئۆلەر چاغدا ئاتاڭ ۋە بەلكى شۇئان،
دىگەندۇر كۆر ئوغلۇم، بول ئويغاق ھامان.

5157 ئۆلۈم تۇتتى كەتتىم، كېلۇر ساڭىمۇ،
تىرىشقىن، كېيىن سەن ياخشى نام
قازان.

5288 ئايا بەگ، تىرىشقىن، كۈچۈڭ بارىچە،
قانۇننى خەلققە يەتكۈز ئۇگىچە.
5289 قۇسۇرۇڭ كۆرۈلسە ئېيىت ئۆزرەڭنى
سەن،
تىلىڭ بىرلە تەۋبە قىل كۈندۈز - كېچە.

5335 بەگدۇر بەخت، ئەلگە بەخت بەخش
قىلماق كېرەك،
بەخت تاپسا ئەل قارنىن تويدۇرماق
كېرەك.
5356 بۇ بەگلەر دېڭىزدۇر تۈۋى ئۈنچىلىك،
دېڭىزگە يېقىنلار بېيىماق كېرەك.

5412 ئۆلۈمنى ئۇنۇتما، گۆردۇر ئورنۇڭ بىل،
«ئۆزۈڭنى ئۇنۇتما»نى سەن تەكرار قىل.
5413 «مەنى» دىن تۆرەلگەن ئۆزۈڭ «مەن»
دىمە،
ئەگەر مەن دىسەڭ سەن، قىممىتىڭ
شۇ، بىل.

5431 كىشى مىڭ ياشسا تىلەككە تولۇق،
يېتەلمەس ئۆزگە كېرەككە تولۇق.
5432 تىلەر ھەر تىلەكنى، كىشى ئارزۇلاپ،
تىلەككە يەتكىچە بولۇر ئۆمرۈ يوق.

5481 تىلەسەڭ ئۇستۇنلۇك ئەگەر ھەر زامان،
خادىمنى خۇش ئەت، ماختا، بەر شەۋق
ھامان.
5482 خوشال قىپ ئۇلارنى سەن قويساڭ تىلەك،
كېلىپ مەقسەت، ئېگەر باش ياۋمۇ
شۇئان.

5510 يامانغا قوشۇلما ۋە يۈرگىن كۆنى،①
تۈز - ئەگرىلە بولسا قارايۇر كۈنى.
5511 كىم قىلسا يامانلىق بەلاغا قالۇر،
يولۇق ھەققە توغرا قىيامەت كۈنى.

5544 قايۇ ئەل بېگى بولسا ياخشى كۆنى،
ئۇ ئەل خەلقى بېيىپ، تۇغۇلغاي كۈنى.
5545 خەلق بايلىغى بەگكە بايلىق ئېرۇر،
خاھى سەن ئۇنى تۇت، خاھى سەن
بۇنى.

5659 نە ئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.
5660 نىچۈك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە
قىل،
كېڭەش بىرلە كۈتكە تىلەكلەر كېلە.

5777 دۇرۇست سۆز ئۇ ئاچچىق، سىڭۇر-
گىن ئۇنى،
بېرىپ تاڭنا نەپئىن، خۇش ئەتكەي
سېنى.
5778 دۇرۇست سۆز كۆكۈلگە، كۆر، ئاچ-
چىق يىرىك،
يىرىك سۆز دۇرۇست ئۇ، دۇرۇست
سۆز قېنى.

5796 يىسەڭ كىم ئېشنى سەن قىلغىن
ئىشىن،
كۆيۈمچانلىق ئارتار، ھالال يە ئېشىن.
5797 كۈزەتىپ تۈز - ئاشىڭ ھەققىنى كىشى،
يىدۈرگەن كىشىگە پىدالار بېشىن.

5862 كىشى كۆڭلى گۆشتۇر، سېسىپ بۇزۇلۇر،
ئۇنى بەك كۈزەتمەك كېرەك، ئەي
جەسۇر.

① كۆنى — توغرا (قەدىمقى ئۇيغۇرچە).

AltunOq

5863 ھەرقانچە غەيۋەتنى ئاڭلىماس بۇ ئەر،
چېقىمچى ئاراغا كىرسە ئۆزگىرۇر.


5892 كىشى ياخشىسى كىم كىشىلەر بېشى،
كىشىلىك قىلۇچى كىشىگە تۇشى.
5893 كىشىگە جاۋاپ قىل كىشىلىككە تەڭ،
شۇندىچۇن ئاتالدى كىشى دەپ كىشى.

6208 ھەممىدىن قاتتىقراق ئۆلۈم ئول يىراق،
تۆكەر ياش يىراقنى كۆرۈچى قاراق.
6209 قوشۇلماق ئۇمىت بار ئايرىلسا تىرىك،
ئۆلۈچى ۋىسالدىن ئۇ شەكسىز يىراق.

6362 ۋاپا كىمگە قىلساڭ جاپاغا تەخ ئول.
جاپاچى جاپاسىن قىلۇر بىر كۈن ئول.
6363 كىمى ياخشى تۇتتۇڭ، سەن قورق
ئۇندىدىن،
ئىگراتقاي يامانلىق بىلەن سېنى شول.

6377 ئى نېمەت ئىگەسى، ئۆلۈم مېھنەتىڭ،
ئى مېھنەت ئىگەسى، ئۆلۈم نېمەتىڭ.
6378 يېقىر ئۆلسە قۇتىلۇر كېتۇر ئەمگىگى،
ئۆلۈم تۇتسا باي بار ھىساپ بەرمىگىڭ.

رەتلىگۈچى: ئىسمايىل تۆمۈرى.



### «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ

# مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى

ئابدۇكېرىم راخمان

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىگە بېرىلگەن مۇقەددىمىسىدە ئېيتىلغاندەك: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىنكى يازما ئەدەبىياتىدىن ھازىرقى زامانىمىزغا يېتىپ كەلگەن تۇنجى بەدىئىي ئەسەر»① بولۇپ، ئۇيغۇر كلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر داستاننى بەدىئىي ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشىمىزنىڭ ئاساسىي شۇكى، 11 - ئەسىر قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ جامائەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ شائىرانە ھېس - تۇيغۇ بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئىي تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ياردىمىدە رېئال تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈپ، كىتابخانلارنى ئاجايىپ گۈزەل شېئىرىيەت باغچىسىغا باشلاپ كىرىدۇ. نەتىجىدە، ئەسەر بىزنى ئالدى بىلەن مەنتىق تەپەككۇر ۋاستىسى ئەقىل كۈچى بىلەن ئەمەس، بەلكى روشەن ئوبرازلىق تەپەككۇر ئاساسىدىكى كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدىغان بەدىئىي زوقلاندۇرۇش كۈچى ئارقىلىق ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ ئەسەر — ھەقىقەتەن يۈكسەك بەدىئىي دىت بىلەن تولۇق شېئىرىي ماھارەتنىڭ مېۋىسى، ئۆزىگە خاس مىللى ئۇسلۇپ بىلەن جانلىق بەدىئىي مېتودنىڭ نامايەندىسى. شۇڭا بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي قامۇس دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز. ژانىر خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر دىراماتىك ئېلېمېنتلار بىلەن سۇغۇرۇلغان لىرو - ئېپىك داستان ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئەھمەت زىيائى «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇ بىلىك› توغرىسىدا مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق نوپۇزلۇق ئەمگىكىدە كۆرسەتكىنىدەك، بۇ ئەسەر مۇئەييەن تارىخىي ۋەقەلەر ۋە قەھرىمانلار غايىسى كۆلىمىدىكى ئېپوپېيە ئەمەس، ئۇنىڭدا كۈچلۈك لىرىزىم روھى بار، لېكىن ئۇ نوقۇل لىرىك داستانمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا دىراما ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت، لېكىن ئۇ دىرامىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۈچ خىل ئامىلنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان، رېئالىزىم بىلەن رومانتىزىم تەبىئى ھالدا زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن ئەقىل ۋە ھېكمەت دەرسلىكىدۇر.

مۇندىن مۇقەددەم «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ئەمگەك سىڭدۈرگەن كۆپلىگەن ئالىملار بۇ

① «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل، تۇنجى نەشرى، 1 - بەت.

ئەسەرنى مەزمۇن خاراكتېرى جەھەتتىن «دىداكتىك داستان» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى ۋە مۇشۇ نۇقتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نى دۇنيادىكى داڭلىق بولغان دىداكتىك روھتىكى ئەسەرلەر قاتارىغا قويۇپ، پارس، تاجىك تىلىدا يېزىلغان دىداكتىك ئەسەرلەردىن تۈرك سالجۇقلىرى ۋەزىرى نىزامول مۈلۈكنىڭ «سىياسەتنامە» («سىيارۇل مۈلۈك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىجرى 479- يىل، مىلادى 1077 - يىلى) ھەمدە ئەمىر كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى گىلانشاھ ئۈچۈن يازغان «قابۇسنامە» (ھىجرى 485 - يىل، مىلادى 1082 - يىل) ئەسەرلىرى بىلەن مەقسىدى بىردۇر»① دەپ قاراپ كەلدى. دەرۋەقە، «دىداكتىك» سۆزىنى ئەدەپ - ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە ئۇقۇمى بىلەن بۇ ئەسەرگە تەدبىقلىسا بۇ باھا قىسمەن مۇمكىنچىلىك ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن توپ مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر نوقۇل ۋەز - نەسىھەت بىلەنلا چەكلەنگەن دىداكتىك داستان ئەمەس. چۈنكى، ئەسەردە شائىر ياشىغان جەمئىيەتنىڭ قانزەرداپقا تولغان «مەرەز» لىرى پاش قىلىنىپ، ئەينى زامان رېئال ئىجتىمائىي ھاياتى بەدىئىي لىباس ئىچىدە سۈرەتلەپ بېرىلگەن. كەلگۈسى گۈزەل ھاياتقا باشلايدىغان غايىۋى پىكىرلەر ۋە ماھىيەتلىك تەكلىپلەر، ئەقىل ۋە ھېكمەت مۇجەسسەملەشكەن چوڭقۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇر، ئوتتۇرا ئەسىر گۇمانىزىم ئەدەبىياتىغا خاس بولغان خەلقچىللىق روھ ناھايىتى روشەن چاقناپ تۇرىدۇكى، بۇ ئوبېكتىپ رېئاللىق ئۇنىڭغا «دىداكتىك» دېگەن خاراكتېرىستىكىنى بىر ئىستىمال قىلىۋاتقان مەنا بىلەن قوللىنىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، 11 - ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدا دىداكتىك روھتىكى ئەسەرلەرنى يېزىش بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقا ئىگە بولغان مەلۇم بەدىئىي ئەنئەنە ئىدى. مۇشۇ تارىخىي دەۋرگە ۋەكىللىك قىلغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ خاس ھاجىپى ۋە ئابرويلۇق جامائەت ئەربابى بولغان يۈسۈپ بالاساغۇنى ئىجتىمائىي دۇنياقاراش جەھەتتىن ئەنە شۇ بەدىئىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىشنى دىلىغا پۈككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ رېئاللىققا تۇتقان ئاكتىپ پوزىتسىيىسى ۋە ئوبېكتىپ ھاياتنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا شەكىللەنگەن گۇمانىزىملىق غايىسى سىڭگەن بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي ئۈنۈم جەھەتتىن، 11 - ئەسىر شەرق ئەدەبىياتىدىكى ئورتاق دىداكتىك ئەنئەنىدىن پۈتۈنلەي ھالقىپ كەتكەن. بۇ بىرگە نەزىرىيە جەھەتتىن دۇنيا كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا فېئودال ھۆكۈمران تەبىقىدىن چىققان بەزى داڭلىق رېئالىست يازغۇچىلارنىڭ دۇنياقارىشى بىلەن ئۇلار ياراتقان ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن تەڭلىك بولمايدىغىنىدەك ئوبېكتىپ رېئاللىقنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئۆزى كېلىپ چىققان سىنىپ ۋە گۇرۇھ مەنپەئەتلىرىنىڭ ئاسىيسى سۈپىتىدە 11 - ئەسىر قاراخانىلار جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي قاتلاملار، يەنى ئاددى پۇخرادىن تارتىپ ئەڭ ئالىي مەنسەپدار — ئېلىك خانلار، خاقانلار ئارىلىغىدىكى بارچە تەبىقە ۋە تائىپىلەر، ئىجتىمائىي قاتلاملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت، مۇئامىلە، ئەخلاق نورمىلىرى قانداق بولۇش كېرەكلىكىدەك ھاياتىي ئەھمىيەتلىك رېئال مەسىلىلەرگە ئوتتۇرا ئەسىر ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ، قايىل قىلارلىق دەرىجىدە جاۋاپ بېرەلىشىنىڭ سەۋەبى، بىرىنچىدە، مۇنداق ئىككى تەرەپكە باغلىق: بىرسى، مەۋجۇت ئوبېكتىپ رېئاللىقنىڭ تۈرتكىسى؛ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ 180 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ

① قا. كەرغوپنىڭ «ئېلىك بەدىئىي داستان»، (ئۆزبېكچە، 1976 - يىل نەشرى) ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ.

ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىپ كامالىغا يەتكەن (گەرچە ئىچكى قارىمۇ-قارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ) كۈنلىرىدىن ئاستا-ئاستا چۈشكۈنلىشىپ پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن، ئوردا ماجىرالىرى كۆپىيىپ، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى خاراپلاشقان بىر ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلىدۇ. قاراخانىلارنىڭ گۈللىنىشتىن خاراپلىشىشقا يۈزلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ خىل ئوبيېكتىپ رېئاللىق مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپقا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. نەتىجىدە، بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن ھېس قىلغان شائىر جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي فورماتسىيىسىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەرنى يەكۈنلەپ، گوياكى «قوي بىلەن بۆرى بىر قوتاندا ياشايدىغان» تېنچ، پاراۋان بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باي ھاياتىي تەجرىبىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي جانلىق مەنزىرىلىرى ساھەسىدىكى چوڭقۇر چۈشەنچىسى، ئۆزى ياشىغان دەۋرگىچە بولغان ئۆتمۈش ھايات، كەچمىش زامان ھەققىدىكى ئەتراپلىق بىلىملىرى، جۈملىدىن، شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئىلىم-پەننىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغانلىقىدەك سوبيېكتىپ ئامىللار «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت كىشىلەرگە «بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» نى يارىتىشقا ئىمكانىيەت بەرگەن. دېمەك، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ سوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ئەدىبى سۈپىتىدە جاھالەتلىك ئوتتۇرا ئەسىر ئىدىيولوگىيىلىك پىكىر ئېقىمىدا نۇرلۇق يۇلتۇز بولۇپ پارلىغان «فارابىزىم»① تەلىماتلىرىنىڭ ئىخلاسمەن ۋارىسى ئىدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ يېڭىچە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىزاكى ئىجادىيىتىدا نامايەن بولغان رېئالىزملىق ۋە ئاكتىپ رومانتىزملىق روھ، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە خەلقپەرۋەرلىك غايە ئاپتورنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىككى ئامىل بىرلىشىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگىكىنى ماددىي ۋە مەنىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تە ئالغا سۈرۈلگەن دۆلەت ۋە ھاكىمىيەت، ئادالەت، بەخت-سائادەت، ئەقىل-پاراسەت ھەمدە قانائەت توغرىسىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كۆزقاراشلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىپ كەلگەن مىللىي ئىدىيولوگىيىلىك ئەنئەنىۋى پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئاساستا ئورگانىك باغلىنىش مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام شەرقىنىڭ بۇ ئىلغار ئىدىيىۋى ۋە بەدىئىي قاراشلىرى شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرى سۈپىتىدە، قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەپتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى ئارقىلىق ياراتقان ئىجادىيى، مەنىۋى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە كۆپ تەرەپلىمە ئۆلچەملىك غايىۋى كۆزقاراشلىرىنى ئاۋام خەلق ئىجادىيىتىدىكى تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن، بىر پۈتۈنلۈككە، تاشقى ۋە ئىچكى

① فارابىزىم — فارابى تەرىپىدىن ئىسلام تېئولوگىيىسى «كالام تەلىماتى» غا زىت ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەبىئەت پەلسەپىسى، ئالەم نەزەرىيىسى، بىلىش نەزەرىيىسى مەنتىقە ۋە ئىجتىمائىي پەلسەپە، ئەركىن تەپەككۇر ۋە راتسىئونالىزم قاتارلىق بىر پۈتۈن ئىزچىل تەلىمات ئىلىم دۇنياسىدا فارابىزىم دەپ ئاتالدى. فارابى — ئەبۇ نەسىر مۇھەممەت ئىبنى ئۇزلۇق ئىبنى تارخان. 160 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى بار.

گارمۇنيىلىككە ئىگە بولغان بەدىئى پىكىر قىلىش ئىزچىللىقىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ پىكىرىمىزنى دەلىللەش ئۈچۈن «تۈركى تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەندى ـ نەسىھەت خاراكتىرلىق قوشاقلىرىنىڭ ھەممىدە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارلىققا كەلگەن «تۇرپان تېكىستلىرى» ئىچىدىكى «بىلىمنى ئۇلۇغلاش» مەزمۇن قىلىنغان قوشاقلارنىڭ تېمىسى بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا يارىتىلغان تۆت كونكرېت بەدىئى ئوبراز ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان غايىۋى پىكىر، مەزمۇن ئوتتۇرىسىدىكى تەبىئى باغلىنىشنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك كۇپايە.

«دىۋان» دا:

ئالغىل ئۆگۈت مەندىن ئوغۇل ئەردەم تىلە،
بويدا ئۇلۇغ بىلگە بولۇپ بىلگىنىڭ ئولە.

(يەشمىسى: ئەي ئوغۇل، مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سال، پەزىلەتلەر تىلە، ئەل-ئارىسىدا بۈيۈك ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات.)

بىلىگ ئەرىك ئەدگۈ تۇتۇپ سۆزنى ئەشت،
ئەردەمنى ئوگرە نىبەن ئىشقا سورا.

(يەشمىسى: بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ، سۆزىنى ئاڭلا، پەزىلەتنى ئۆگىنىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇر.)

ئەردەم تىلە ئوگرەنىبەن بولما كوۋەز،
ئەردەمسىزنى ئوكۇنسە ئەگمە گودە ئەگەر.

(يەشمىسى: ئىلىم ـ ھېكمەت ئىزلە، ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانما، نادان كىشى ماختانسا، سىناق ۋاقتىدا مات بولۇپ قالىدۇ.)

«قۇتادغۇ بىلىك»تە:

1493 كىچىك ئەركەن ئۆگرەت ئوغۇلقا بىلىك،
كىچىگدە بىلىك بىلسە كۆتۈرۈر ئەلىك.

(يەشمىسى: ئوغۇلنى كىچىكتە ئوقۇتماق زۆرۈر، كىچىكتە بىلسە ئۇتۇغلۇق بولۇر.)

154 ئوقۇش قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىك كىمدە بولسا بەدۈكلۈك ئالۇر.

(يەشمىسى: ئەقىل قايدا بولسا ئۇلۇغلۇق بولۇر، بىلىم كىمدە بولسا بۈيۈكلۈك تاپۇر.)

155 ئوقۇشلۇق ئوقار ئول بىلىكلىك بىلىر،
بىلىكلى ئوقۇغلى تىلەككە تەگىر.

(يەشمىسى: ئەقىللىق ئوقار، ئول، بىلىملىك بىلۇر، بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.)

160 ئوقۇش بولسا ئەركە كۆر ئاسىغى ئۆكۈش،
بىلىك بىلسە ئۆتىدۇ بولۇر ئەركۆسۈش.

AltunOq

(يەشمىسى: كىشىگە ئېرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى، بىلىم بىلىسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.)

«تۇرپان تېكستلىرى» دىن:

بىلىگ بىلىك يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىگ بىلگەن ئۇل ئەركە،
بىر كۈن دۆلەت تۇش بولۇر.

(يەشمىسى: بىلىم ئىگەللەڭ ئەي بېگىم، بىلىم ساڭا يولداش (ھەمرا) بولۇدۇ. بىلىم ئىگەللىگەن شۇ ئەرگە (ھامان بىر كۈن دۆلەت بار بولۇدۇ).)

بىلىگلىك ئەر بىلىگە،
تاش قۇر سانسا قاش بولۇر.
بىلىگسىزنىڭ يانىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

(يەشمىسى: بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە، تاش قىستۇرسا قاش (قاشتېشى، ئۈنچە - ياقۇت) قا ئايلىنىدۇ. بىلىمسىزنىڭ يېنىغا ئالتۇن قىستۇرسا، تاشقا ئايلىنىدۇ.)

«قۇتادغۇبىلىك» تە:

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغى تۇرۇر،
بىلىك لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

(يەشمىسى: بەگ ئاتى بىلىم بىرلە باغلىق تۇرۇر، بىلىم «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.)

1968 بودۇنۇغ بىلىك بىرلە باستى بەگى،
بىلىك بولماسا ئىشكە ياقماس ئۆگى.

(يەشمىسى: بىلىم بىرلە تۇتار ئېلىنى بېگى، بىلىم بولمىسا ئىشقا يەتمەس ئۆگى).

1971 بىلىكلىگ ئوقۇشلۇغ كەرەك بەگ ئەتىك،
ئانىن قىلسا ئۆترۈ ئىگىگە ئەتىك.

(يەشمىسى: ئەقىل ھەم بىلىم بەككە بەكمۇ كېرەك، داۋالار كېسەلنى شۇلار بىرلە بەگ.)

نەقىل قىلىنغان بېيىتلاردىن باشقا 1952 -، 1954 -، 1956 -، 1966 -، 1967 - - 1970 -، 1972 - بېيىتلاردىمۇ ئەنە شۇ پىكىر تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈلۈدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەسەردە مەركەزلىك ھالدا ئادەمگەرچىلىك، راستچىللىق، توغرىلىق، ساپلىق، مېھرى - مۇ - ھەببەت، ۋاپا، شەپقەت - مۇرۇۋۋەت، ئىنساپ، ئادالەت، ئىشەنچە، ساداقەت، خۇش پېئىللىق، شىرىن سۆزلۈك، مۇلايىملىق، ساخاۋەت، ئوچۇق كۆڭۈللۈك، مەرتلىك، خالىسانىلىق، ھۆرمەت - ئېھ - تىرام، تەدبىرلىك، ئاقىللىق، ھالاللىق، ئىزگۈلۈك قاتارلىق ياخشى خىسلەت ۋە پەزىلەتلەرنى غەيرى ئىنسانىلىق، يالغانچىلىق، ئەگرىلىك، نائىنساپلىق، بىۋاپالىق، ئادالەتسىزلىك، زۇ - لۇم، ئىشەنچسىزلىك، ساداقەتسىزلىك، ئەخلاقسىزلىق، قوپاللىق، ھۆرمەتسىزلىك، نادانلىق، جا -

هىللىق، هارامزادىلىك، هاكاۋۇرلۇق، مەنمەنلىك، خوشامەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك قاتارلىق سەلبى خۇسۇسىيەتلەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلىدۇ ۋە شۇ ياخشى خىسلەت، پەزىلەتلەردىن كېلىپ چىقىدىغان بەخت - سائادەت بىلەن سەلبى خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن سادىر بولۇدىغان هالاكەتلىك ئاقىۋەتلەرنى جانلىق مىساللار، ئىشەنچلىك پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ. روشەن سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق، ئاپتور نەزىرىدە هاسىل بولغان بۇ چىن ئىنسان ۋە ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك مۇقەددەس خۇسۇسىيەتلەر ئومۇم كىشىلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ۋاقىت ئېتىۋارى بىلەن ئېيتقاندا، دۇنيا بەدىئى ئەدەبىيات تارىخىدا گۇمانىزىم غايىسىنىڭ تۇنجى ساداسى بولۇپ هىساپلىنىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر بۇ ئەنئەنىۋى قاراشلارنى ئۆز ئەسىرىدە ئېپادىلىگەندە، قانداقتۇر بىر تەقۋادار زاهىتلىق نىزامى بويىچە ئەمەس، بەلكى مەۋجۇت رىئاللىقنى ئۆزگەرتىش تەلىۋىدىكى تەرەققىپەرۋەر ئوپتىمىست (گەرچە ئوتوپىك بولسىمۇ) سۈپىتىدە فېئوداللىق تۈزۈم ماهىيىتىدىن كېلىپ چىقىدىغان نۇقسان، ئىللەت ۋە كەمچىلىكلەرنى جۈرئەت بىلەن تەنقىت قىلىدۇ. مەلۇمكى، ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداليزىم شارائىتىدا ئادالەتسىزلىك، نىزا، خۇسۇمەت، پىتنە - پاسات، بۇزۇقلۇق، ئىشرەتپەرەستلىك، زىنا، مەرىپەتسىزلىك، كەيپى - ساپا، مۇغەمبەرلىك، خىيانەت، مەنپەئەتپەرەستلىك، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش هىساۋىغا بايلىق توپلاش، ئاممىنىڭ هوقۇقىنى ئاياق - ئاستى قىلىش، غېرىپ - غۇرۋالارنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تېگىش، قاباهەتلىك ۋە تاماگەرلىككە ئوخشاش فېئودال ئەزگۈچى سىنىپلارغا خاس كەيپىياتلار ئەۋجىگە كۆتىرىلگەن ئىدى. ئەنە شۇنداق نۇقسانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئارقىلىق، بىر پارلاق غايىۋى جەمئىيەت يارىتىشنى دىلىغا پۈككەن شائىر قان - تەرىنى سەرپ قىلىپ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن غايەت زور رىئال ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان «ئادالەتلىك شاه» غايىسىنى ئالغا سۈرۈدۇ. شائىرنىڭ چۈشەنچىسىدە مەملىكەتنىكى زۇلۇم ۋە زورلۇقنى، مۇهتاجلىق ۋە خورلۇقنى پەقەت بىلىم ۋە قانۇنغا تايانغان پادىشانىڭ ئادىل سىياسىتى بىلەنلا تەمىن ئېتىش مۇمكىن. فېئوداليزىمنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە يەنى فېئوداللار مەركەزلەشكەن هاكىمىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا گەرچە ئىدىئالىستىك ئۇسۇلدا بولسىمۇ، «ئادالەتلىك شاه» غايىسىنىڭ شۇ يوسۇندا يېتەكچى مەسىلە قىلىپ قويۇلۇشى ئىنتايىن مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا «قۇتادغۇ بىلىك»تە مېهنەت ئەهلى ئۈچۈن باش قاتۇرۇدىغان مېهرى - شەپقەتلىك، خەلقىنىڭ هوقۇقى ۋە مەنپەئەتلىرىنى هىمايە قىلغۇچى «ئادالەتلىك شاه» ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق دۆلەت هۆكۈمەدارلىرىنى يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان ۋە تېچ هايات كەچۈرۈشكە، ئىنساپ بىلەن ئادىل ئىش كۆرۈشكە چاقىرىش تېمىسى دەۋر ئېتىۋارى بىلەن ئالغاندا، ئەلۋەتتە ئىلغار غايە ئىدى. بۇ غايە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى تېما بولۇپ، يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۇنى تېخىمۇ تاكامۇللاشقان مۇئەييەن بىر ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر بەدىئى ئەدەبىيات زېمىنىدە يىلتىز تارتقۇزدى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەهمىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنىنى مۇهاكىمە قىلغاندا، شۇنىڭ ئۈچۈن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان ئەنئەنىۋى مەزمۇن بىرلىكىدىن چەتلەپ ئۆتەلمەيمىز.

مۇنداق ھالەتنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىگىدىن تاشقىرى، يەنە ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلىشى ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىكى خاسلىق ۋە ئورتاقلىق ئالامەتلىرىدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن.

«قۇتادغۇ بىلىك» كومپوزىتسىيە جەھەتتىن شەرق كىتاب تۈزۈش ئۇسۇلىغا ئاساسەن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئالدى بىلەن مۇندەرىجە شەكلىدە ھەرقايسى باپلارنىڭ نامى، ئۇنىڭدىن كېيىن قىسقا نەسرىي مۇقەددىمە بېرىلگەن. ئۇنىڭدا تەڭرىگە ھەمدۇ، يالاۋاچ (پەيغەمبەر) ۋە ساھابى چارىيارلارغا سانا ئېيتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىتابنىڭ قىممىتى، نام-تەرىپى، خانغا تارتۇق قىلىنىشى، مۇئەللىپنىڭ خان تەرىپىدىن خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانى بىلەن تەقدىرلىنىشى، تۆت سىمۋوللۇق قەھرىمانغا ئۇيغۇرچە نام بېرىلىشى، ئەسەردە باشتىن-ئاخىر ئەنە شۇ 4 قەھرىمان پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدا دىراماتىك تۈس ئالغان مۇنازىرە ۋە سوئال-جاۋابلار بولۇپ ئۆتۈشى شەكلىدە خەۋەر بېرىلىدۇ.

نەسرىي مۇقەددىمىدىن كېيىن، 77 بېيىتتىن تەركىب تاپقان شېئىرىي مۇقەددىمە بار. ئۇنىڭدىن كېيىن 82 باپ نامىنىڭ مۇندەرىجىسى بېرىلگەن. بۇ 82 پەسىل (باپ)نىڭ دەسلەپكى ئون بىرى ئەسەرنىڭ ئۆزىگە خاس كىرىش قىسمى سۈپىتىدە ھەمدۇ-سانا، تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە بۇغراخان مەدھىيىسى، يەتتە يۇلتۇز ۋە ئون ئىككى بۇرچ، تىلنىڭ پەزىلىتى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزرىسى، ياخشىلىق قىلماق خۇسۇسىدا ئۆگۈت ۋە نەسىھەت، بىلىم ۋە ئەقىلنىڭ پەزىلىتى ھەم پايدىسى، كىتابقا نام بېرىلىش ۋە نادانلىقتا ئۆتكۈنۈش بايانىدىن ئىبارەت. 12-پەسىل (باپ)تىن باشلاپ 79-بابقىچە بىۋاستە ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئاساسىي سيۇژىتى ئەنە شۇ ۋەقەلەر بايانىدا قانات يايىدۇ. ھۆكۈمدار كۈن تۇغدىنىڭ ئىلىمگە، مەرىپەتكە مۇھەببىتى، ئالىم ۋە فازىل ئادەملەرنى توپلاپ ئۇلارغا ھامىيلىق قىلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ۋەزىر ئايتولدىنىڭ شاھ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە سارايدا قوبۇل قىلىنغانلىقى، ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ھاياتى تۈگەللەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئۆگدۈلمىش مەيدانغا چىققانلىقى قاتارلىق كونكرېت ۋەقەلەر بىلەن سيۇژىت قانات يايىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر داۋامىدا مەلۇم سيۇژىت بولمىسىمۇ، لېكىن تۆت قەھرىماننىڭ مۇنازىرىسى ئاساسىدا تۈرلۈك زور مەسىلەلەر بىر بىرىگە باغلاپ بايان قىلىنىدۇ. ھەر بىر باپتا مەلۇم بىر مەسىلە بايان قىلىنىپ، ئاخىرىدا شۇ باپنىڭ بايانى سۈپىتىدە بىر بېيىت كەلتۈرۈلىدۇ. ئاخىرقى (ئۈچ) بابىدا ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش لازىملىقى ۋە مەنىلىك ياشاش ھەققىدە ئاجايىپ ھېكمەتلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىنىڭ كومپوزىتسىيىسىنى يۈكسەك ماھارەت بىلەن تۈزگەن، ئۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان تۈپ غايىنى 4 قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى بىلەن زىچ باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. كۈن بىلەن ئاينىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتتىكى ئورنى ۋە رولى ئەسەردە كۈنتۇغدى ۋە ئايتولدى ناملىرى بىلەن تەققاسلىنىپ، مەزمۇن تەسۋىرىدە ئورگانىك بىرلىك ھاسىل قىلىنغان، ئىسلامىيەت قوبۇلدىن كېيىن، قەدىمقى ساپ ئۇيغۇرچە نام-ئىسىملارنىڭ ئەرەپچىلىشىش دولقۇنى كۆتۈر-

لىۋاتقان بۇ دەۋردە شەرقتىكى تۇنجى مۇسۇلمان پادىشالىغى ــ قاراخانىلارنىڭ خاس ھاجىپى ۋە ئۆلىماسى بولغان بىر زاتنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىگە ئايلانغان ساپ ئۇيغۇرچە نام - ئىسىملارنى «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئاساسىي پېرسوناژلارغا تارتۇق قىلىشى بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە بەلگىلىك ئەجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئەلۋەتتە دىققەت - ئېتىبار قوزغاشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى. كېيىنكى ئىككى قەھرىمان ئوبرازىغا كەلسەك، ئۆگدۈلمىش ئەسەردە ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى. ئۇنىڭدىكى ئۆگر (ög) سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئەقىل - پاراسەت مەنىلىرىدە بولۇپ، شائىر بۇ تۈپ سۆزنىڭ مەنىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاللىگورىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇ قەھرىمانغا خاس خاراكتېرىستىكا بەرگەن. ئودغۇرمىش قانائەت ياكى ئاقىۋەت سىمۋولى بولۇپ، ئود (od) سۆزى ئويغاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شائىر بۇ نامدىن پايدىلىنىپ، رىئاللىقتىن قول ئۈزگەن، لېكىن دائىم ئويغاق تۇرۇدىغان مۇرەككەپ پەلسەپىۋىي پىكىرگە ئىگە بىر زاھىت دانىشمەنىنىڭ خاراكتېرىنى سىزىپ بېرىدۇ.

بۇ 4 قەھرىمان ئوبرازىنىڭ نام - تەرتىپى ئۇلارنىڭ ئەسەردە بېرىلگەن خاراكتېرىستىكىسى ۋە پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مەنتىقىلىق باغلىنىش «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي غايىسىگە بويسۇندۇرۇلغان. ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنىڭ پۇختىلىغى ۋە ئارگىناللىغى مەنتىقىلىق ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلگەن.

ئەسەرنىڭ بەدىئىي تۈزۈلىشى توغرىسىدا گەپ ئاچقاندا، شۇ نەرسە خاراكتېرلىقكى، شائىر بۇ ئەسىرىدە ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئەدەبىياتنىڭ شەكىل تۈزۈلىشى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرى، ئۇسلۇب ۋە تىل ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى جەھەتتىكى ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا مەجازى ۋاستىلاردىن ئوخشىتىش، سىمۋول، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، مېتافورا، مېتونىمىيە، ئەپپىتېت قاتارلىقلارنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ئۆلگىلىرى ئۇچرايدۇ. بۇ پىكىرنى دەلىللەش ئۈچۈن، 63 -، 64 -، 65 -، 66 -، 67 -، 68 -، 69 -، 70 -، 71 -، 72 -، 73 -، 74 -، 75 -، 76 -، 77 -، 78 -، 79 -، 80 -، 81 -، 82 -، 83 -، 84 -، 85 - ھەمدە 4959 - بېيىتتىن 4967 - بېيىتكىچە بولغان بېيىتلارنى نۇقتىلىق كۆزدىن كەچۈرسەك كۇپايە قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ داستاندا ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىدۇ. ئۇ ھەرقايسى ساھە بويىچە پىكىر يۈرگۈزگەندە شۇ ساھەنىڭ يېتىلگەن دانالىرىنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرق كلاسسىك پوئېزىيىسىگە خاس بولغان ئىرسالولمەسەل (سۆزلەرنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئىتىدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. ئەسەردىكى 180 دىن ئارتۇق رۇبائىلارمۇ ئەنە شۇ ئىرسالولمەسەل ئۇسۇلى بىلەن كۈچەيتىلىپ، ھېكمەت دۇردانىلىرى بىلەن تولغان زوقلىنارلىق گۈزەل شېئىرىيەت باغچىسىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنداق قىلىپ ئەسەردە رۇبائىي، قەسىدە، مەسنىۋىي، تەجنىس، تۇيۇق قاتارلىق ئۇيغۇر كلاسسىك پوئېزىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋىي تۈر، ژانىرلىرى تولۇق جارىي قىلدۇرۇلغان. بۇ تۈر ۋە ژانىرلار ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئېپىك تۈر ئۈچۈن قوبۇل قىلىنغان ئەڭ ئاھاڭدار ۋەزنى جۈملىدىن، شەرق نەزمى ئارۇزىدا «جەڭگىۋار ئۆلچەم» دەپ ئاتالغان مۇتاقارىپ بەھرىدە يېزىلغان. تېخىمۇ كونكرېت ئېيتقاندا، ئەسەرنىڭ 71 - ۋە 72 - باپلىرى (پەسىللىرى)

كىتاپ ئاخىرىدىكى خاتىمە سۈپىتىدە بېرىلگەن ئىككى قەسىدە مۇتاقارىپ مۇسەممەنى سالىم بىلەن ئۇنىڭدىن قالغان ھەممە قىسىملىرى مۇتاقارىپى مۇسەممەنى مەھزۇن ۋە مۇتاقارىپى مۇسەممەنى مەقسۇر ۋەزنى بىلەن يېزىلغان. لېكىن ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرىلىرى شائىر قەلىمى ئاستىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس فونىتىك قائىدىلىرىگە بويسۇندۇرۇلغان. شۇنداق قىلىپ، شائىر شېئىرىي ۋەزىن جەھەتتىنمۇ بۇ داستاندا زور مۇۋەپپەقىيەت نەمۇنىسىنى نامايىش قىلغان. يۇقۇرقى پىكىرلىرىمىزدىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىش مۇمكىنكى، «قۇتادغۇ بىلىك» يېڭىدىن ئايىغى چىقىپ، تاياتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى»①، شەرق خەلقلىرى جەمىلىدىن، ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسى بىلەن بەدىئىي ئىستېتىك ئەنئەنىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئارگىنالىلىقا ئىگە بولغان راۋاجى. ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن تولۇق بەدىئىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر داستانچىلىقىنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە «ھەم تارىخ، ھەم پەلسەپە، ھەم ‹سىياسەتنامە› ياكى ھەم دۆلەتشۇناسلىق، ھەم ئىجتىمائىي تەلىم-تەربىيە ۋە ئۇزاق ئۆتمۈش ھايات بىلەن قاراخانىلار دەۋرىدىكى رېئال ھاياتنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن سىستېمىلىق بىر ئىلمىي ئەسەر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، شەرق مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىنى، بولۇپمۇ قاراخانىلار سەلتەنىتى تارىخى بىلەن ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى تارىخىنى، قەدىمقى ئەجدادلارنىڭ پەلسەپە، ھوقۇق (قانۇن)، ئېتىكا (ئەخلاق)، تەلىم-تەربىيە، دىنىي ئېتىقات، دۇنيا قاراش، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.»②

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، مۇقەددىمە 15 -، 16 - بەتكە قاراڭ.
② «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، مۇقەددىمە 16 - بەت.

(بېشى 160 - بەتتە)

ئوتتۇرا شەرق ۋە بالقان يېرىم ئارىلى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ قەلەي ۋە مىستىن ياسالغان. گەرچە بۇ پارقازىنى قەلەي ۋە مىستىن ياسالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى يېرىدە تۆشۈك بار. بۇ تۆشۈكلەرنى بىر ئامېرىكىلىقنىڭ ياردىمىگە تاياناماستىن پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ، كەندىر كېپىنگى، دورىلانغان پاختا ۋە دىۋىرقاي كەپلەپ ئېتىۋەتتۇق. بۇ تۆشۈكلەردىن ئېقىپ چۈشىدىغان سۇ ناھايىتى ئاز بولغانلىقتىن، ئوچاقتىكى ئوتنى ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئەگەر تەلتۆكۈس ۋودوپورۋوت شىركىتى سۇنى توختىتىۋەتمىگەن بولسا، ھازىر كۆپچىلىككە پارقازىنىنىڭ قايناش ئەھۋالىنى كۆرسەتكەن بولاتتۇق.

بۇ پارقازانىنى كاباكچە مۇستاپا تۆپىلىكى مەزگىلىدە ئىسپىرىيە قوشۇنلىرى① يۆتكەپ كەتكەن. كېيىن ۋەزىر كىلىكاياك. خېلىل پاشا قەسرىگە ئېلىپ بېرىلىپ، نۇرغۇن يىللارغىچە سۈرىمەلەك② قازىنى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. كېيىن پاراخوت قازىنى ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلگەن بۇ پارقازىنىنىڭ ئەسلىدە توققۇز قۇلىقى بولۇپ، بىز ئۇنىڭغا يەنە بىر قولاق بېكىتتۇق ھەمدە بۇ قازاننى زاۋۇتقا ئەكىرىپ قۇراشتۇردۇق. بۇ پارقازىنى...

A: ئاكا، بۇ پارقازىنىنىڭ گېپىنى زادىلا تۈگۈتمىدىڭىز، مەن كەتتىم...

B: مەنمۇ كېتىمەن. ئەتە ھېلىقى مۇراسىمدا كۆرۈشەيلى!

— بولىدۇ، خەير!

— خەير!

— بۇ پارقازىنى...

ئىزىز نېسىننىڭ «مەن قانداق ئاۋاۋاللاقچى بولدۇم» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن: دىلدار تەرجىمىسى.

① خىرىستىيان ئاياللىرىدىن تۈزۈلگەن قوشۇن.
② تاماقنىڭ نامى.

AltunOq



# ئېھ، توپىلىق يول

(ھىكايە)

زوردۇن سابىر

قۇشقاچ قوندى زاغىزاققا،
توغاي قوندى ياڭاققا.
يارنى سۆيسەڭ مەھكەم سۆي،
ئورناپ كەتسۇن تامغاققا.

(دولان خەلق قوشىقى)

1

گۈلئايشەم قىممىتى بار ھەممىلا نەرسى-
نى — ياشلىقنى، ھۆسنىنى، ئار-نومۇسنى...
پۇلغا تېگىشىشكە رازى بولدى. بۇ ئىش
ئۇنىڭ غېمىنى يىگۈچىلەرنىڭ غەزىۋىنى، نا-
رازىلىقىنى قوزغىغىنى بىلەن، ھاممىسىنىڭ
خۇشاللىقىنى، غۇرۇرىنى ئاشۇردى. ھاممىسى
ئېقىۋاتقان ناندەك سالپىيىپ تۇرۇۋاتقان ئىك-
كى مەڭزىگە تېپىپ چىققان خۇشاللىقنى نا-
مايەن قىلىش ئۈچۈن، ئۆيمۇ-ئۆي قاتىرىدى ۋە
خىرىلداق ئاۋازى بىلەن باشقىلارنى ئەيىپ-
لەپ، ئۆزىنى ماختاپ مۇنۇ گەپلەرنى تەكرار-
لىدى:

— ئۆزىدىن يىگىرمە ئىككى ياش چوڭ
بولغىنى بىلەن، نارىسىدە بالىدەك گول، يى-
تىمدەك يۇۋاش، مالايدەك تىنىمسىز ئادەم
ئۇ. مۇنداق ئەرگە چۈشۈۋالغان خوتۇنغا مۇ-
ھەببەتنىڭ لازىمى نىمە؟ ياشلار بەخت،
بەخت دېيىشىدىكەن، چىرايلىق گەپ، سېغىنىش،
كۆيۈشۈش... بەختمىش. بەخت — پۇل! ئاڭ-
لىمىغانلار ئاڭلاپ قويسۇن، مەن گۈلئايشەمگە
يىگەن-ئىچكەندەك، سوقا سەندەلدەك، تۇر-
غۇزۇپ قويسا تىكلىمە تاغاردەك، يېتىلسە ئۆ-
كۈزدەك، يىسە مىۋىسى تۈگىمەس دەرەختەك ئەر
تاپتىم. يەتمىش مىڭ كوي پۇلى بار، تە-

رەپ-تەرەپكە يولى بار، خام تاسمىدەك قولى بار، ئككى قىز، توۆت ئوغلى بار، ئككى قوتان قويى بار، ياغاچ-ئورمان بېغى بار، نەچچە يۈز مو يېرى بار، يۈزى تۇتۇق، قولى ئوچۇق، تويغىسۇ يالىڭاياق باردىغان، يىغىنلارغا زاغرا تۆگۆپ ماڭىدىغان گول ئەرگە تەككەن ئايال بەختسىز بولادىكەن؟ بىلىپ قويۇڭلار، گۈلئايشەمنىڭ بەختى ئېچىلدى.

ئاچچىق كاساڭ قورايىنىڭمۇ چىرايلىق گۈلى بولۇدۇ. ۋات-ۋات ئايالنىڭمۇ چىرايلىق تەسەللىسى بار ئىكەن:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دىدى ئۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىدا سىڭايان تۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ياشلىغى ۋە گۈزەللىگى بىلەن خوشلىشىۋاتقان مىسكىن چىراي گۈلئايشەمنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — ياشلىق ئۆلمەيدۇ، مۇھەببەت قېرىمايدۇ. قېرىغا تەككەنگە كۆل بولۇپ توزىيدىغان ئىش بولسا، مەن توزىماسمىدىم. قېرى ئۆلدى، دۆلتى قالدى، بەخت تاپتىم. كۆڭۈل بىلەن بەختلىك بولۇدىغان بولسا، مەن ئون يەتتە قېتىم بەختلىك بولاردىم. نەدىكىنى؟ دىلىمغا ئون يەتتە قاداق چۈشتى. سېنىڭ بۇ بوۋىيىڭنى خەقلەر روزەك بەز دەيدىكەن. ئۇ بەز بولسا، سەن مۇشۇك بول، قىزىم. ئاغزىدىن كىرىپ، بۇرنىدىن چىق. بىر يىلغىچە ئۆلسە، ھىچبولمىسا بانكىدىكى يەتمىش مىڭ كوينىڭ يېرىمى سېنىڭ، ئۆلمىسىچۇ؟ ئون مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرنىلا ئېلىۋالساڭ بولدى، قالغان بەختىڭگە مەن كېپىل!

مەڭزى سالپاڭ، ئاغزى كەمشۈك ۋات-ۋات موماي تاڭسىق گەپلىرى بىلەن گۈلئايشەمنىڭ چىرايىغا خورلۇق ئورنىغا خوشلۇق ئېلىپ كەلدى. ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ھالقىغان قىران جۇۋان ئەمدى بوۋايغا ئايال بولۇدىغانلىغىنى تامامەن ئۇنتۇتتى-دە، بولغۇسى دۆلەت يەنى پۇل، خوجايىن بولۇش ئارزۇسى ئۇنى مەس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، شۇ مەسلىگىنىڭ كۈچى بىلەن بۆگۈن دىدارلىشىدىغان لايىغىنىڭ كۆڭۈل تۆرىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن گۈزەل چىرايى ۋە ئەۋرىشىم سۇمباتىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى ...

ئۇ، پەدەزدىن كېيىن ھاممىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى:

— بوپتىمەنمۇ، ھامما؟

— گۈلدەك ئېچىلىپسەن، قىزىم. جەننەتنىڭ ھۆرلىرى بىكار قالسۇن ئالدىڭدا. مەن روزەك بەزگە خەۋەر قىلاي، بۆگۈنلا جاڭزا ئېلىڭلار!

ھاممىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلئايشەمنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلدى. مۇشۇ ھۆسنى بىلەن كۆرۈمسىز، بىلىمسىز، ئەڭ يامىنى مۇھەببەتسىز، ئالتە بالا ۋە كېلىن-نەۋرىسى بار قوپال دىخانغا ئايال بولۇدۇ. ئۇنىڭ پۇل ۋە دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن ئار-نومۇسى، ۋىجدانىنىمۇ ساتىدۇ. ئۇ نىمىلا بولمىسۇن، يەتتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن، خېلى جىق رومانلارنى ئوقۇغان، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان تونۇش-بىلىش، دوستلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەن، بىرىنچى ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي خورلۇق تارتقىنى ئۈچۈن، ئۆزىگە ئىش-پەش تارتقان نۇرغۇن يىگىتلەرگە قاپاق ئاچمىغان، سەۋرى-تاقەت ۋە يوقسۇزچىلىقتا كۆنگەن ئايال تۇرۇپ، يەنە نىمىشقا پۇلغا ئۆزىنى ئاتتى؟ ھاممىسى ئازدۇردىمۇ؟ ھىلىھەم بولسىمۇ، يېنىۋالسا بولۇدىغۇ؟ شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قولىغا نۇرغۇن پۇل تۇتقان نادان دىخان كەلدى-

دە، تىزىق - تىزدىق پۇل ئۇنى يەنە قىزدىقتۇردى:
«يەتمىش - سەكسەن مىڭ كوي نەق پۇلى
بارمىش، يەنە ئۇلار يالىڭاياق يۈرەرمىش،
تامغى زاغرا بىلەن قېتىقمىش. پۇل تېپىش-
نى بىلەرمىش، خەجلەشنى ئۇقماسمىش. مې-
نىڭ ۋەزىپەم پۇل خەجلەش. پاھ، بۇنداق
ئاسان ئىشقا كىم يۈگۈرمەسۇن». ئۇ شۇلارنى
ئويلىدى - دە، بۇ قېتىم ئالدىنقى نىكاسىنىڭ
تەتۈرىسىنى قىلماقچى بولدى. ئۇ قېتىم كۆڭ-
لى، ۋىجدانى ئۇنى باشقۇرغان، لېكىن ئۇ
خورلانغان، بۇگۈنچۇ؟ كۆڭلى، ۋىجدانى ئۇنى
ئەيىپلىمەكتە، لېكىن ئۇ، بۇ قېتىم ئۆزىنى نىملا
بولمىسۇن، تەۋەككۈل قىلىپ نەپسىگە تاپشۇ-
رۇدۇ...

هويلا ئىشىگى غىچىرلىدى. گۈلئايشەمە-
نىڭ يۈرىگى جىغىلدىدى. ئۇ نىملا بولمى-
سۇن تويى بولۇدىغان ئايال - دە، ئۇ هاياجان-
لاندى، تەمتىرىدى. ئۆيىنىڭ زەدىۋاللىرىنى
تۈزەشتۈردى، سۇپىغا تاۋار يەكەنداز سالدى
ۋە يۈزىنى ئالقىنى بىلەن سىپىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ئۆيگە شىپىلداپ بىر ئەر كىشى كى-
رىپ كەلدى ۋە تاپىسدىلا زوڭزايدى. گۈل-
ئايشەمنىڭ تېنى شۈركەندى. ئۇ كىرگۈچىگە
قارىدى. ئايالنىڭ كۆزىگە ئەڭ ئاۋال دىخان-
نىڭ كىرلەشكەن شاپاق دوپپىسى، تەردىن
قېتىشقان ئاق يەكتىگىنىڭ سىرتىدىن باغلى-
غان يېشىل تاۋار بەلۋېغى، قولتىغىغا قىسى-
تۇرۇۋالغان بىر جۈپ كونا كالاچ چۈشتى.
گۈلئايشەم ئىختىيارسىز هالدا:

— سىلى، سىلى هاممامنى ئىزلەپ كەل-
لىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوغسۇ، — دىدى دىخان يېرىم قوز-
غىلىپ بىر ئالقىنىدا چاڭ باسقان گەدىنىنى
سىلاپ قويۇپ، — گۈلئايشەم دىگەن چوكان
بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم! — ئۇ ساپ - سېرىق
شالاڭ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ هىجايدى. گۈل-
ئايشەم ئۆزى پەرەز قىلغىنىدىن نەچچە
هەسسە كۆرۈمسىز ئادەمنى كۆرۈپ ئىختىيار-
سىز كەينىگە داجىدى، مانا مۇشۇ ئادەم ئەمە-
دى ئۇنىڭ ئېرى بولۇدۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئال-
دىنقى ئېرىنىڭ دەسسەشلىرى، خورلاشلىرىدىن-
مۇ بەتتەر ئىش. لېكىن، مۇشۇ كۆرۈمسىز
گەۋدە ئۇنى بەختلىك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ
پۇلدار. گۈلئايشەم ئۆزىنى نەپسىگە تاپشۇرغان
ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ ئادەمگە ئوچۇق - چىراي،
خۇش مۇئامىلدە بولۇشى كېرەك.

— سۇپىغا چىقسىلا، يەكەندازغا!...
مەن گۈلئايشەم...

دىخان ئەندىكەندەك قىلىپ گۈلئاي-
شەمگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يان-
غاندەك، لەۋلىرى تىترىگەندەك بولدى - دە،
ئايالغا تىكىلىپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ چاغدا
ئۇنىڭ قولتىغىدىن كالىچى چۈشۈپ كەتتى.
گۈلئايشەم تۇيۇقسىزلا خۇددى تۇغۇپ بولغان
مىكىياندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— خېنىم، بالىكەنلا، بەك چىرايلىقكەنلا،
بىزدەك دىخانغا ئاش بولالامۇ؟ — گۈل-
ئايشەمنىڭ كۈلكىسى تۈگىگەندىن كېيىن، رو-
زەك بەز ئايالدىن سورىدى:

— خەق سىلىنى بەز دەيدىكەن، ماڭى-
مۇ بەزلىك قىلالامۇ؟

— توپىدىن پۇل تاپىدىغان خەق بەز
بولمىسا، بېيىمايدۇ، خېنىم!

— سىقىپ سىقىمىدىن چىتقىنىنى يالا
دىسىلە، سىلىگە ئاش بولمايمەن، هەممە گەپ-
نى هاممام ئېيتقاندۇر، هاممامنىڭ دىگىنىگە
كۆنسىلە، مەنمۇ سىلىنى قېرى كۆرمەيمەن!...

— كۆنگەچكە ئالدىلىرىدا يۈكۈنۈپ ئول-
تۇرغاندىمەن، خېنىم!

گۈلئايشەم روزەك بەزنىڭ يالىڭاياق،
تۆگە تاپىنىدەك پۇتلىرىغا، چاڭ باسقان يۈگ-

لۇق مەيدىسىگە، كىچىك، ئورۇق يۈزىگە ياراشمىغان كەكە ساقىلى بىلەن ئىنچىكە بۇرۇتىغا، تەر تەپچىرەپ تۇرغان قىڭراقتەك بۇرنىغا، ئورا كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى، بۇرنىدىن باشقا بۇ گەۋدىدە گۈلئايشەمگە ياقىدەك ھېچنىمە تېپىلمىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە:

— تويىنى چوڭ قىلالا؟ — دېدى.

— جۇۋان تويى بولغاندىكىن چېغىدا بولا!

— مەن ئېتىزدا ئىشلىيەلمەسەمچۇ؟

— ئالتە بالىغا ئانا بولۇپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ بېرەلا!

— زېرىكسەمچۇ؟

— زېرىكسىلە ئىش قىلالا.

— قانداق ئىش؟

— كالا ساغىلا، سۈت پىشۇرىلا، يۇڭ تىتىلا، شوينا ئېشىلا، ياماق يامايلا، تۇخۇم يىغىلا، ئوتياش ئوتايلا، ئوغۇت يىغىلا، ۋاي-ۋوي، چىدىسىلا مىلڭ خىل ئىش بار.

— ۋاي ئانام، ئاۋالقى ئايالىرىنى ئىشلىتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشىمادىلا؟

— بالىلىرىغا قىسىنىپ ئاچ يۈرۈپ كېسەل تاپتى. ھازىر بولغان بولسا، ئۆلمەيتتى.

— ئۆلگىلى نەچچە يىل بولدى؟

— سەككىز يىل ئىككى ئاي.

— بالىلار ئۆگەيلىسە قانداق قىلىمەن؟

— بالىلار كالىنى ئانا دېگۈدەك بولدى، ئۆگەيلەمدۇ؟ ماڭا ئايال بولمىسىمۇ بولۇۋېرەتتى، بالىلارغا ئانا بولمىسا بولمايدىكەن.

— بالىلارنى باشقۇرامدىمەن؟

— شۇنداق.

— پۇلنىچۇ؟

— بانكا باشقۇرۇدۇ.

— چەكنىچۇ؟

— ساندۇق.

— ئاچقۇچنى كىم تۇتۇدۇ، ئانىمۇ، ئاتىمۇ، بالىمۇ؟

— كېيىن بىلىلا.

— دېمىسىلە جاڭزا ئالغىلى بارمايمەن.

— ئانداق بولسا، يېپىق قازان دۈملەگىلىك پېتى قالسۇن!

روزى بەز ئورنىدىن تۇردى. گۈلئايشەم چۆچۈپ ئالدىنى توردى.

— چاقچاق، چاقچاق قىلغانىمۇ بىلمەملا؟

ئەتىسى ئۇلارنىڭ نىكاسى بولدى. ئۇلار ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ، پىيادە يولغا چىقتى. گۈگۈم بازىرىدا روزى بەز گۈلئايشەمنى بەش موچەنلىك لەغمەن بىلەن مېھمان قىلدى. گۈلئايشەم خاپا بولۇپ قالدى. ئۇلار يولغا چىققاندا گۈلئايشەم ئوشۇغىمچە تويىغا پاتتى. ئۇ پۈتىنى قېقىپ نارازى بولۇپ:

— گۈلدەك جۇۋاننى ئەللىك كوي خەجلەپ ئېلىۋالىلا، يەنە گەپ قىلمىسام پىيادە ئېلىپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ — دېدى.

— ھارۋا كىرا قىلاي دېسەم نومۇس قىلىدىكەنمەن، خېنىم. توپىدىن قورقمىسىلا، يالىڭاياق ماڭسىلا، مانا ماڭا ئوخشاش! — ئۇ توپا ئىچىدىكى پۈتىنى كۆرسەتتى.

«خورلۇق! — دەپ ئويلىدى گۈلئايشەم توپىلىق يولدا ئىگىز پاشنىلىق توفلى بىلەن قىينىلىپ كېتىۋېتىپ، — سەۋرى قىلاي، ئۇ مىڭ كويلۇق چەكتىن بىرسىلا قولۇمغا چۈشسە، سېنىڭ ئۆيۈڭدە باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايمەن...»

## 2

تۈن، تىنجىق ئۆي. ئۇن ئىككى پارچە ئېكىمەت سېلىنغان سۇپىدا سامان تەكى، چىت كۆرپىلەر ئۈستىدە گۈلئايشەم يالغۇز ياتاتتى. ئۇنىڭ

ئۈيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرى تۆشلۈككە قادالغان. كىچىككىنە تۆشلۈكتىن بەش تال يۇلتۇز كۆرۈندى. قاراڭغۇ باغدىن كاككۇك ئاۋازى، يېقىنلا يەرلەردىن قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئىتلارنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلانماقتا. يوغان ئۆينىڭ تۆت تېمى ۋە كىرلەشكەن زەدىۋاللىرى شام يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقا، ئۆيمۇ خۇددى تالادەك قورقۇنچلۇق: «ھەممىلا نىمىسى كۆڭلىدەك قارا، — دىدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، — بىرىنچى توي ئاخشىمى ياش ئايالنى گۈندىخانىسىغا يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، چىشقاق قوزا ئۈچۈن پۈتۈن بالا ـ ۋاقىسى بىلەن چۆلگە چىقىپ كەتكەن ئادەمدىن نىمىمۇ ئۈندۈرۈپ ئالارمەن. ھەي بەختسىزلىك! بۇ ئەرنىڭ مۇنۇ يالغۇز كۆزلىگىدىن تاپقان راھەت ـ پاراغىتىدىن، ئەزىمەتنىڭ تاياق ـ دۇمباسى مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ كېتىش كېرەك، تېزرەك قېچىش كېرەك...»

لېكىن ئۇنىڭ كۆزى كات ئۈستىدىكى تېرىلەر ئاستىدا توپا بېسىپ ياتقان قارا ساندۇقتا چۈشۈش بىلەن يۈرىگى ئويناپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بۈگۈن كۆرگەنلىرى: روزەك بەزنىڭ بۈك دەرەخلەر ئارىسىدىكى ئىككى قورا جايى، چېتىگە كۆز يەتمەس ئورمانلىرى، قويلىرى، كەڭ ئېتىزلىرىدىكى كېۋەز، بۇغداي، قوغۇن ـ ئوتياشلىرى، توخۇ ـ تۇمان، يۈك ـ تېرە، ياغاچ ـ تاش؛ كىر كىيىملەرنى كىيىشىپ ئەمگەكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ساددە بالىلىرى، يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان بوستان چاچ كېلىنى، خۇما كۆز، قوشۇما قاش، مىسكىن كۆيلەرگە نەي چالىدىغان قويچىسى... بىرمۇ ـ بىر كەلدى. ئاشۇ كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئاۋۇ توپا بېسىپ ياتقان ساندۇقنى پۇلغا تولدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقانلار. مانا شۇ بايلىققا خوجايىن بولۇشنى خالىماي، قېچىش ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟ لېكىن ھېلىقى يىرگىنچىلىك بوۋاي ھازىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. بۇ خورلۇقتا ئۇنىڭ يۈرىگى چىدارمۇ؟ «ئىلاھىم، ھېلىقى قوزىسى بىلەن ئۆزىمۇ يوقالسىدى، مەن ئۇنىڭسىز خوجايىن بولسام قانداق ياخشى ـ ھە؟!»

تۆشلۈكتىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلارنى بىر پارچە كۆلرەڭ بۇلۇت كېلىپ توسۇۋالدى. بۇلۇت بىردىنلا شەكىل ئۆزگەرتىپ ئادەم سۈرىتىگە ئوخشاپ قالدى. بۇ ئادەم ئورۇق، يىرگىنچلىك روزەك بەزنىڭ ئەينەن ئۆزى. گۈلئايشەمنىڭ بويىي شۈركەندى ـ دە، تەۋۋەندىكى مەنزىرە خىيالىدىن چاقماقتەك ئۆتتى: ئۇزۇن خەسە كوينەك ـ تامبال كىيگەن ئادەم شامنى پۈۋەپ ئۆچەردى ـ دە، گۈلئايشەم ياتقان يەرگە كەلدى، ئۇ گۈلئايشەمنىڭ يېنىغا قىيشايدى، گۈلئايشەمنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئەرنىڭ يىرىك قولى ئۇنىڭ بىلىگىگە تەككەندە گۈلئايشەم ئىختىيارسىز: «ئەزىمەت!» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. روزەك بەز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شامنى ياندۇردى ۋە زورىغا كۈلۈمسىرەپ:

— قورقتىپ قويدۇمما؟ — دىدى.

گۈلئايشەم شۈمشىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ تامدەك ئاتىرىپ ئۇنىڭغا يېلىندى.

— ماڭا يېقىن كەلمىسىلە، ئۆتۈنەي!

ھويلا ئىشىگى قېقىلدى، روزەك چىقىپ كىردى ـ دە، گۈلئايشەمگە قاراپ كۈلۈپ:

— ھېلى كېلىمەن، بىر قوزا كەلمەپتۇ، تېپىپ كېلىلى! گۈلئايشەم تۆشلۈككە قارىدى. ئادەم سۈرەتلىك بۇلۇت يوق، يۇلتۇزلار كۈلمەكتە: «بىرسىنىڭ ئايالى بولۇمەنۇ، يىرگىنىمەن. يەنە بىرسىنىڭ ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىمەنۇ، سېغىنىمەن! ئەزىمەت، سەن مېنىڭ ھاياتىمدا راستلا ئۆچمەس يۇلتۇزمۇسەن ـ ھە؟» گۈلئايشەم شۇنداق ئويلىدى. ئەمدى

ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ ھەم شېرىن، ھەم ئاچچىق، ياشلىق - گۈزەللىك خاتىرىلىرى كىنو لېنتىسىدەك بىرمۇ - بىر ئالدىدىن ئۆتتى...

بۇدرۇق پاخلاندەك شوخ، بوۋاقتەك غەمسىز، سۆزلۈك كورلا نەشپۈتىدەك چۈرۈك، ئەتراپتىكى ھەممىلا نىمە گۈزەل ۋە قىزىقارلىق بىلىنىدىغان 16 ياشقا تولغان چېغىدا ئۇنى تۇنجى مۇھەببەت مەس قىلدى، ھاياتىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ نەسىھەت ۋە تەھدىت قىلغان ئاتا - ئانىسىنى، ئىستىقبال ۋە بەخت ۋەدە قىلغان مەكتىۋىنى چۆرۈۋېتىپ تىراكتورچى يىگىت بىلەن قاچتى. يىگىتنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۈدرە چاچلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىدىن گۈزەل، قىممەتلىك؛ بىلىنمەس يىگىتنىڭ قوپال چاقچاق، بىھايا ناخشىلىرى ئۇنىڭغا مەكتەپ قوغۇنىدەك لەززەتلىك بىلىنىدى. ئۇ مۇرادىغا يەتتى. تويدىن كېيىن، بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان - كۆرپە بىلەن ئۆي تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى بەخت ئىگىسى، غالىپ - ئۈستۈن ھېساپلىدى. چىرايلىق ئەر — ئۇنىڭ ھاياتى، ئائىلە — ئۇنىڭ بەختى بولۇپ تۇيۇلدى. ئۇ ئەر ئۈچۈن ھەممىدىن كېچىشكە، ئائىلە ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا رازى بولدى: تويىغا مىلىنىپ ئېتىزدا ئىشلىدى، قىغ - كۆكۈمىغا سۆركىلىپ قوي بودىدى. باشقىلار: «تۆت بولۇڭ، بىر كۆلۈڭ» دەپ كۆزگە ئىلمىغان ئۆيىگە گىلەم سالدى، رادىيو ئالدى. ئېرىنىڭ مېھمانلىرى ئۈچۈن ئوتتا كاۋاپ، ھالى خاراپ بولسىمۇ، زارلانماستىن خۇش بولدى. ئېرى تىراكتورنى تاشلاپ، سۇ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدىگەن يىلى گۈلئايشەم ئوغۇل تۇغدى. بۇدرۇق ئوغلى گۈلئايشەمنىڭ ھاياتىغا تېخىمۇ چوڭ قەدىر - قىممەت تەقدىم قىلدى. ئۇ ئەمدى باياشات، غەمسىز ياشاپ، باللىرىنى قاتارغا قوشۇشقا چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشەندى...

لېكىن، ھايات توختام سىز ئەمەسكەن، يالغانچى كۈنلەر، ئالدامچى يىللارمۇ بولىدىكەن، ھەتتا تۇيۇقسىز مۆلدۈر يېغىپ، بوران چىققاندەك، بالايى - ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدىكەن. بىر كۈنى دوستلىرىدىن ئېرىنىڭ بىر قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەتكىنىنى ئاڭلىدى. ئېرى كەلگەندە سۈرۈشتۈرگىنى ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئېرىدىن تۇنجى قېتىم قاتتىق تاياق يېدى. گۈلئايشەم يەنە گۇنانى ئۆزىگە قويدى: «بالا، ئۆي بىلەن بولۇپ كېتىپ ئەرنى رازى قىلالمىدىم، ئۆزەمنى تاشلىۋەتتىم. ئەزىمەتنىڭ مەندىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن يەرلىرى بار بولغاچقا تالاغا قارىغان» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئەمدى كۆپرەك جاپا تارتسىمۇ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولدى، ئۇ ئۆزىنى ياساشقا، ئېرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇش، ئويۇنلارغا بېرىشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ تېخىمۇ بەكرەك رەنجىش تاپتى: ئېرى ئۇنىڭ كۆزىچىلا باشقا قىزلار بىلەن تانسا ئوينايدىغان، ئېرىنىڭ ئويناق كۆزلىرى بىلەن بۈدرە چاچلىرى باشقا قىزلارغا ھوزۇر - ھالاۋەت بېرىدىغان، ئۇنىڭ كۆڭۈل يارىسىنى ئۇلغايتىدىغان بولۇپ قالدى. گۈلئايشەم روھىي خورلىنىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دوستلىرىغا ھال ئېيتىدىغان، دوستلىرىنىڭكىدە قونۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى بالىسىنى كۆتىرىپ ئۆيىگە كەلدى - دە، بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك قاتتىق ۋاقىرىدى: ئېرى بىر ئايال بىلەن كارۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى ...

شۇندىن كېيىن، گۈلئايشەم قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان، ئولتۇرغان يېرىدە سائەت سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان، كىشىلەرگە كۆرۈنۈش-

تىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. مانا شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىدا مۆلدۈرلۈك بوران تويۇقسىز پەيدا بولدى: بالىسى تويۇقسىز ۋاپات بولدى. گۈلئايشەم بالىسىنىڭ قەۋرىسىنى قۇچاقلاپ نەچچە كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى، لېكىن، ئۇ تارتقۇلۇققا ئۆلمىدى. بالا كۆيىگى، ئەرنىڭ زۇلمى ئۇنى ۋاقىتسىز قېرىتتى، يىگىرمە نەچچە يېشىدىلا يۈزىگە قورۇق، داغ چۈشتى.

بالىسى ئۆلگەندىن كېيىن، ئېرى ئۇنى تېخىمۇ خورلىدى: ئۇردى، تاشلىدى. بىر كۈنى ئۇ، ئېرىنىڭ ئايىغىغا يامىشىپ يالۋۇرۇپ: «ئۇر، تىللا، قىزىل قىل، لېكىن سىرتقا قارىما!» دېدى. ئېرى ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ گۈلئايشەمنىڭ قۇلىغىغا دەسسىدى. قۇلاق ۋە بۇرۇنلىرىدىن قان چىقىپ تۇرغان گۈلئايشەمنى ھامىسى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

«ھەي، ئەزىيەت، سەن مېنىڭ ھاياتىمدىكى يۇلتۇزمۇ؟ مەن سېنى كۆرمىگىلى ئۈچ-تۆت يىل بولدى، تايىغىڭ، تىل-ئاھانىتىڭ ئۇنتۇلدى، نىمىشقا كۆزلىرىڭ بىلەن بۇدرە چاچلىرىڭ ئۇنتۇلمىدى؟ نىمىشقا يەنە نامىڭنى تىلغا ئالىمەن؟ نىمىشقا سېنى چىللايمەن!؟» گۈلئايشەم پىچىرلاپ ئۇخلاپ قالدى.

گۈلئايشەم ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغاندى: تاڭ ئېتىپتۇ. ھويلىدا بالىلار ۋاقىراشماقتا. ئۆزىدىن نېرىدا سامان تەكىيگە بېشىنى قويۇپ، چەكمەن يەكتەكنى غېرىپچە يېپىنىپ روزەك بەز يېتىپتۇ. گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇۋىدى:

— ئوبدان ئۇخلىدىڭما؟ — دېدى روزەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوزا بارمىكەن؟

— تاپتۇق.

— بىر قوتان قوزىنى دەپ ھەممىڭلار باياۋانغا چاپتىڭلارما؟

— كۆزگە بېرىۋالسا 60 - 70 كويلۇق قوي، دېسىلە! — دېدى روزەك ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — تۇرسىلا خېنىم، ھېلى بالىلار سالام بەرگىلى كىرىدۇ.

گۈلئايشەم ھېچيەردە كۆرمىگەن ھۆرمەتنى بۇ ئۆيدە كۆردى: ئالتە بالا، بىر كېلىن ئۇنى «ئانا» دېيىشتى. گۈلئايشەم نومۇس قىلىپ روزەككە:

— ھېچبولمىسا چوڭ ئوغۇل بىلەن كېلىن ئاچا دېسۇن، ئانىسى نىمىسى؟ — دەپ پىچىرلىدى.

«ئانا» ئېغىزدىكىلا گەپ ئەمەسكەن. بالىلار ۋە ئەرنىڭ ھۆرمىتىمۇ يېتەرلىك بولدى: بىرىنچى كۈنىلا ئۇنىڭ ئالدىغا قاتلىما، قايماق، پىششىق تۇخۇملار قويۇلدى. باشقىلار بولسا زاغرا نان بىلەن غىزالىنىپ ئىشلىرىغا كېتىشتى. چۈشكىچە گۈلئايشەم باغ، ھويلا-ئاراملارنى يەنە ئارىلىدى. باغ ئۇنىڭ زوقىنى تارتتى. ئۇ يەردە قويۇق تېرەكلەرنىڭ سايىسى، مەي باغلاپ پىشقان شىرنىلىق چىقىر ئۈزۈمە، جىگدىلەرنىڭ پۇرىقى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرى كۆڭۈلگە ئارام، بولۇپمۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ھامىسىنىڭ تار ئۆيىدە خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن مىسكىن ئايال ئۈچۈن، بۇنداق سالقىن، ھاۋالىق باغ جانغا راھەت تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ۋاقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، دەرەخلەرگە ياماشقۇسى، باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك قىيغاتقۇسى كەلدى. ئۇ باغدا يالغۇز يۈرۈپ، يۈمران جىگدە كۆچەتلىرى ئارىسىدىن بىردەمدىلا 50 - 60 تۇخۇم يىغىۋالدى. ئىچ پۇشىغدا باغنىڭ نېرىسىغىچە بېرىپ، يىراقتىكى مەھەللىگە، كېۋەزلىكتە كەتمىنىنى يالت-يۇلت قىلىپ ئىشلەۋاتقان بالىلارغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى ...

چۈشتە ئۇ بالىلارنى پىششىق تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلدى. قارا قومچاق كېلىن

ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ پىچىرلىدى:

— ئاتام ئۇقسا، تە بولۇدۇ. ھەر ئالتە كۈندە بەشيۈز تۇخۇم ساتىمىز، تۇخۇم پۇلى 100 كوي، كېمىسا بوۋاي خاپا سالىدۇ، ئانا!

— يەنە نىمە ساتىسلەر؟

— كۆكتات، ئۆرۈك، ئۆدەك، بېلىق، ياغاچ، ئارىلاپ قوي، گۆش، سۈت - قايماقمۇ ساتىمىز.

— يەكشەنبە بازاردا قانچىلىك سودا قىلىسىلەر؟

— كۆپ بولغاندا، 5 - 6 يۈز كوي، بولمىسا 3 - 4 يۈز كويلۇق نەرسە ساتىمىز، ئانا.

— پۇلنى سىلى تۇتاملا؟

— ياق، ھىساپنى مەن چىقىرىمەن. پۇلنى ئاتام ئۆزى ساندۇققا سالىدۇ. 3 - 4 ئايدا بىر قېتىم بانكىچى كېلىپ پۇللارنى ئېلىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسى بىللە بېرىپ چەك ئەكىلىدۇ.

— ئۇختىلىمۇ، دادىلىرى پۇل يىغىپ نىمە قىلىدىكەن؟

— تازا بىلەلمىدىم ئانا، مەن قوغۇنلۇققا باراي. قوغۇنلار بۇ يىل بەلەن ئوخشىدى. قوغۇن پىشقاندا ھەپتىدە 2 - 3 يۈز كوي كىرىم بولۇدۇ.

— يەنىچۇ؟

— كۈزلۈككە كېۋەز پىشقاندا نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇل كىرىدۇ.

— يەنە پۇل كىرىدىغان قانداق چاغلار بار؟

— ئەتىيازدا باققان قويلارنى ساتقاندا، يازدا ھۆكۈمەتكە بۇغداي ئۆتكۈزگەندە، كۈزدە پاختا ساتقاندا، ھە، راستلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بىزنىڭ بالىنىڭ دادىسىنىڭ دىيىشىچە، مىڭ تۈپ ياغاچ سېتىلىپتۇ. يېقىندا ياغاچ كېسىدىغانلار كېلەرمىش.

— بىر تۈپ جەگە نەچچە پۇل؟

— كەم بولسا، 6 - 7 كوي، بولمىسا 10 كوي.

— ۋاي ئاتام! — دىدى گۈلئايشەم پىشانىسىغا شاپىلاقلاپ، — پۇل دىگەننى كوچىنىڭ توپىسىدەك ئۇسۇدىغان گەپكەنغۇ!

ئۇ شۇنچە پۇللۇق ئائىلىنىڭ ئەزاسى، ياق ئەزاسى ئەمەس، خوجايىنى، ئۇ ئەلۋەتتە خوشال بولۇشى، ھامىسىنىڭ ئۆيىدە بىر كوي ئۈچۈن چىراي سارغايتقان كۈنلىرىنى ئۇنتۇشى، بوۋاينى ياخشى گەپ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىشكە، پۈتۈن ئائىلىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىشكە كۆندۈرۈشى كېرەك.

كەچكى تاماقتا گۈلئايشەمنىڭ ئالدىغا پىششىق گۆش تارتىلدى.

گۈلئايشەم گۆشنى پارچىلاپ ئەڭ چوڭىنى روزەككە، قالغانلىرىنى باللارغا بۆلۈپ بەردى. روزەك خاپا بولۇپ:

— يامان ئۆگىنىپ قالىدۇ، گۆشنىڭ تەمىنى تېتىپ قالسا باللار قوتاندىكى قوينى تۈگىتىدۇ، خېنىم! — دىدى.

— قوتاندىكى تۈگىسە، ئېتىزدىكىسى باركەن، ئېتىزدىكىسى تۈگىسە بانكىدىكىسى باركەن، ۋايىيەي! — دىدى گۈلئايشەم. باللار خوشال بولۇشتى. ئەمما روزەك قولىنىڭ كەينى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

كەچكىرگىمچە ئېغىر ئەمگەك بىلەن چارچىغان باللار كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئاشۇ تاماق يىيىلگەن ئۆيدە ئوڭغۇل - دوڭغۇل يېتىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى. يالغۇز گۈلئايشەملا ھىلىقى يوغان «مېھمانخانا» سىگە قايتىپ كېلىپ، كۆرپىلەر ئۈستىگە يامپاشلىدى. سىرتتىن نەي ئاۋازى ئاڭلاندى، گۈلئايشەم را-

هەتلىنىپ تىڭشىدى، ئارقىدىن گۈلئايشەم ياخشى كۆرۈدىغان «گۈل مەرىەم» دىگەن ناخشا ئېيتىلدى. گۈلئايشەم ناخشىغا ئەگەشتى:

بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، گۈل مەرىەم،
ئەگىمەي ماڭالامىلا، گۈل مەرىەم.
بىر پىيالە چاي تۇتۇپ، گۈل مەرىەم،
كۆڭلۈمنى ئالالامىلا، گۈل مەرىەم ...

ياش ئايالنىڭ ھەسسىياتچان قەلبى ناخشا بىلەن ئويغاندى. «قويىچى بولساڭمۇ يىگىتسەن، — دىدى ئۇ ناخشىغا زوقلىنىپ، — شۇڭا ناخشاڭغا ئەگەشتىم ...»

ئۇ شۇ بىر كۈن ئىچىدە ھاياتتىن يەنە نۇرغۇن لەززەت ئېلىشقا بولۇدىغانلىقىغا ئىشەندى: بىر يەردە قېقىلساڭ، يەنە بىر يەردە كۆتۈلۈدىكەنسەن، بىرنى يوقاتساڭ، بىرنى تاپىدىكەنسەن، خاپىلىق، خوشاللىق دىگەنلەر يۈزگە چۈشكەن خالدەك ساڭا بىر ئۆمۈر ھەمرا بولۇپ تۇرۇۋالمايدىكەن، گۈلئايشەمگە خوشاللىق ئاتا قىلغان بۇ ھايات ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئاتا قىلسۇن، بىز ئۇنىڭغا خەيرلىك تىلەيلى. چۈنكى، ئەنە قاراڭغۇلۇقتىن ئىككىنچى بىر قەلب ئىگىسى چىقىپ كەلمەكتە: ئۇنىڭ يۈرىگى خۇددى بۇندىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇنقىدەك ھاياجان، خوشاللىق ۋە نومۇس كۈچى بىلەن تىپچەكلىمەكتە!

3

خوجايىن بولۇش ئىنساننىڭ روھىدىلا ئەمەس، بەدىنىدىمۇ يېڭىلىق پەيدا قىلىدىكەن. قاراڭلار، گۈلئايشەم مۇنۇ ئۆيدىكى ۋە ئەمگەكچىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىۋىدى، بىر ئايدىن كېيىن يۈزىدىكى داغ ئىزلىرى بىلەن ئىنچىكە قورۇقلار تۈگەپ، خۇددى ئەزىيەت بىلەن بەختلىك سائەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىكىدەك چىرايىدىن نۇر ۋە كۈلكە يېغىپ تۇرۇدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ھاۋانىڭ سالقىن چاغلىرىدا كېۋەزمۇ ئوتىدى. قوغۇننىڭ ئوتىنى چاپتى، قول تىراكتۇر بىلەن بۇغداي تېپىۋاتقان خامانغا بېرىپ، ئارا تۇتۇپ ئاياق سالدى، كېلىن بىلەن سەھەر - كەچلىگى كالا ساغدى، لېكىن ئۇ، بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ ھەممىگە يارايدىغان «خوجايىن» ئىكەنلىگىنى كۆرسەتىش ئۈچۈن قىلدى. ئۇ، ئىشلاردىن ئەيىپمۇ تاپاتتى، ئۇنىڭ تاپقان ئەيىۋى چوڭ ئوغۇلنىڭ ئوغىسىنى قايناتقان بىلەن روزەكنىڭ زوقىنى قوزغايتتى:

— ئاناڭلارنىڭ دىگىنىدەك قىلىڭلار! — دەيتتى ئۇ تاماق ئۇستىدە جۆنۈپ، — ئۇنىڭ قولى تەككەن يەردىن گۈل ئۈنۈدۇ. كۆردۈڭلارمۇ، ئاناڭلارنىڭ قولى تەككەچكە كىيگەن كۆينەكلىرىڭلارنىڭ رەڭگى ئېچىلدى. ئاناڭلار كەلمەستە ئاق كۆينەك، قارا كۆينەك، كۆك كۆينەك ھەممىسىلا لاي رەڭ ئىدى!

گۈلئايشەم بۇ يالغۇز كۆزلەككە خوشاللىق، يېڭىلىق ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولى بىلەن يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ كىرى، ئۆينىڭ توپىسى تۈگىدى، ئۇلارنىڭ غىزاسىغا تەم كىرىپ، باللارنىڭ باش - كۆزى تازىلىنىپ، چىرايىغا قان يۈگۈردى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئاشتى، مەرتىۋىسى چوڭايدى. ئۆز ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ يېتىمچىلىق ۋە غورىگۈلچىلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ، تۇرمۇش — ئەمگەك، يېيىش، ئۇخلاش دىگەن چۈشەنچە بىلەن چەكلەنگەن باللار، «ئايالنىڭ ۋەزىپىسى خامنى پىششىق قىلىش» دەپلا قارايدىغان كېلىن بېقىش تېپىپ سەمىرىپ، پاقىراۋاتقان كالىدەك كۈندىن - كۈنگە گۈزەللىشىۋاتقان ئائىلىنى كۆرۈشۈپ، گۈلئايشەمنى چىن دىلى بىلەن «ئانا» دىيىشتى.

لېكىن، گۈلئايشەمنىڭ يەنىلا توققۇزى تەل ئەمەس ئىدى.

قوسىغى توق، غېمى يوق ئادەمنىڭ هامان روهىي ۋە جىسمانىي تەلىۋى ئۆرلەۋېرىدىكەن: گۈلئايشەم ئەمدى ئۆز هاياتىدا نېمىنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى سەزدى، ئۇنىڭغا مۇهەببەت لازىم ئىدى. ئۇ، ئېرىدىن رازى. چۈنكى ئېرى تاپقان پۇللارنى گۈلئايشەمنىڭ قولى بىلەن ساندۇققا سالىدۇ. ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى چوڭ ئوغلى باشقۇرغىنى بىلەن هامان بىر كۈنى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشكە گۈلئايشەمنىڭ كۆزى يەتتى. ئېرىدىن رازى بولۇشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئېرى ئىشتىن هېرىپ كېلىدۇ ـ دە، كەچكى تاماقتىن كېيىنلا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا كىرىپ ئۇيقىغا كېتىدۇ. ئۇ گۈلئايشەمنىڭ رازىمەنچىلىكىگە ئاشۇ هاردۇق ئۇيقىسى بىلەن ئېرىشكەن. گۈلئايشەم يالغۇز ئۆيدە خالىغانچە خىيال قىلالايدۇ ...

بۇ، رازىمەنچىلىك هىساۋىغا ئۇ، بۇ ئۆيدە نېمىگە ئېرىشەلەيدۇ؟ پۇل ۋە هۆكۈمرانلىق ئۇنىڭ هاياتىنىڭ ئاخىرقى مەقسىدىمۇ؟ ئۇنىڭ هاياتتىن تەلەپ قىلىدىغىنى مۇشۇلارلا ئەمەستۇ؟ ئۇ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە ياشىشى، يەنى مۇهەببەت ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قۇربان بېرىشى، ئەنە شۇ قۇربان بېرىشتىن ھەقىقىي لەززەت ۋە خوشاللىق تېپىشى لازىم. لېكىن، قېنى ئۇ مۇهەببەت؟ كىم ئۇنى ۋە ئۇ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ئۇ ئەزىمەتنى ئۇنۇتمىغىنى بىلەن ئەزىمەت ئۇنى ئۇنۇتقان. ئەمما ئۇنىڭ قەلبى يەنە نېمىگە تەلپۈنىدۇ؟ نېمىشقا ئىچى پۇشىدۇ؟ كېچىلىرى نېمىشقا ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ؟ ئۇنى بىئارام قىلغان كەنت بۇغالتىرىنىڭ قوڭۇر كۆزلىرىمۇ؟ بۇغالتىر گۈلئايشەمنى ئەگىپ كەلىدىمۇ؟ ئۇنداق بولسا، گۈلئايشەمنىڭ ئۆيدە يالغۇزلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا ئاتتىن چۈشمىدى؟ ئېلېكتىر هىساپلاش ماشىنىسى بىلەن دىگۋار قەغەزلىرىدىكى رەقەملەرنى هىساپلاۋاتقاندا نېمىشقا گۈلئايشەم ئەتەيلەپ گەپ قىستۇرسىمۇ قاراپ قويمىدى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن دىگۋاردىكى ساپ پاختا مەهسۇلاتىنى 120 جىڭغا چۈشۈرۈپ بەرمىسەڭلار بولمايدۇ، دىگەندە، بوغالتىر سوغاقلىق بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى قېقىپ: «سىلى ئارىلاشمىسىلا» دەپ نېمىشقا ئالىيدۇ؟ ئالايغان كۆزلىرىدىن مۇهەببەت ئىزلەش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ؟ ئەمىسە كىم ۋە نېمە ئۇنى ئۇخلاتمايۋاتىدۇ؟ ئاۋۇ قويچىنىڭ ناخشىسىمۇ ـ يا؟ ياق، گۈلئايشەم نېمىلا بولمىسۇن قويچىسىغا قاپاق ئاچمايدۇ. ئۆزىنىڭ خوجايىن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇدىغان قويچىغا هەرگىزمۇ مۇهەببەت ئىزهار قىلمايدۇ. ياق، كېتىش كېرەك، گۈلئايشەم بۇ يالغۇز كۆزلەكتە مۇهەببەت ئىزلەپ كەلگىنى يوق. ئۇ يوقسۇزچىلىق، سارغىيىش ئازاۋىدىن كەلگەن، ئۇ ۋىجدانىنى نەپسىگە بويسۇندۇرۇپ، ئاز ـ تولا پۇلغا ئىگە بولۇۋالماقچى. بۇ مەقسىدى ئەمەلگە ئاشسىلا، بۇ كۆزلەكتىن كېتىدۇ. ئۇ يامپاشلاپ يېتىپ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ تۇساتتىنلا چوڭ ئوغۇل بىلەن روزەكنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدى.

— 30 مىڭ جىڭ بۇغداي ساتتۇق، — دىدى ئوغلى دادىسىغا پىچىرلاپ، پۇلنى هەلىقى 6 مىڭ 2 يۈز كويلۇق چەكنىڭ ئۈستىگە قوشۇپ 10 مىڭ كويغا توغرىلاپ قويايمۇ؟

— ئوسمان بانكىچىغا ئېيت، توغرىلاپ بېرىدۇ.

گۈلئايشەم ئۆيدىن هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى:

Altun04

— مەنچۇ؟ نىمشقا توغرىلىيالمايدىكەنـ
مەن، پۇلنى ئەكېلىپ ماڭا بەرسلە.
ئوغۇل دادىسىغا قارىدى. روزەك ساپـ
سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى:
— سىلە ئاۋارە بولماڭلار، خوتۇن!
— گېپىمنى يىرمىسىلا دەيمەن، مەن
پۇلنى ھامماڭغا ئاپىرىپ بەرمەيمەن، چۈنتەكـ
لىرىڭە سالىمەن.
— بولۇدۇ خوتۇن، بولۇدۇ، — روزەك
كۆلۈپ قويۇپ ئوغلىغا مەنىلىك قاراپ
قويدى.
كەچتە چوڭ ئوغۇل گۆلئايشەمگە 10
مىڭ يۈەنلىك چەكنى ئەكېلىپ بەردى. ئون
مىڭ يۈەن — بىر پارچە قەغەز، لېكىن، بۇ
بىر پارچە قەغەز چوڭ بايلىق. گۆلئايشەم
ئۆز ھاياتىدا بۇنچىلىك بايلىقنى ئالقىنىدا
كۆرۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغان تۇرسا، قانداقمۇ
ھاياجانلانمىسۇن؟ ئۇ، چەكنى ئاۋال يانچۇـ
غىغا، كېيىن ھېچكىم يوق چاغدا تامبالغا
تىكىلگەن مەخسۇس يانچۇقتا سالدى. ئەمدى
ئۇ ئۆيىنىڭ تولۇق خوجايىنى ئىكەنلىكىگە ئىـ
شەندى. ئۇنىڭ ئەمدى ھىلىقى ئىچ پۇشقى،
نامەلۇم بىرسىنى سېغىنىشلىرى ۋاقتىنچە
تۈگىدى.
گۆلئايشەم ئۈچ كۈندىن كېيىن، بۇ كۈز ـ
لەككە يول ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنلەرگە چاي
بەردى. چۈشلۈك چاي ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بېغى
بۆلەكچىلا ئاۋاتلاشتى. ياشلار ناخشا ـ ئۇسۇل
بىلەن گۆلئايشەمنىڭ ياشلىقىنى بۇرنىغا پۇـ
راتتى.
— روزاخۇن باينىڭ ئۆيىنىمۇ خىشتىن
ياساپ بەرسەك، ئاستى-ئۈستىگە تاختاي قېقىپ،
گۆلئايشەمگە ساراي سېلىپ بەرسەك بولغۇدەك.
— نىملا قىلسا يارىشىدۇ. ھاي روزاـ
خۇن ئاكا، نىمشقا قوشغۇراقلىق پوچتا ھارـ
ۋىسى قىلمايسەن؟ خېنىمىڭنى يېنىڭغا ئولتۇرـ
غۇزۇپ، غۇجەك بايدەك يەكشەنبە بازاردا
تاماشا قىلساڭ بولمامدۇ؟
— روزەكىۋاي ماشىنا ئالارسەن ـ
ھە؟ ...
مانا شۇندىن كېيىن «روزەك بەز»
دىگەن ئىسىم «روزەكىۋاي» غا ئالماشتى.
بۇ ماختاشلار ۋە خوشامەتلىك سۆزلەر
گۆلئايشەمگە يېقىن كەلگۈسىدە ئىشقا ئاشىدىـ
غان يېڭىلىقلار بولۇپ تۇيۇلدى.
كۈز پەسلى يېڭىلىق پەسلى، باياشاتـ
چىلىق — توي پەسلى ئىكەن.
بىر مۇخبىر كېلىپ ئۇلارنى سۈرەتكە
تارتتى. گۆلئايشەم بىلەن روزەكىۋاينىڭ يوغان
قوغۇنلارنى تۇتۇشۇپ چۈشكەن بۇ رەسىمى
«ئەمگەك بىلەن بېيىغان نۇقتىلىق ئائىلە»
دىگەن خەت بىلەن گېزىتكە چىقتى.
تۇنۇگۇن ئېكسكۇرسىيىچىلەر كەلدى.
ئۇلارغا گۆللىنىۋاتقان ئىگىلىكنىڭ خوجايىنـ
لىرى روزەك بىلەن گۆلئايشەم ئۆز ئىشلىرىنى
تونۇشتۇردى. ئاخشىمى گۆلئايشەمنىڭ مىڭىـ
سىدە يېڭى بىر پىكىر پەيدا بولدى: مۇھەبـ
بەتسىزمۇ ھاياتتىن خوشاللىق تاپقىلى بولۇـ
دىكەنغۇ؟ يېڭىلىقلار ھەجەپ كۆپ: ئېتىزدا،
ئۆيدە، مەھەللىدە، ھەممىلا جايدا شۇلارنىڭ
لەززىتىمۇ گۆلئايشەمگە يېتىدىكەنغۇ؟
گۆلئايشەم بۈگۈن كېچە روزەككە يېـ
قىنراق ياتتى. ئۇ بوۋايغا: پۇل خەجلەشـ
نى زامانغا لايىق ئۆي سېلىش، ئۈستەلـ
ئورۇندۇق، ئىشكاپ ـ كىرىسلو ياساتتىش، ئىـ
لاج قىلىپ توك ئەكىلىش، تېلېۋىزور ئېـ
لىش، ئۆيدىكىلەرگە زامانغا لايىق كىيىم
قىلىش، گىلەم سېلىنغان ھارۋىغا چۈشۈپ
مېھمانغا بېرىش قاتارلىق ئىشلار توغرىسىدا
ئۇزاق ۋە قىزغىن سۆزلىدى. روزەك تاكى
خورىگى باشلانغىچە ھەممىسىگىلا «ھە» دەپ

ياتتى.


شۇنداق قىلىپ گۈلئايشەم ھىلىقى بەكارچىلىقتا پەيدا بولغان مۇھەببەت ھىسسىياتىنى يېڭىش، ئۆزىنى يېڭىلىقلارنىڭ قاتناشچىسى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرۇپلا ئىشقا تۇتۇش قىلىدىغان بولۇۋالدى.

گۈلئايشەم بۇ ئۆيگە كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، روزەكۋاينىڭ ياخشى مەسلىھەتچىسى ۋە غەمخورچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشقا ھەۋەس بىلەن كىرىشتى. ئۇنىڭ قوللىرى قايتىدىن ئىشتا پىشتى، تاتىراڭغۇ يۈزى دىخان ئاياللىرىغا خاس رەڭ بىلەن گۈزەللەشتى. ئۇ ئەمدى قايغۇ-غەمنىلا ئۇنتۇپ قالماستىن، مۇھەببىتىنىمۇ ئۇنۇتتى: «نېمىشقا بۇرۇنراق شۇنداق قىلمىدىم-ھە؟ ئەخمەق ئىكەنمەن، نادان ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا بەختىمنى يىگىتلەردىن ئىزلەيتتىم!»

گۈلئايشەم قاقاقلاپ كۈلۈپ، ياكى ئۈن سېلىپ ناخشا ئېيتىپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە روزەكۋاينىڭ قەلبىدە بىر خىل خوشاللىق ئوتى يالقۇنلايتتى. بۇ ئوت گۈلئايشەم ئۇنتۇپ كەتكەن ھىلىقى مۇھەببەتنىڭ ئوتى. گۈلئايشەمنىڭ ئەكسىچە ئەمدى روزەكۋاي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان مۇھەببىتىنى قەدىرلەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئايالىنىڭ دىگىنىنى قىلاتتى. ئايالى ئۈچۈن ھەر نىمە قىلىشقا رازى ئىدى. مانا بۇمۇ روزەكۋاينىڭ ھاياتىدىكى يېڭىلىق. بۇ يېڭىلىقلارنى ئۇلارغا ھايات تەقدىم قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ھاياتقا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتماقتا.

مانا قاراڭ، يەكشەنبە كۈنى گۈلئايشەمنىڭ ئاللىقاچان يىراقلىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئەر-ئايال بولۇپ، بىر تىراكتوردا ئۇنى ئىزلەپ كەپتۇ. روزەكۋاي ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئۇلارغا مال سويدى.

روزەكۋاي ئەزەلدىن توي-تۆكۈن، ئويۇن-تاماشىغا بارمايتتى. لېكىن، گۈلئايشەمنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئىزلەپ كەلگەن كۈنى ياش چوكانلار بىلەن يىگىتلەر روزەكۋاينى ئۆز ئارىسىغا ئېلىۋېلىپ چاقچاق ۋە ئۇسۇللىرىغا ئارىلاشتۇردى. ياش ئەر-خوتۇنلار

ئارىسىدا ئارانلا قورۇنۇپ ئولتۇرغاننىڭ ئۈستىگە، گۈلئايشەمنىڭ شوخلىقى تۇتۇپ ئۇنى ئۇسۇلغا تارتتى. چاۋاك، قىقاسلار روزەكۋاينى مەدرلىتالمايتتى، لېكىن گۈلئايشەمنىڭ دوم - سىيىشى ئۇنى ئىختىيارسىز ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى دەپ قوللىرىنى قوتازنىڭ قۇيرۇقىدەك ئارۋاڭ - سارۋاڭ قىلىپ ئۇسۇلمۇ ئوينىدى.

روزەكۋايغا مۇھەببەت، خوشاللىق تەقدىم قىلغان بۇ تۇرمۇش ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئىشلارنى قايتىدىن ئۆگەتتى: ئۇ پۇتىغا ئۆتۈك، دىكادىن شىم - تۇجۇركا، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيدى، بۇ نەرسىلەرنى كىيىش ئۇنىڭغا قاتچىلىك يات، نومۇسلۇق بولسىمۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلى ئۇنى كىيىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنى ئاز دەپ يۈزىنى سوۋۇنداپ يۇيۇدىغان، ئاخشىمى پۇتىنى يۇيۇدىغان، ئىشتىن كېلىپ كىيىم يۆتكەيدىغان «قاملاشمىغان» قىلىقلارنىمۇ چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ياخشى كۆرگەن ئايالىنىڭ بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى خۇش بولغىنى ئۈچۈنلا روزەكۋاي دىلى تارتمىسىمۇ ئۆزىنى زورلىدى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە گۈلئايشەمنى خۇش قىلىش ئۇنىڭ بىردىن - بىر ئارزۇسى ئىدى.

لېكىن، گۈلئايشەم دوستلىرىغا ئارىلاشقانسېرى ھاياتىدىكى كەم نەرسىنى قايتىدىن يادىغا ئالدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كىمگىدۇر بىرسىگە بىر يوشۇرۇن چوغ ساقلانغىلىق ئىكەن. گەرچە بۇ چوغ ياسالما جىمجىتلىقنىڭ كۈلى بىلەن بىر مەھەل كۆمۈلۈپ ياتقان بولسىمۇ، ئەمدى دوستلىرىدىن كەلگەن ياشلىق - مۇھەببەت شامىلىنىڭ غىدىقلىشى بىلەن قايتىدىن يالىڭاچلىنىپ ۋىلىلداپ يالقۇنجاشقا باشلىماقتا ئىدى.

ئۇ شىرىن، مۇرادى ھاسىل بولمىغان بىر چۈشنىڭ تۇرتكىسى بىلەن تۇندە ئويغاندى. ئۇ يېنىدا ياتقان ئېرىنىڭ خورسىگىدىن بىزار بولۇپ، كۆينەكچان، يالىڭاياق مېڭىپ سىرتقا چىقتى. دالا ئايدىڭ، قارامتۇل دەرەخلەر گويا قېنىق كۆك تاۋاردىن لىباس ئارتقاندەك، يىراقلاردىكى قارىيىپ تۇرغان مەھەللىلەرنىڭ ئۈستىگە ئاق تارتىلغاندەك، گىردىمسەن ئېتىزلار ئاشۇ داكا ئاستىدا ئۇخلاۋاتقاندەك، بۇ سىرلىق كېچىدە يالغۇز گۈلئايشەمنىڭ يۈرىگىلا بىر خىل ئەندىكىش، سېغىنىش بىلەن تېپىرلاۋاتقاندەك... قىلاتتى. گۈلئايشەم ئۆڭ ياكىغىنى ئالىقىنىغا قويۇپ، كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن لەززەتلىنىپ كۆتەك ئۈستىگە ئولتۇردى. شۇ چاغدا دەرەخلەر ئارىسىدىكى قوي قوتىنى تەرەپتىن ئاستا، يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ناخشا مۇڭلۇق، تاتلىق ئىدى. گۈلئايشەم ناخشىچىنىڭ يېنىغا كېتىپ بېرىپ: «سەمەت قويچى، بەلكىم سەن مېنى دەپ ئۇخلالمىغانسەن، يەر ئاستىدىن قاراشلىرىڭ باشقىچە ئىدى. ئېيتقان ناخشىلىرىڭ ماڭا ئاتالغان بولسا، مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي» دىدى.

قويچى بىمەھەل كەلگەن خوجايىنىنى كۆرۈپ قاتلانما كارۋات ئۈستىدىن چاچراپ تۇرۇپ گەدىنىنى سىلىدى.

— كىم سېنى ئۇخلاتمايۋاتقان، سەمەتۋاي! — ئايال ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى.

— قويلار ئاچا، قويلار! — سەمەت داجىدى، گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

— ساراڭ، قورقما، خوجايىنىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقىدا!

— كىرىپ كەتسىلە، ئاچا! — دىدى سەمەت تىترەپ، — ئۇنداق قىلمىسلا، نامەھرەم بولۇدۇ، خوجايىنىڭ تۇزىنى ھالاللاپ يېگىلى قويسىلا!

— ساراڭ! — دىدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ، — ئادەمنىڭ ئۇيقىسىنى بۇزۇپ

نىمگە كاكىرايسەن، ئەمىسە؟

—بايىلا بىر قوي قوزىلىدى، شۇنىڭ خوشاللىقى، ئاچا!

—ئۆل ئىلاھىم! — گۈلئايشەمنىڭ قويچىغا غەزىۋى كەلدى، — هايۋاننىڭ كەينىدە يۈرۈپ يۈرىكىڭمۇ بۇلغىنىپتۇ!

گۈلئايشەم ئەمدى هۆكۈم قىلدى: ئۇ ئەزىمەتنى ئۇنتۇيالمايدىكەن.

4

يېڭى ياسالغان يول بىلەن بىر كىچىك ماشىنا چىقىپ كەلدى. ماشىنىدىن رايون كاتىۋى چۈشتى - دە، روزەكۋاي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئۆيگىمۇ كىرمەستىن روزەكۋاينى ئالدىراتقىلى تۇردى:

— ناهىيىگە، ۋىلايەتكە بارىدىكەنسىلەر، زاغىرا تۈگىشۈپ يۈرمىسىلە، ئاز - تولا پۇل، بىلەت ئالسىلا بولدى.

—كىيىم يۆتكىسىلە! — دىدى گۈلئايشەم ئىش كىيىملىرى بىلەن ماڭماقچى بولغان روزەكۋاينىڭ پېشىدىن تارتىپ.

—ئوبدانراق كىيىسلە، — دىدى كاتىپ كۈلۈپ، — ئېكىسكۇرسىيىگە، مەجلىس بولغاندىكىن دۆلەتكە پاختا سېتىشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەر قاتارىدا ئولتۇرۇدىلا، سۆزلەيدىلا!

— سۆزلەيدىغان گەپ بولسا، خوتۇنۇنى ئېلىۋالساقمىكىن؟ — روزەكۋاي كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ كاتىپقا قارىدى.

كاتىپ ساددە بوۋاينىڭ گېپىدىن كۈلۈپ گۈلئايشەمگە قارىدى. گۈلئايشەم مىيىغىدا كۈلۈپ ئېرىگە:

— مېنى ئېلىۋالمىسىلىمۇ بويرۇتمامنى ئېلىۋالسىلا، ياخشى گىلەمدىن بىر جۈپ ئالغاچ كەلسىلە. يادىلىرىدا تۇتسىلا، تۆت گەزلىك. بىرسى ئانار گۈللۈك، بىرسى لوڭقا گۈللۈك بولسۇن. يەنە بىر دانە تىكىش ماشىنىسى، گۈللۈك دىچۇلياگىدىن ئون ئىككى ياق، ئون سەككىز مېتىر، ئەترەك سارجىدىن...

ئۇ بىر توقاي سودا بۇيرۇدى، روزەكۋاينىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىلدىڭلاپ تۇراتتى. گۈلئايشەم نىمىلا دىسە ئۇ باش ئېغىتىپ ماقۇللايتتى. گۈلئايشەم ئۇنىڭ قولىغا بىر كاللەك پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بوۋاي هالال ئەمگىكىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن پۇلنى خۇددى بىرسى ئىچ ئاغرىتىپ بېرىدۋاتقاندەك ئەندىكىپ قولىغا ئالدى، مانا بۇلار روزەكۋاينىڭ هاياتىدىكى هىلىقى يېڭىلىقنىڭ كۈچى. مۇهەببەت بوۋاينى قانچىلىك يۇمشاتقان - هە؟ ناۋادا بۇندىن ئىككى ئاي بۇرۇن گۈلئايشەم بىر كويلۇق سودا بۇيرۇغىنىدا ئىدى، بوۋاينىڭ قول ۋە لەۋلىرى تىترەپ، بېشى «ياق» قا گىلدىڭلىغان بولاتتى.

مۇهەببەتكە ئاپىرىن، بارلىق بېخىللارنىڭ دىل غەزنىسى مۇهەببەت بىلەن تولغان بولسا، بۇ جاهاندا كۆڭۈلسىزلىكلەر خېلى ئازايغان بولاتتىكەن - هە؟

لېكىن، ياخشى ئادەملەرمۇ ئەيىپتىن خالى بولالمىغىنىغا ئوخشاش، ياخشى نەرسىلەرمۇ كىشىلەرنى غەم ۋە ئازاپقا سالىدىغان چاغلارمۇ بولۇدىكەن.

بۇ خىل ئىشتىن بىرسى مۇشۇ يىل يەنى 1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇشۇ يېزىدا سادىر بولدى.

گۈلئايشەم بۆلەكچىلا ياسىنىدىغان، كۈلىدىغان، كۈلگەندە، سۆزلىگەندە، ئاۋازىنى تىترىتىدىغان بولۇپ قالدى. ئېرى كېتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن ئايالدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىش بالىلارنى قىزىقتۇرغىنى بىلەن كېلىنىنى غەملىك، چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچىنى غەزەپ - نەپرەتلىك قىلىپ قويدى.

چوڭ ئوغۇل بىلەن قويچى چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتىپ ئۇلارنىڭ بېغىدىن ياغاچ توشۇشقا كەلگەن شوپۇرلارنىڭ ھەممىسىنى، بىخەستەلىك قىلىپ ئۆزى يوق ۋاقىتتا ياغاچ كېسىش بىلەن توشۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان دادىسىنى، ئۇژمە كۆڭۈل ئانىسىنى ئىچىدە تىللاشتى. لېكىن پالاكەتنى تىل بىلەن توسۇۋالغىلى بولمىغىنىدەك، تالاي گۇنالارنى قوينىدا يوشۇرۇدىغان قاراڭغۇ تۈننىمۇ تىل ۋە نارازىلىق بىلەن ئۆزگەرتىۋالغىلى بولمايدىكەن.

كىتابخان، بۇ ھېكايىدا تۈن نىمانچە تولا دەپ قالماڭ، ئەپۇ قىلىڭ، يەنە بىر قېتىم، يەنى ئاخىرقى قېتىم بىر گۈلئايشەمنى تۈن قوينىغا يالغۇز قويۇپ كۆرەيلى:

تۈن، ئايسىز تۈن. يۇلتۇزلار يەر يۈزىدىكى قىزىقچىلىقلارغا قاراشماقتا: ئۇلار چىمىرلىشىپ خۇددى يەرگە يېقىنلاۋاتقاندەك، ئۇلارنىڭ بىرلىرى يەرگە سەكرەپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەنە بىرلىرى نومۇسچان قىزغا ئوخشاش كۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك قىلماقتا.

گۈلئايشەم ھويلىدىكى كات ئۈستىدە يۇلتۇزلارغا قاراپ ئوڭدا ياتماقتا. ئۇنىڭ شوخ يۈرىگى كۆكرەك قەپىزىنى دۆكۈلدىتىپ يوشۇرۇن سىرلارنى ئاشكارىلاپ قويۇدىغاندەك تىنىقى تېزلاپ، ئىچىگە پاتمايۋاتقان خۇشاللىقى بىلەن ھاياجانلىرىنى سىرتىغا چىقىرىپ قويۇۋاتقاندەك، كۆزلىرى يۇلتۇزلارغا سىر ئېيتىۋاتقاندەك بىلىنمەكتە.

ئۇ، ھاياجان ۋە ۋەھىمە ئىچىدە تولغانماقتا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ۋىجدان بىلەن خاھىش قاتتىق ئېلىشماقتا. ئۇنىڭ بىر سەزگۈسى ئۆزگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، لېكىن ئائىلىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمىگەن ئېرى روزەكۋايغا خىيانەت قىلىشنى ۋىجدانسىزلىق دەپ قارىسا، ئۇنىڭ يەنە بىر سەزگۈسى ياق، سەن ۋىجدان دېگەننى بىلمەيدىكەنسەن، كۆڭلۈڭ تارتمىغان ئادەمنىڭ ئايالى بولۇش ۋىجدانسىزلىق، خاھىشىڭنى بەختلىك قىلىدۇ، ۋۇجۇدىڭنى تىترەتكەن يىگىت بىلەن كەت، ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولساڭمۇ سەن بەختلىك دېمەكتە.

ئۇ ئازاپ ۋە ھاياجان بىلەن تولغىنىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. قويلار پىشقىرىدۇ، ياۋايى ئۆدەكلەر، قۇشلار سەگەك، لېكىن سەگەك ئىتلارمۇ جىمىغان... بىردىنلا ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى. مانا ئۇنىڭ يېنىغا يالاڭئاياق يىگىت كەلدى ۋە ئۇنى خۇددى بالىنى كۆتەرگەندەك كۆتىرىپ ماڭدى. گۈلئايشەمنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى بىلەن ھالسىز پۇت - قوللىرى يىگىتنىڭ بىلەكلىرىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ تۇراتتى.

— پۇلنى ئۇنۇتمىغانسەن؟

— ياق، ئۇ مانا!

گۈلئايشەم ئون مىڭ يۈەنلىك چەك تىكىلگەن تامبالنىڭ يانچۇغىنى سىلاپ قويدى.

ئۇلار قاراڭغۇ باققا ئەگىگەندە يىگىتنىڭ گەجگىسىدىن بىر كۈچلۈك قول سىلكىپ تۇتتى.

گۈلئايشەم چۆچۈپ يەرگە چۈشتى. ئۇ ئۈنسىز دومىلاقلىشىۋاتقان ئۈچ گەۋدىگە ئۆزىنى ئاتتى:

— ئۇنى ئۇرماڭلار، مېنى ئۇرۇڭلار، ئەزىمەتتە گۇنا يوق!

— قورقمىسىلا، ئانا! — گۈلئايشەم تونۇدى، بۇ چوڭ ئوغۇل. دېمەك، ئەزىمەتنى يەرگە باسقان، قاراڭغۇ باققا ئېلىپ كەتكەن قويچى بىلەن چوڭ ئوغۇل ئىكەن. ئۇلار ياش شوپۇرنىڭ گۈلئايشەم بىلەن كۇسۇرلاشقانلىرىغا دىققەت قىلىشقان، ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن، ئاتىغا سادىق بۇ ئىككى كۈچلۈك روزەكۋاينىڭ نېسىۋىسىگە چۈشۈن قوندۇرماسلىق ئۈچۈن سەگەك يېتىشقان

AltunOq

ئىكەن.

گۆلئايشەم ئەتىگەنلىگى كېلىنىدىن سورىدى:

— شوپۇرنى نىمە قىلدى؟ ھەجەپ يامان نىمىكەن، ئۇخلاپ قاپتىمەن، كۆتىرىپ ماڭغىنىنى تۇيماپتىمەن، ھىلىمۇ ياخشى...

— ھەيدىۋەتتى ئۇ ئوغرىنى!

گۆلئايشەم ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن دوملىنىپ زارلاندى. ئۇنى ئوتتۇرانچى ئوغۇل مەھەللىگە دوختۇرغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ دوختۇردىن چىقىپ بالىنى كەتكۈزۈۋەتتى-دە، ھاممىسىنىڭكىگە كىردى. چۈشتىن كېيىن ئۇ بانكىغا كىردى.

ئۇ، نىمە قىلارىنى بىلمەي پوكەي ئالدىدا ئۇزاق تۇردى. ئاخىرى ياش قىزنىڭ ئالدىغا چەكنى قويدى:

— ھەممىسىنى ئالماقچى. توي ئىشىمىز بار.

قىز كۆلۈپ قويۇپ يان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ھىلىقى بانكىچى بىلەن ساقچى بىللە چىقتى.

— ئوغرى، بۇزۇق! — دىدى بانكىچى گۆلئايشەمگە قوللىرىنى شىلتىپ، — بۇرۇنقى ئېرىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئون مىڭ يۈەننى ئوغرىلاپ شاڭخەي، گۇاڭجۇلارغا بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلماقچىسەن، راستمۇ؟

گۆلئايشەم غالىلداپ تىترىدى:

— راست!

— جىنايەت ئۈستىدە قولغا چۈشتۈڭ، — دىدى ساقچى، — سېنىڭ شېرىكىڭ ئەزىمەتنى ئاخشاملا روزاخۇن ئاكىنىڭ باللىرى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلدى، سەن ئۇنى يېتىلدۇرغانسەن، راستمۇ؟

— ياق، ياق، مەن ئۇنى يېتىلدۇرمىدىم، — دىدى گۆلئايشەم كاسىلداپ تىترەپ، ئۇ، مېنى يېتىلدۇردى.

— كىم؟

— كىم بولاتتى... كۆڭلۈم!

ئايال يۈزىنى تۇتۇپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. ئۇنىڭ ئەپسۇس ۋە پۇشايمان بىلەن تولغان ياشلىرى ئۇنى قوغداپ قالالارمىكىن؟

گۆلئايشەم يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇلدى. يەتتە كۈنگىچە ئۇنىڭ كۆز-يېشى قۇرۇمىدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن ئاتا-ئانىسى، ھاممىسى، بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرغىنىدا بولغان ئىشلار بىرمۇ-بىر ئۆتتى. ئۇ ھاياتىدىكى خوشاللىق ۋە خاپىلىقلىرىنى تۈگۈنلەپمۇ كۆردى. تارتقان خاپىلىقى كىچىك، خوشاللىقى چوڭ تۈگۈن بولۇپ تۈگۈلدى. خاپىلىقى تۈگۈلگەن تۈگۈنچىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈۋىدى، خاپىلىقلىرىنىڭ تولىسىغا ئىشقى-مۇھەببەت يېشىنىڭ داغلىرى چۈشۈپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ داغلارنىڭ ھەممىسىگىلا ئەزىمەتنىڭ نامى يېزىلغان ئىكەن. ئۇ يېقىنقى سوراقنى ئەسلىدى:

سوراقچى ئەزىمەتتىن سورىدى:

— روزاخۇننىڭ ئون مىڭ يۈەن پۇلىنى ئېلىپ قېچىشنى سەن گۆلئايشەمگە دىدىڭمۇ ياكى گۆلئايشەم ساڭا دىدىمۇ؟

— مەن روزاخۇننىڭ پۇلىنى نەدىن بىلەتتىم! — دىدى ئەزىمەت سوغاق كۆلۈپ، — گۆلئايشەم ماڭا يالۋۇردى، ئىچ ئاغرىتقان گۇنايىم بار!

گۆلئايشەم ئۇنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تىترىدى: «ئىست، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپتىمەن».

گۆلئايشەم ھىلىقى ئۇچرىشىشنى ئەسلىدى: ئەزىمەت تويۇقسىزلا ئۇلارنىڭكىگە ماشىنا ھەيدەپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ گۆل-

ئايشەم ئۆيىگە مۆكۈنىدى. ئەزىمەت مايلىق شەپكىسىنى گەجگىسىگە كىيىپ ئىشىكتە گىرەدەپ تۇرۇۋېلىپ:

— گۈلئايشەم، سىېنى دەپ كەلدىم بىلەمسەن، ئايالىمنى بالىسى بىلەن قويۇۋەتتىم، پۇشايمان ئالىدىغان قاچا يوق، تۆۋە قىلدىم!

— ۋالاقىلىماي چىقىڭ!

— مىېنى كەچۈرۈڭ، گۈلئايشەم. سىزنى دەپ ياش ئايالىم بىلەن ئوغلۇمنى تاشلىدىم بىر قېرىنى تاشلىيالمامسىز؟ ھاممىڭىز ئېيتتى، ئازاپتا ئىكەنسىز!

گۈلئايشەم ئۇنىڭغا ئىشەندى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قېچىشقا ماقۇل بولدى.

سوراقچى گۈلئايشەمگە قارىدى:

— ئۇنىڭغا يالۋۇرغىنىڭىز راستمۇ؟

— راست...

ئەزىمەت قويۇپ بېرىلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، گۈلئايشەم ئەزىمەتتىن شۇ كۈنى قاتتىق يىرگىندى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قېتىم يۈزلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈنلا ھەممىلا سوراقتا «راست» دىدى.

يەتتىنچى كۈنى ئۇنى سىلىق مۇئامىلە بىلەن باشلىق ئىشخانىسىغا باشلاپ چىقتى. ئۇنى تاشقارقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. ئىچكەركى ئۆيدە تالاش بولۇۋاتاتتى. گۈلئايشەم تالاشقۇچىلارنى تونۇدى. بۇلار روزەكۋاي بىلەن بانكىچى ئىدى. بانكىچى:

— ئۇ ئوغرى، بۇزۇق، ساڭا قىلچە كۆڭلى يوق تۇرسىمۇ يەنە ئۇنى خوتۇن قىلىمەن دەيسىنا!

— ئۇ ئوغرى ئەمەس، مىېنى ياخشى كۆرمىگىنى بىلەن باللىرىمغا ئامراق، ئۆيۈمگە كۆيۈنىدۇ. ئۇنى ھىلىقى پۆپۈچەك ئازدۇردى. بىر ئادەم ئازسىلا بۇزۇق بولامتىمۇ؟

— چەكنى ئوغرىلىغان تۇرسا!

— ئۆزىنىڭ چېكىنى ئۆزى ئوغرىلامدۇ؟

شۇ چاغدا ئۆيگە تاشقىرىدىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇ، مۇشۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلئايشەمگە:

— ئەپۇ قىلىڭ، گۈلئايشەم، سىزنى ئۇقۇشماستىن يەتتە كۈن تۇتۇپ تۇرۇپتىمىز. ئۆيىڭىزگە قايتىڭ، يولدىشىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭ، سىزنى روزاخۇنكام ئاقلاپ چىقتى.

— ياق، مەن ئوغرى، بەربىر ئۇنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىماقچى ئىدىم!

گۈلئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

— گۈلئايشەم! — ئىچكىرىدىن روزاخۇن يۈگۈرۈپ چىقتى، — كېچىكىپ قالدىم، باللارنىڭ سەۋەنلىگى، يۈرسىلە، ھارۋا ئەكەلدىم.

گۈلئايشەم روزەكۋاينىڭ سىېغىنىش، مۇھەببەت يالقۇنجاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساددە دىخانغا بىر خىل يېڭى تۇيغۇ پەيدا بولدى.



(ئاخىرى 41 - بەتتە)



# كۆپۈك

(ھېكايە)

راخمانجان رۇسۇل

كېچە. ئەتراپ قاراڭغۇ. ھەممە شېرىن ئۇيقىدا.

رادىيو كانىيىدىن تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان ئەنسىز ئاۋاز بۇ كېچىككىنە شەھەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتتى.

— يولداشلار، دىققەت، يولداشلار، دىققەت! زاۋۇتنىڭ قۇيمىچىلىق سېخىغا ئوت كەتتى. ھەممەيلەن جىددى ھەركەتكە كېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشايلى! ئىشچى-خىزمەتچى يولداشلار، كومپارتىيە ئەزالىرى يولداشلار، خىزمەت كۆرسىتىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى...

زاۋۇت باشلىقى قۇددۇس زاۋۇت رادىيو پونكىتىدا تۇرۇپ چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. زاۋۇت ئائىلىلىكلەر قوروسىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

قۇيمىچىلىق سېخى تەرەپتە يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت پۈتۈن زاۋۇت ئىچىنى يوپ-يورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى. كىشىلەر ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

رادىيو كانىيىدىن تېخىچە قۇددۇسنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ نەق مەيداندىكى ئىشتىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنى، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە بېرىلىدىغان ئىنئام، پاسسىپلىق قىلغانلارغا كۆرۈلىدىغان چارە ھەققىدە ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى. سېخ باشلىقى مەخمۇت كېيىمگە تۇتاشقان ئوتقىمۇ پەرۋا قىلماي، رادىيو پونكىتىغا يۈگۈردى. ئۇ پونكىتقا كىرىپلا ھاسىرىغان پېتى دېدى:

— چاڭجاڭ! ئەھۋال بەك خەتەرلىك، ئەگەر دەرھال چارە قىلمىساق، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتى تېخىچە يېتىپ كەلمىدى. ئىككى نەپەر ئىشچى ئېغىر يارىلاندى. ئۇلارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىشقا ئادەم يوق. سىز دوختۇرخانىغا تېلېفون بېرىۋېتىپ، نەق مەيدانغا بارسىڭىز...

— ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىدىگە خەۋەر قىلغانمىدىڭىز؟ — قۇددۇس ئەجەپلىنىپ سورىدى.

— ياق، مەن سىزنى خەۋەر قىلىدىمىكىن، دەپتىمەن.

— ھە، خەۋەر قىلمىغىنىڭىز ياخشى

بوپتۇ. نەتىجىگە باشقىلارنى شىرىك قىلىش ياخشى ئەمەس.

— بۇ نىمە دىگىنىڭىز؟ هازىر قۇيمىچىلىق سېخى كۆيۈپ بولاي دىدى، ئوت بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ،— مەخمۇت هاسىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ كۆيگەن كىيىمىدىن تېخىچە ئىس چىقىۋاتاتتى. ئۇ، بۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— سىز هازىر نەتىجە بىلەن قاپسىز، زاۋۇتنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۆزى نەتىجە.

— مۇشۇنداق هالقىلىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ چىقالىغان، باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز نەتىجە قازىنالىغان كىشىلەرلا هەقىقى قەهرىمان هىساپلىنىدۇ. هازىر هەقىقى قەهرىماننى سىنايدىغان پەيت،— زاۋۇت باشلىقى هىچ ئىش بولمىغاندەك مىيىغىدا كۈلدى.

— يولداش چاڭجاڭ! هازىر ئوتنى ئۆچۈرۈپ، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇش زۆرۈر...

— مەن زۆرۈر ئەمەس دەۋاتمايمەنغۇ؟ زۆرۈر بولغاچ ئاممىنى تەشكىللەۋاتىمەن. ئەگەر مەن تەشكىللىمىسەم شۇنچە ئادەم شىرىن ئۇيقىسىدىن كېچىپ، ئۆز جېنى بىلەن ئوينىشاتتىمۇ؟

مەخمۇتنىڭ سەۋرى تۈگىدى، ئۇنىڭ گەرچە قۇددۇس بىلەن مۇنازىرىلەشكۈسى بولسىمۇ، هازىر ۋاقىت ئەمەسلىگىنى هىس قىلىپ، شەهەر باشلىغىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بەردى.

شەهەر باشلىغىنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قۇددۇسنىڭ چىرايى ئۆزگىدى. ئۇ دەرهال ئورنىدىن تۇرۇپ سېخ تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ قۇيمىچىلىق سېخىغا بارغاندا ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. زاۋۇتتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزىنى ئۇنۇتقان هالدا ئوت بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. قۇددۇس ئوتنىڭ

بۇنچىۋالا كېڭىيىپ كېتىشىنى مۆلچەرلىمىگەن ئىدى. شۇڭا، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى، ئوت يالقۇنى ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىنى يورۇتىۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. گەرچە ئوت بىلەن ئېلىشىۋاتقانلاردىن هېچقايسىسى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان بولسىمۇ، هەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قاراۋاتقاندەك، يۈرىگىنىڭ دۈپۈلدىشىنى ئاڭلاپ قېلىۋاتقاندەك بىلىنىپ، ئەتراپىقا ۋەهىمە بىلەن قارىدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن جىپ ماشىنىنى كۆرۈپلا، ئوت يالقۇنى تەرەپكە ئۆزىنى ئاتتى. ئەمما ئۈچ قەدەم ماڭمايلا ئارقىغا داجىدى ۋە دەرۋازا تەرەپكە سىنچىلاپ قاراپ، شەهەر باشلىغىنىڭ ماشىنىسىنى تونۇپ قالدى. ئەمدى ئىككىلىنىپ تۇرۇشقا بولمايتتى. شۇڭا، بىرلا يۈگۈرۈپ ئوتنىڭ يېنىغىلا بېرىپ توختىدى. بىرنەچچە سېكۇنت ئىچىدە نىمە قىلىش كېرەكلىگىنى كۆڭلىگە پۈكۈۋالدى ـ دە، شەپكىسىنى ئېلىپ ئوت يالقۇنى ئىچىگە تاشلىۋەتتى، چاپىنىنى سېلىپ بىر تال قوقاسىنى چاپانغا يۆگىدى ۋە ئۇ يەر، بۇ يېرىدىن ئىس چىققاندىن كېيىنلا چاپاننى كىيىپ سېخ ئالدىدىكى تام ئۈستىگە چىقىپ، جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىغىلى تۇردى:

— يولداشلار، غەيرەت قىلىڭلار! خىزمەت كۆرسىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى! كومپارتىيە ئەزالىرى يولداشلار، ئىشچى ـ خىزمەتچى يولداشلار، سۇ قۇيۇڭلار، كىگىز يېپىڭلار!...

شامال كۈچىيىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئوت يالقۇنى ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن ئارقىغا داجىدى، داجىدى ـ يۇ، گۈپ قىلىپ تام ئارقىسىدىكى تۆمۈر ـ تەسەك ئارىسىغا يىقىلدى. ئىككى نەپەر ئىشچى ئۇنى يۆلەپ ماشىنىغا سېلىۋاتقاندا، ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئىدى.

قۇددۇس هۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچ-

قاندا، ئۇنىڭ بېشىدا شەھەر باشلىقى بىلەن بىللە بىر قانچە سېخ باشلىقلىرى قاراپ تۇراتتى. قۇددۇس يەنە كۆزىنى يۇمدى ۋە ئىنتايىن زەئىپ ئاۋازدا دېدى:

— ئوت... ئۆچۈرۈۋېلىندىمۇ ... زا... ۋۇت قۇتقۇزۇ... ۋېلىندىمۇ؟...

— خاتىرجەم بولۇڭ! ئوت ئۆچۈرۈلۈپ، زاۋۇت خەۋپتىن قۇتقۇزۇۋېلىندى. زىيان ئاز، سىز خاتىرجەم داۋالىنىڭ!

شەھەر باشلىقىنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭ-لىغان قۇددۇسنىڭ چىرايىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە جىلۋە قىلدى. ئۇ بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن تەستە كۆزىنى ئېچىپ، شەھەر باشلى-قىغا قولىنى ئۇزاتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. شەھەر باشلىقى دەرھال ئۇنىڭ قولىنى يەڭگىل سىقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قوپۇ-شىغا رۇخسەت قىلمىدى ۋە دەرھال يانچۇ-قىدىن بىر ماتىرىيالنى چىقىرىپ دېدى:

— مانا بۇ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ پۈ-تۈن شەھەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى سىزدىن ئۆگىنىشكە چاقىرغانلىق توغرىسىدىكى قارارى، سىز يەنە بىر قېتىم چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭىز. سىز بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىمىز!

قۇددۇسنىڭ كۆزى نەملەندى ۋە تەستە دېدى:

— رەھبەرلەر جاپا چەكتى، يولداشلار جاپا چەكتى...

قۇددۇس يەنە «ھۇشىدىن كەتتى». شەھەر باشلىقى ئۇنىڭ خاتىرجەم ئارام ئېلى-شى ئۈچۈن قۇددۇسنى ئايلى بىلەن خالى قالدۇردى.

بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، قۇددۇس «ھۇشىغا كېلىپ» تام تەرەپكە ئالدىنى قىل-دى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ خىيالغا پاتتى. ئۇ-نىڭ خىيالىدىن بۇرۇنقى ئىشلار بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى...

×

بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇن قۇددۇس مۇشۇ زاۋۇتتا ئاددى ئىشچى بولۇپ ئىشلەيت-تى. ئۇ بىر كۈنى چىلەك كۆتىرىپ كۆلدىن سۇ ئالغىلى چىقتى. شەھەر باشلىقىنىڭ 7 ياشلىق ئوغلى سەمەرجان كۆل بويىدىكى ئۆژمىنىڭ ئۈستىدە ئۆژمە يەۋاتاتتى. قۇددۇس ئېگىلىپ تۇرغان شاختىن بىر نەچچە تال ئۆژمىنى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالدى، سەمەرجان پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆژمە يەۋاتقاچقا، ئۆژمىنىڭ تۈۋىدە ئادەم بارلىقىنى سەزمىدى. قۇددۇسنىڭ قوسىقىغا جىن كىردى. ئۇ ئەتراپقا بىر قېتىم قارىۋەتكەندىن كېيىن، سەمەرجان دەسسەپ تۇرغان ئۆژمە شېخىنى بىرلا تار-تىۋىدى، سەمەرجان چولتۇككىدە كۆلگە چۈشۈپ كەتتى. قۇددۇسنىڭ يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە جىلۋە قىلدى - يۇ، يەنە دەرھال يۈرى-كى ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى، كۆل ئانچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، ئۇ ئەتراپقا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، «ئادەم بارمۇ؟» دەپ جېنىنىڭ بېرىچە بىر ۋاقىرىۋېتىپلا كۆلگە سەكرىدى. ئۇ سەمەرجاننى شۇ ھامان تۇتۇ-ۋالغان بولسىمۇ، دەرھال قاشقا ئېلىپ چىق-ماي، ئارقىدىن يەنە بىر قانچە قېتىم ئەنسىز ۋاقىرىدى ۋە بالىنى قاش تەرەپكە سۆرىگەن بولۇپ بىر قانچىنى چۆمدۈردى، بىر قانچە ئادەملەرنىڭ كۆل تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋات-قانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا سەمەرجاننى قاشقا ئېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا سەمەرجاننىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ۋە باشقا قوشنىلارمۇ كۆل بېشىغا ھازىر بولغان بولۇپ، ھەممەيلەن قۇددۇسقا ئاپىرىن ئوقۇشتى. شەھەر باشلىقى بىلەن ئايلى ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، قۇددۇسقا نىمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىل-مەي مەڭدەپ قېلىشتى. ئادەتتىكى بىر ئىشچى شەھەر باشلىقىنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلىنى قۇتقۇ-

زۇپ قالسا، بۇنىڭغا كىمنۇ ئاپىرىسىن ئوقۇمدسۇن. مانا شۇ ئىشتىن كىيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ سىخ مۇدىرى بولدى.

سىخ مۇدىرى بولۇپ بىر يىل ئۆتكەندىن كىيىن، بىر ئاخشىمى قۇددۇس بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە بىرىپ كەچ قايتتى. ئۇ كەيىپچىلىكتە غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كىلىۋىتىپ دوختۇرخانىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئورمانلىققا كەلگەندە، ئورمانلىق ئىچىدىن ئالىكىملەرنىڭ گۇدۇڭلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇنىڭ يۈرىگى قاتتىق سوقۇپ كىتىپ، ئىختىيارسىزلا «كىم؟» دەم ۋاقىراپ سالدى. ئورمانلىق ئىچىدىن بىر كىشىنىڭ قاچقانلىق شەپىسى ئاڭلاندى. يەنە بىر كىشى مىدىر-سىدىر قىلماي ئۆرە تۇراتتى.

— كىم؟— دەپ قايتا ۋاقىرىدى قۇددۇس.

— مە...مەن!

قۇددۇس ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كىيىن، يۈرىگى جايىغا چۈشۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— مەن دىگەن كىم؟ يېرىم كىچىدە بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسىلەر؟

— مەن... ئىشتىن... يېنىپ كىلىۋاتسام... ئىككى ئادەم... سا... سائىتىمنى بۇلىۋالدى...

— ئىسمىڭىز نىمە؟ قەيەردە ئىشلەيسىز؟

— ئىسمىم گۈلجەننەت، مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەيمەن.

— ۋۇي، سىلى نىياز بۇجاڭنىڭ رەپىقىسى ئەمەسمۇ؟ بالدۇرراق دىسىلىچۇ، قېنى ئۇ، ئوغرىلار؟— قۇددۇس ھىلىقى قاچقان ئادەمنى قوغلاپ كەتتى.

قۇددۇس ئالاھىزەل يېرىم سائەت ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ شەپكىسى چۈشۈپ قالغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، يۈز-كۆزلىرى لايغا مىلەنگەن ئىدى.

— گۈلجەننەت، ئوغرىلار قېچىپ كەتتى، بىرەرىنىمۇ تۇتالمىدىم، ئۇلار ئىككى كىشى ئىكەن، كۈچۈم يەتمىدى، يالغۇز بولغان بولسا، تۇتۇۋالغان بولاتتىم. قۇددۇس يۈزىدىكى لايلارنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ سۆزىنى داۋام قىلدى،— مەن سىلىنى ئۆيگىچە ئاپىرىپ قوياي!

— قۇددۇس مۇدىر، ئەگەر سىلى كەلمىگەن بولسىلا، ھاياتىمدىنمۇ ئايرىلغان بولاتتىم،— دەپ ئىسەدەشكە باشلىۋىدى، قۇددۇس ئۇنىڭغا تەسەللى بىرىشكە باشلىدى:

— يىغلىمىسىلا، ھىچگەپ يوق، بۇ مىنىڭ قىلىشقا تىگىشلىك ئىشىم.

— سىلىگە كۆپ رەھمەت، باللارنىڭ دادىسى بۇ ئىشنى ئاڭلىسا، سىلىدىن كۆپ مىننەتدار بولىدۇ،— دىدى گۈلجەننەت.

شۇ ئىشتىن كىيىن، قۇددۇس يەنە ئەتىۋارلىق ئادەمگە ئايلىنىپ، ئاستا-ئاستا زاۋۇت باشلىقى قىلىپمۇ ئۆستۈرۈلدى. لېكىن ئۇ چالا ساۋات بولغانلىقى ئۈچۈن زاۋۇت باشقۇرۇشتا كۆپ قىينالدى.

ئۆتكەن يىلى زاۋۇتنىڭ يىللىق خۇلاسە دوكلادى بىر ئاي بۇرۇن تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كاتىپ ئۆز باشلىقىنىڭ ئەھۋالىنى خېلىلا چۈشىنىپ قالغاچقا، دوكلاتنى باسما زاۋۇدىدا باستۇرۇپ ئەكەلدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، يىغىن باشلانغاندا چاتاق چىققىلى ئازلا قالدى: زاۋۇت باشلىقى دوكلاتنى ئوقۇيالماي كۆپ دۇدۇقلىدى. «چىشلىق چاق» نى «چىشى چاق»، «بولتا» نى «بولقا»، «ئاكمىلياتور» نى «ئاكاملاباتور»، «رادىياتور» نى «رادىيوتورى» دەپ خېلى قاتتىق كۈلكىگە سەۋەپ بولدى...

×

قۇددۇس دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېپ-
يىنلا تەلەي ئۇنىڭغا تەتۈر قارىدى. چۈنكى،
كادىرلارنى ياشلاشتۇرۇش، زىيالىلارنى،
كەسىپ ئەھلىلىرىنى رەھبەرلىك خىزمىتىگە
قويۇش — دىگەنىدەك گەپلەر ئەۋج ئېلىپ
كەتكەن ئىدى. گېزىت - ژورنال ۋە رادىيو-
لاردىمۇ مۇشۇ مەسىلە سۆزلىنەتتى. بۇ
مەسىلە زاۋۇتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-
نىڭمۇ ئاساسىي سۆھبەت تېمىسىغا ئايلىنىپ
كەتكەن ئىدى.

راست دىگەندەك، بىر كۈنى زاۋۇتقا
سايلام كومىسسىيىسى كەلدى ۋە مەخپى
ئاۋاز بېرىش يولى بىلەن سايلام ئېلىپ
بېرىلدى.

قۇددۇس بۇ قېتىم ئۆزىنىڭ سايلى-
نالماي قېلىشىدىن ئانچە ئەنسىرىمەيتتى.
چۈنكى، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەت نەتى-
جىلىرى بار ئىدى. ئىككى قېتىم ئۇتتۇرۇش
ئۈلگىسى بولدى. تېخى يېقىندىلا ئوت
ئۆچۈرۈش ۋاقتىدا يەنە بىر قېتىم خىزمەت
كۆرسەتتى. دىمەك، ئۆزىنىڭ زاۋۇت باشلىغى
بولۇپ سايلىنىشىدا گەپ يوق.

قۇددۇس سايلام كومىسسىيىسى
تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلگەن قەغەزگە
«قۇددۇس» دەپ يازدى - دە، زالدىن چى-
قىپ كەتتى.

سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا
قۇددۇس ئۆزىنى يەتتە قات ئاسماندىن
موللاقلاپ چۈشۈپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.
چۈنكى، زاۋۇت باشلىغى بولۇپ سايلانغانلار
قاتارىدا ئۇنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. ئۇ
خېلى ئۇزاققىچە ئېسىنى يىغالماي ئولتۇرۇپ
قالدى. بېشى زىڭىلداپ ئاغرىپ، كۆز
ئالدىدىكى نەرسىلەر ئىمىر - چىمىر بولۇپ
كۆرۈنەتتى. يېڭى زاۋۇت باشلىغىنى تەب-
رىكلەپ چېلىنغان چاۋاكلار ئۇنىڭ يۈرى-
گىنى مۇجۇدى.

ئۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى.

— تېخى كۆرۈمىز! — دىدى ئۇ ئەلەم
بىلەن غۇدۇڭشۇپ، — شەھەرلىك ھۆكۈمەت
كىمنى تەستىقلىسا شۇ ھىساپ!

ئۇ كومىسسىيە ئەزالىرىنى ھەيران
قالدۇرۇپ، يۈگۈرگىنىچە زالدىن چىقىپ
كەتتى...

(بېشى 36 - بەتتە)

گۈلئايشەم تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بو-
ۋايغا قارىدى، بوۋاينىڭ يالغۇز بۇرنىلا
ئەمەس، ھەممىلا يېرى گۈلئايشەمگە چىرايلىق
كۆرۈندى.

— سىلىنى دەپ ئات - ھارۋا قىلدىم.
سىلى دىگەن سودىلىقنى تولۇق قىلدىم، توك
چىقىرىدىغان ماشىنا ئالدىم. ئەكېلىشكە ئوغۇل
قەشقەرگە كەتتى، قېنى، ھارۋىغا چىقسىلى!

گۈلئايشەم يەرگە قارىدى ئۇ ھازىر
يالڭاياق ئىدى.

— پىيادە كېتەيلى.

— نىمىشقا؟

— مۇڭداشقاچ.

گۈلئايشەم شۇنداق دىدى - دە، يالڭا-
ياق پۇتلىرى بىلەن يېزا يولىنىڭ يۇمشاق
توپىسىنى دەسسىدى.

ئېھ، توپىلىق يول، گۈلئايشەمگە پايان-
داز بول!

# شېئىرلار

جاپپار ئەمەت

## ياشارغان نوتا

مۇندىن ئون ئىككى يىل ئىلگىرى،
چوكانتال يېشىلگەن بىر باھار كۈنى؛
دەھشەت سېلىپ گۈكرەپ،
كۈيىقاپتىن چىققان ئالۋاستىدەك ھۆكرەپ،
ئون ئىككى بال بوراننىڭ ئۈنى،
ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئىدى.
قارا بوران بارغانچە ئەزۋەيلەپ،
توپا - چاڭلار ئاسمانغا ئۆرلەپ،
دەرەخلەر ئىڭاڭلاپ،
قۇشلار ئۇۋىسىدا ياتالمىغان ئىدى.
شۇ كۈنى
يىراق بىر ئېتىزدىكى يالغۇز تېرەك
بوراندا قاراسلاپ يەرگە يىقىلدى.
ئۇنىڭ بىر تال يۇمران شېخى سۇنۇپ،
بوراندا ئاسمانغا ئۇچۇپ،
ئۇيان چۆرگىلەپ،
بۇيان چۆرگىلەپ،
يىتىم بالىدەك تېنەپ - تەمتىرەپ،
بىر ئېتىز قىرى باغرىدىكى
ئازگالغا كېلىپ تىقىلدى.
بىردەمدىلا ئۇنى
توپا - چاڭلار بېلىگىچە كۆمۈپ تاشلىدى.
شېخىدىن ئايرىلغان يۇمران نوتا،
ئەلەمگە چىدىماي،
كۆزلىرىنى ياشلىدى...

ئۇنىڭ بەختى ئوڭدىن كېلىپ،
بوران توختاپ، ئالەم تىنجىدى.
ئارقىدىنلا
چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ،
بوران ھەيدەپ كەلگەن بۇلۇتلار
يامغۇرغا ئايلىنىپ تامچىلىدى.
يۇمران نوتا بېشىنى كۆتىرىپ،
كۈمۈش تامچىلارنىڭ لېۋىگە سۆيۈپ،
راھەتلىنىپ ئاستا كېرىلدى.
ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ،
بىخ چىقىرىپ، قايتا تىرىلدى.
بولغاچقا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ھاياتىي كۈچ،
بوران - چاپقۇنلارغا كەلسىمۇ دۇچ،
بوي بەرمىدى، كۆكلەپ ياشاردى،
يىللارنى قوغلىشىپ ئۆسۈپ باردى...

بۈگۈن ئەتىگەن مەن،
قىر تۈۋىدىكى يولدىن ئۆتۈۋېتىپ،
بىر چوڭ دەرەخنى كۆرۈپ قالدىم.
ئۇنىڭ باراقسان بولۇپ ياشارغان
بەستىگە قاراپ،
شاتلىقىمدىن يۈرىكىم ئويناپ،
ساپ ھاۋاسىدىن نەپەس ئالدىم.
مانا بۈگۈن شۇ سۇنغان نوتا،
بارغانسېرى ياشىرىپ،

چوپ - چوك دەرەخ بولۇپتۇ.
ئۇنىڭ شەپەق نۇرىغا چۆمگەن
ياپ - يېشىل ياپراقلىرىغا
مەرۋايىت شەبنەملەر كېلىپ قونۇپتۇ؛
باھارغا يېڭى كۆركەملىك بېغىشلاپ،
يول ئۈستىگە قويۇق سايە تاشلاپ،
ھۆسۈن - جامالىغا راسا تولۇپتۇ.
ئاڭلىسام تېخى،
ئۇنىڭدىن چاتاپ ئېلىنغان شاخلار
قەلەمچە قىلىنىپ، ئورمان بولۇپتۇ.

ياشارغان شۇ نوتىغا قاراپ،
خىيال كەپتىرىم ئۇچتى ئۆتمۈشكە.
تولغاندەك بولدى ۋۇجۇدۇم گويا،
ئاشۇ نوتىدەك ھاياتىي كۈچكە.

## يولدا

كارۋاننىڭ تىنىمسىز قوڭغۇرىغىدەك
ھايات يوللىرىدا جىرىڭلاپ ئۇزاق؛
كېزىپ چىقتىم قانچە شەھەر، ئۆتەڭنى،
لېكىن مېنىڭ يەنە مەنزىلىم يىراق.
قاتندىم بەزىدە تۈپ - تۈز يول بىلەن،
بەزىدە ئىگىز - پەس چىغىر يوللاردا.
ئۆگۈپ كەتكەن شاتاۋا سىزىقلىرىدەك
ساناقسىز ئىزلىرىم قالدى قۇملاردا...
بەزىدە ھاسىراپ، ھۆمدەپ قالدىم،
دەملىرىم سىقىلدى، لېكىن ھارمىدىم.
گەر ھارسام توپلىدىم قايتا كۈچ - مادار،
كارۋاندىن قېلىشماي ئالغا چامدىدىم.

بۇ يولدا مەن ئۈچۈن بولدى كۈچ - مەدەت،
قەلبىمدە ھاياتقا بولغان مۇھەببەت.

*

بەزىدە كۈن شۇنچە قىزىپمۇ كەتتى،
لاۋۇلداپ يالقۇنلۇق تونۇر تەپتىدەك؛
تەشنالىق ئىچىدە قاغجىراپ لېۋىم،
پىژغىرىم ئاپتاپتا قورۇلدى يۈرەك.
ھە، شۇنداق چاغلاردا كۆزۈمگە گويا،
يىراقتا لىغىلداپ ئاپپاق شايىدەك،
كۆرۈندى پاقىراپ ئېزىتقۇ — سەرەپ؛
تىنىق كۆل سۈيىدەك ۋىلىلداپ گويا،
«چاڭقىغان بولساڭ كەل، — دىدى، — مەن تەرەپ!»

بۇنداق چاغلاردىمۇ يولدىن ئازمىدىم،
غالىپ كەلدى مېنىڭ ئىشەنچ - ئۈمىدىم.

*

قانچە رەت كەچ قالدىم چۆل - جەزىرىدە،
يوق ئىدى قونغىدەك بىرەر پانا جاي.
يېپىنىپ ئۈستىگە قارا پەرەنجە،
بۇلۇتلار تەكتىگە چۆككەن ئىدى ئاي.
كۆمتۈرۈپ قويۇلغان قارا قازاندەك
تۇراتتى ئۈستۈمدە ئاسمان گۈمبىزى؛
سىنچىلاپ قارىسام، كۆرۈندى شۇ چاغ
بىر ئالتۇن چېكىتتەك قۇتۇپ يۇلتۇزى.

قۇتۇپ يۇلتۇزىغا ماڭدىم ئەگىشىپ،
يولۇمدىن ئاداشماي تاغ - داۋان ئېشىپ.

*

ئوتقاشتەك قىزاردى شەرق ئۇپۇقى،
كۈن ئاستا ئۆرلىدى ئالتۇن پانۇستەك.
چۆمۈلدى كەڭ زېمىن بىنەپشە رەڭگە،
ياساندى باغ - ئورمان گۈزەل تاۋۇستەك.
بۇ ئىدى مەن كۈتكەن تاڭنىڭ شەپىقى،
بۇ شەپەق ئۈستۈمدىن جۇتنى ھەيدىدى.
بىر سادا ياڭرىدى قۇلاق تۈۋىمدە:
«مەنزىلىڭ ئاز قالدى، بوشاشما ئەمدى!»

يول ئالدىم يەنە چوڭ مەنزىلگە قاراپ،
قەلبىم قۇياش كەبى كەتتى يالتىراپ.

## يېڭى قەدەم

ئەپسۇسكى، مېنىڭ بۇ بىتالەيلىگىم
ساڭىمۇ كەلتۈردى شۇنچە قايغۇ غەم.
ئازاپلىق يىللاردا كۆردۈم ھېمىشە،
يۈزۈڭدە ياش دېغى، كىرپىكىڭدە نەم.
بىلدىمكى، تاقىتىڭ تاغ ئىكەن گويا،
ئىرادەڭ شۇنچىلىك ئىكەن مۇستەھكەم.
يىللارنىڭ سىنىغى باغلىدى بىزنىڭ
كۆڭۈل رىشتىمىزنى تېخىمۇ مەھكەم.
ھە، بۈگۈن ئۇنتۇلدى قايغۇ ـ ئەلەممۇ،
ئۇنتۇلدى شۇ ئېغىر يىللارمۇ نىكەم.
قاتارغا تىزىلدۇق تۇرۇپ يانمۇ ـ يان،
بىر يېڭى ھاياتقا تاشلىدۇق قەدەم.
بۇ يولدا يولداشىمىز، سەپەرداش، ھەمرا،
سەن مېنىڭ مەڭگۈلۈك گۈزىلىم، ئېركەم!

1984 ـ يىل، ئۈرۈمچى.

# ئەللىك تۆت يىل

**مۇھەممەت رەھىم**

ئەللىك تۆتكە كىرىپ قاپتىمەن،
ياشاپتىمەن لېنىن بىلەن تەڭ.
شۇ سۆزۈمدىن سەكسەنىنچى يىل
غەزەپلىنىپ شىمايلىدى يەڭ.

زاڭلىق قىلىپ شۇنداق دېدى يىل:
«پاھ، تېپىپسەن قالتىس ئوخشاشلىق!...
ھاماقەتلەرنىڭ ئازمۇ جاھاندا
ساڭا ئوخشاش ئەللىك تۆت ياشلىق؟!

ئەللىك تۆت يىل ياشىدى لېنىن،
ھەغدا بولۇپ ماركس تۇغىغا.
ئېچىپ بەردى باھار يولىنى
كىشىلىكنىڭ ھايات بېغىغا.

ئەللىك تۆت يىل ياشىدى لېنىن،
بەرپا قىلدى غالىپ بىر ئېقىم.
سۆيۈپ قالدى پەقەتلا ئۇنى،
ئۇ ياشىغان ھەر يىل بىر قېتىم.

ئەللىك تۆت يىل ياشىدى لېنىن،
ئاشۇ يىللار خۇرسەن ئۇنىڭدىن.
شۇنداق زاتنى كۆرگەن يىللارغا
شاتلىق بولماس ئارتۇق بۇنىڭدىن.

ئەللىك تۆت يىل ياشىدى لېنىن،
ئەللىك بەشنىڭ ئۈزۈلدى رىشتى.
ئىنسان تۇگۇل، ھەتتاكى يىللار
شۇ قايغۇدىن ھەسرەت چېكىشتى.

ئەللىك تۆت يىل ياشىدى لېنىن،
بەك ئاز ئۆمۈر كۆرگىنى ئېنىق.
ئىنسانىيەت ئارزۇسى بىلەن
ئۆلچىسەڭ ئۇ ئەللىك تۆت تىنىق.

تەبىئەتمۇ شۇ ئۇلۇغ زاتنى
ماختىنىدۇ مەن تۇغدۇمغۇ دەپ.
كاج پەلەكمۇ ئۇنىڭ رايىغا
ئۆكۈنىدۇ: يول قويدۇمغۇ...دەپ.

بۈيۈك غايە، قەيسەر ئىرادە،
ئۆتكۈر ئەقىل، ئىسىل پەزىلەت...
جەم بولغاچقا ئۇنىڭ قەلبىدە،
زەپەر قۇچتى يېڭى ھەقىقەت.

Altun

شۇ مۇقەددەس زەپەر ئۇنىڭغا
بەخش ئەتتى ھالال ئۇلۇغلۇق.
چاڭ قونالماس ئۇنىڭ شەنىگە،
يېڭى دۇنيا مەۋجۇت تۇرۇقلۇق.

كۆرگەن بولسام مەنمۇ ئەگەر شۇ
يېڭى دۇنيا ئىجاتچىسىنى،
يۈز ئۇنىنچى يېشى بولاتتىم،
بەختىم دەيتتىم شۇنداق كىشىنى.

ئەللىك تۆت دەپ لېنىننىڭ يېشى،
تەڭلەشتىم مەن دىمە، ئەي بەسىر!
بولالمايسەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ،
ياشساڭمۇ ئەللىك تۆت ئەسىر.»

تەر تەپچىدى ئىككى چېكەمدىن،
تەمتىرەتتى خىجىللىق مېنى.
ئىزاھ بەردىم تەڭ دىگەن سۆزگە،
رەت قىلماستىن يىللار پەرقىنى:

ئەللىك تۆتكە كىرگەن چېغىمدا،
ئەسلەپ ئۆتتۇم لېنىن بوۋامنى.
ئەسلىدىم دەپ تەڭلەشتۇرمىدىم
قۇياش بىلەن بىر خىرە شامنى.

1980 - يىل يانۋار ئۈرۈمچى.

# قىش كۆرۈنۈشلىرى

**مەھەممەت شاۋدۇن**

(1)

تاشلىنىپ بەقەسەم تون، چىمەن دوپپا،
ئالماشتى تاغ - دالانىڭ ئۇستىۋېشى.
شايى تون كىيدى تاغلار ئوشۇققىچە،
ئوردى ئاپپاق سەللە ئىگىز بېشى.

كىردى ئۇ خۇددى بوۋاي سىياقىغا،
يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان چوڭ ئاق كىگىزدە.
داللار گويا كى كەڭ ئاق داستىخان،
تىزىلغان ئاپپاق توقاچ، ئاپپاق گىردە.

چىدىرلار خۇددى چەينەك يېنىدىكى
شاقراتما جوغىسىدىن قۇيۇلغان چاي.
شۇ چاينىڭ ھورى گويا ئاپپاق تۇمان،
چەينەكنىڭ پۇرۇقلىشى شاۋقۇنلۇق ساي.

مۇز قاتقان كۆللەر قېتىق تاۋاقتىكى،
ئولتۇرار «بوۋاي» ئاڭا نەزەر سېلىپ.
يوقمىكىن نېمەتلەرگە ئىشتاھاسى،
قويمايدۇ بىرسىنىمۇ قولغا ئېلىپ.

(2)

ئۇخلايدۇ تاغۇ - دالا، ئاپپاق كىرلىك
تارتىلغان يۇمشاق قېلىن يوتقان يېپىپ.
قارىغاي، ئارچىلارنىڭ يۇمران شېخى،
ئېگىلگەن بەجايىكى، ئۇيقۇ بېسىپ.

تاغ ئېشىپ كېلەر ئەنە بىر توپ قىران،
ئاشۇدەم قويۇق ئورمان ئارىسىدا.
ئويناقلار تېگىدىكى ئارغىماقلار،
يالترار كۈمۈش بىزەك يايلىسىدا.

قىرانلار چېكىسىدە چاقنار يۇلتۇز،
چولپاندەك جۈپ كۆزلىرى شۇنچە نۇرلۇق.
مەگزىدە شەپەق ئەكسى ئۇيۇپ قالغان،
تۇرقىدىن ئەكس ئېتەر بىر جەسۇرلۇق.

قاچالماس نەزىرىدىن قار ئۈستىدە
قالدۇرغان ئىزغا قەدەر بىرەر توشقان.
سېزىدۇ شۇنچە چوڭقۇر ئۈنۈسىدا،
بىر سۇغۇر پۇشۇلدىسا تىنىپ يوغان.

كېلىدۇ چارلاپ جەڭچى بۇ چېگرىنى،
گايىدا چىقىدۇ قار ئات كۆكسىگە.
گايىدا چۈشەر ئۇلار ئوي - جىلغىغا،
گايىدا چىقىدۇ تىك تاغ ئۈستىگە...

شۇرغان چىقتى بىردىن جەھلى بىلەن،
ئەتراپنى باستى تۇتەك،
ئۇچۇدۇ قار.
ئورمانلار شۇۋۇلدايدۇ شۇنچە سۈرلۈك،
تاراسلاپ يىقىلدى بىر قېرى چىنار.

قىرانلار كېلەر يەنە توختىماستىن،
ئۇرغۇيدۇ تېخىمۇ كۈچ - جاسارىتى.
نىمىدى بوران يېڭىپ ئۆسكەن مەرتلەر،
ئالدىدا تاغنىڭ بۇنچە كارامىتى؟!

بەزىدە توسقاندا قار يوللىرىنى،
ئۇلار ھېچ ئاستىلاتماس سۈرئىتىنى.
بەزىدە تاغ تېكىسى ئاران ئۆتكەن
تار يوللار ئىسناپ باقار جۈرئىتىنى...

كەلمەكتە ئۆتۈپ بارچە سىناقلاردىن،
ساقلاپ بۇ ئاق زىمىننى ياۋا ئىزدىن.
ئورمانلار شۇڭا تېنچ،
تاغلار ئامان،
خاتىرجەم ئەل - يۇرت،
ھايات شۇنچە قىزغىن.

(3)

كېلىمىز بىز تىيانشان تاشيولىدا،
ئاسمانغا تاقاشقان تاغ ئىككى تەرەپ.
كېلىمىز ئەگرى - توقاي يولنى بېسىپ،
ئۆتۈپ بىز ئەگمىلەردىن ئىگىز ئۆرلەپ.

كۆرۈندى ئالدىمىزدا كۆلەڭگىلەر،
ماشىنا يېقىنلىدى سىگنال بېرىپ.
بىلدىمكى، تاشيولچىلار ئىكەن ئۇلار،
يۈرگەن بۇ ئىگىزلىكتە قار سۈپۈرۈپ.

ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە قونالغۇسى،
يىل بويى ئېلىشىدۇ قار - مۇز بىلەن.
ئېڭىشىپ پەسكە باقساڭ قايىدۇ باش،
كالىلار كۆرۈنەر تەڭ قوڭغۇز بىلەن.

ئۈستىدىن كەتمەس بۇلۇت،
ئەتراپىدا
ھەمىشە لەيلەپ يۈرەر قويۇق تۇمان،
يۈرىكىڭ ئېغىپ، دېمىڭ سىقىلىدۇ،
ئۆتكىچە مۇشۇ يەردىن ئەگىپ راۋان.

بۇ يەردە يول ئاسرايدۇ ئاشۇ مەرتلەر،
(ئۇنتۇلغان بۇندا گويا كۆكلەم، تومۇز).
شۇڭا قار قانچە قېلىن، كۆپ ياغسىمۇ،
يوللاردا ياتالمايدۇ بولۇپ كۆك مۇز.

يۈز ئاچتى مانا بىزگە ئاسپالت يول،
شۇ قەدەر سىلىق،
شوپۇر كەتتى يايراپ.
ئىچىمدە ئۇلارغا مىڭ رەھمەت دېدىم،
بېشىمدىن غەم - ئەندىشە كەتتى تاراپ.

(4)

قىرغاۋۇل ئۇچۇشۇدۇ كۇرۇلدىشىپ،
ئايلىنار كۆل - نەقىشكە قونغان يېرى.
توشقانلار چىغ تۇۋىدىن چاچراپ چىقىپ،
قاچىدۇ كۆرۈنگەندەك خۇددى بۆرى.

قۇش قۇشلاپ يۈرەر ئەنە بىر ئاقساقال،
پەلەيلىك سول قولىدا قارچۇغىسى.
ئاستىدا پۇشقۇرۇدۇ جېرەن ئېتى،
بوش ئەمەس كەينىدىكى غانجۇغىسى.

تۇرغۇن قۇش تىپىرلىدى ئاڭنى كۆرۈپ،
ئاقساقال قويۇۋەتتى ئۇنى شۇئان.
ساداقتىن چىققان ئوقتەك ئېتىلدى قۇش،
ئاستىدا باسماغدىلىپ قالدى توشقان.

سىلكىدى تىزگىننى،
چاپتى يورغا
چاچرايدۇ تۇيىغىنىڭ ئاستىدىن قار.
ئاقساقال ئۇچۇپ كېلەر ئات ئۈستىدە،
نەقەدەر كۆڭۈللۈك ـ ھە، قىشتا شىكار.

(5)

جانلاندى جىمجىت ياتقان ئاپپاق دالا،
ئاتلارنىڭ ئۆرەنلىشىپ كىشنىشىدىن.
توپلاندى خىل ئات مىنگەن چەۋەندازلار،
بۇ يەرگە يېزىنىڭ ھەر دوقمۇشىدىن.

قىزىشار تۇيىغىدا تىلغاپ قارنى،
شاش ئاتلار پۇشقۇرۇدۇ تىزگىن سىرىپ.
ئولتۇرار ئىشەنچ بىلەن ئات ئۈستىدە،
راسلىنىپ چەۋەندازلار مەيدە كېرىپ.

تاشلاندى مانا ئوغلاق،
باشلاندى «جەڭ»
گۈررىدە ئېتىلدى تەڭ ئوغلاقچىلار.
تارتىشار غۇژمەكلىشىپ بىر توپ ئەنە،
دەم چۆكۈپ، كۆتىرىلەر قۇلاقچىلار.

ئەپقاچتى بىر مۆيىسپىت يۇلۇپ ئۇنى،
تېقىمغا باسقىنىچە توپنى بۆسۈپ.
يېتىشىپ ئوغلاقچىلار قوغلاپ بېرىپ،
تالاشتى يەنە كەسكىن ئۇنى توسۇپ.

بىر يىگىت ئېلىپ قاچتى ئۇنى ئاخىر،
مەيداندا كۆتىرىلدى قىسقاس ـ چوقان.
قوغلىشار ئوغلاقچىلار ئارقىسىدىن،
ئاز قالدى ئالدىدىكى مەنزىل ـ نىشان...

كەچقۇرۇن دالىدىكى قار ئۈستىدە،
مىڭلىغان ئاتنىڭ تۇياق ئىزى قالدى.
ئاتلارنىڭ كۆپۈلگىنى، خىللىغىنى،
بۇ مەيدان يەنە بىر رەت كۆرۈپ قالدى.

84 ـ يىل، ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى.

# ئىككى شېئىر

## مەھەممەتجان راشىدىن

### بىھۇدە ئۆتمىگەي يىللار

غەنىمەت ھەر پەسىل سەنچۇن، بىھۇدە ئۆتمىگەي يىللار،
ئۇنى بىلگىن ئەزىز مېھمان، قۇرۇق قول كەتمىگەي يىللار.
ئۆمۈر ئىچرە كالىنداردىن ئۆرۈلگەندە ئاداققى بەت،
ساڭا لەنەت ئەمەس، بەلكى، شەرەپ ـ شان يۆكلىگەي يىللار.
قۇرۇق ئۆتكەن يىلىڭ، تەھقىق، سېنىڭدىن رەنجىشىن ئەيتۇر،
نادانلار سۆكسە سۆكسۇنكى ۋە لېكىن سۆكمىگەي يىللار.
تۆكەر دەيدۇ غازاڭلارنى ئۆمۈرنىڭ شاخىدىن ھەر يىل،

غازاڭنى تۆكسە تۆكسۈنكى، يۈزۈڭنى تۆكمىگەي يىللار.
ۋەتەنگە تۆھپە قوشماقنى جىمىدىن ئەتىۋا بىلگىن،
دىسەڭ گەر: خەلقى ئالەمدە پەرىشان ئەتمىگەي يىللار.
ئىجات ئەھلى بىلەن تۇرغىن يورۇق يۇلتۇز كەبى سەپتە،
هاياتىڭ ئۆچسە ئۆچسۈنكى، ئىزىڭدا ئۆچمىگەي يىللار.
پەسىللەر، ھەپتىلەر، بىلسەڭ، ئىلىم ئەھلىگە ئاشىقتۇر،
شۇلار ياڭلىغ مۇھەببەتتە سىنىڭدىن كەچمىگەي يىللار.
ئۆتەر كارۋان كەبى كۈنلەر سىنى تەر تۆككىلى ئۈندەپ،
ۋە ياكى بىر دۆۋە خامان سىنىڭدىن چەشلىگەي يىللار.
گويا ئىنسان سۈپەت يىلمۇ بولۇركەن ياخشىغا خوپ يار،
قاتار تۇر ياخشىلار ئىچرە، يامانىنى يەكلىگەي يىللار.
«يامان» دەپ قالسا داغ سەندىن، ياشاشتىن قالدى نە مەنا؟
ئۇ كۈننى بىزگە دۇنيادا پەقەت كۆرسەتمىگەي يىللار.

## مەكتەپ

ساڭا تەڭداش تېپىلماق تەس، جاھاننىڭ گۆھىرى، مەكتەپ،
يېتىلگەي سەن بىلەن نۇرلۇق ئەقلنىڭ جەۋھىرى، مەكتەپ،
بۇ جەۋھەر ئالدىدا نەدۇر بېھىشنىڭ كەۋسىرى، مەكتەپ،
مەرىپەت ئەھلىنىڭ بارچە ئۆزەڭ ئۇستاز - پىرى، مەكتەپ،
سىنىڭدىن ئۆزگە بولغايمۇ جاھاننىڭ ئەختىرى، مەكتەپ!

سىنى كىم، ئېيتقىنا مەكتەپ، ئۆزىگە چىن ئانا بىلمەس،
سۈتىڭدىن ئەممىسە قېنىپ كىشىنىڭ دىلى ھىچ كۈلمەس،
سىنىڭدىن بىر ئۆمۈر تاپتى تالاي ئالىملىرىڭ ئۆلمەس،
دىلىدىن ئۆزگە يات جايىغا ئۇلارنى ئەلمۇ ھەم كۆممەس،
بۇ ھەقنى سۆزلىمەكنىڭ دەل ئۆزەڭ خوپ مۇنبىرى، مەكتەپ.

سىنىڭدىن ھەر ئەقىل ئەھلى بولۇپتۇ ئىلمى - ئىرپانلىق،
يېتىشتى سەن بىلەن قانچە ئىلىم مەشئەللىرى داڭلىق،
بىرى شائىر بولۇپ ئەنە قىلار ھەر چاغ غەزەلخانلىق،
بىرى دوختۇر، چىچەنلىكتە قىلار ھەرجايدا لوقمانلىق،
ئۆزەڭسەن بارچىدىن يۈكسەك، شۇلارنىڭ رەھبىرى، مەكتەپ.

«ئانا» دەيدۇ سىنى ھەتتا ئىگىز ئاسماندا ئۇچقانلار،
ئۆتەر ھۆرمەتتە يانىڭدىن پويىزدا رولنى تۇتقانلار،

ياغامدۇ پەن - مەرىپەتكە بۈگۈن مزنداق شەرەپ - شانلار،
قاناتنى ئالمسا سەندىن زىمىندىن ئايغا چىققانلار،
سوقۇلدى سەندە باتۇرنىڭ قىلىچ ۋە شەمشىرى، مەكتەپ.

بىراق، بىر چاغ چىقىپ جىنلار سېنى ئايلاندۇرۇپ چۆلگە،
چۆكۈردى ئەجرە - تۆھپەڭنى، باراۋەر قىلغىلى نۆلگە،
گۈزەل ھۆسنىڭگە كۆل چاچتى، نادانلارنى قىلىپ ئۆلگە،
غازاڭ يەتتى تېگىپ ئۈششۈك شۇڭا سەندە تۈمەن گۈلگە،
سېنى قىلدى بىلىم بەرگەن شەرەپ - شاندىن نېرى، مەكتەپ.

قىلىچ قادىر ئەمەس ئەمما سېنىڭ جىسمىڭنى چاپماققا،
شاياتۇن ئىقتىدارسىزدۇر گۈزەل ھۆسنىڭنى ياپماققا،
ھەقىقەت دەككىسىن بەردى ئاشۇ بىرقانچە ئاخماققا،
ئۆزەڭ ئاخىرى ئايلاندىڭ باراقسان بۈككىدە باغقا،
چېقىلدى سەن بىلەن مەڭگۈ ئاسارەت زەنجىرى، مەكتەپ.

كامالەت مۇنبىرىدۇرسەن، جېمى ھىكمەتتە قاموس سەن،
مەرىپەت ئىشقىدا كۆيگەن يىگىت - قىز قەلبىگە دوست سەن،
قونارغا بەختىيارلارنىڭ بېشىغا بىر ئۇلۇغ قۇش سەن،
گۆدەكلەرنى يامانلىق ھەم ياماندىن ساقلىغان پوست سەن،
ئۆزەڭ بار بىزگە قونمايدۇ خۇراپاتنىڭ كىرى، مەكتەپ.

تۇرار ئەنە كىتاپ ئاتلىق سېنىڭدە بىر بۈيۈك ھىكمەت،
كېلەر بۇندا شۇ ھىكمەتكە ئۇزاقتىن ھەر كۆڭۈل چۆپقەت،
قۇرار ئوغلۇڭمۇ كۈن - تۈنلەپ ئاشۇ ھىكمەت بىلەن سۆھبەت،
سەۋەپ: ئۇندىن كېلۇر دىلغا مۇقام ۋە بىباھا ھۆكمەت،
ئوقار نەزمە ۋاراق ئۆزرە زامانلار شائىرى، مەكتەپ.

بوسۇغاڭ لەيلى - ياقۇتتۇر، ئىشىك تۆۋرۈكلىرىڭ مەرمەر،
سېنىڭسىز قايدا كۆز ئاچقاي جاھانغا مەرىپەتپەرۋەر،
ئوغۇل - قىز تەڭلا چاقنايدۇ بولۇپ ئەل ھۆسنىدە دۇر — زەر،
ئۆزەڭسەن، ئايلىناي، چۈنكى شۇلارغا ئەڭ ئۇلۇغ زەرگەر،
كۆيەر ئىشقىڭدا بۇ قەلبىم سېنى سۆيگەنسېرى، مەكتەپ.

# گۈزەل خۇشيەنچى

**ئاۋۇت مەھەممەت**

ئىخ، گۈزەل خۇشيەنچى لېۋىڭدە تۇرۇپ،
زوقلىنىپ باقىمەن زۇمرەت سۈيۈڭگە.
تارتىدۇ قوينىغا يۇمشاق دولقۇنىڭ،
تەلپۈنۈپ، شاتلىقىم سىغماس كۆكسۈمگە.

گويا ئاق چايكىدەك قاناتلار قېقىپ،
باغرىڭغا ئۆزەمنى ئاتقۇم كېلىدۇ.
چۆمۈلۈپ مەرۋايىت سۈيۈڭگە شۇدەم،
يۈرەكنى سەگىتىپ ياتقۇم كېلىدۇ.

ئوچۇملاپ سۈيۈڭنى ئىچمەكچى بولۇپ،
ئىگىشسەم سۈرىتىم كۆردۈم ئەكسىدە.
قارىسام، ئەركىلەپ تۇرغان شولامغا،
بالىلىق - شوخلىقىم چۈشتى ئېسىمگە.

كۆز تىكسەم لەھەڭدەك سۈيۈك ئاستىغا،
كۆرۈندى تاشلىرىڭ بولۇپ ئۈز سەدەپ.
ياقۇت كۆز ياراشسا ئالتۇن ئۈزۈككە،
ياراشتىڭ تىيانشان كۆكسىگە ئەجەپ.

قىزىرىپ ئۇپۇقتىن چىققاندا قۇياش،
بولۇدۇ كۆكسىڭدە هارارەت پەيدا.
كۆتىرىپ يۈزۈڭدىن هور - تۇمانلارنى،
قۇياش هەم هۆسنۈڭگە بولۇدۇ شەيدا.

هەر كېچە ئاي پەرى كېلىپ بويۇڭغا،
سىردىشىپ، چۆمۈلۈپ قانمايدۇ ساڭا.
پەرىلەر ماكانى بولغان خۇشيەنچى،
ئۆزگىچە تەسرات بەردىڭ سەن ماڭا.

شاۋقۇنىڭ دىللارنى قىللار مەلەكە،
چايقىلىپ تۇرساڭمۇ، بەڭۋاشلىغىڭ يوق.
تولدۇرۇپ هاياتلىق دەرياسىنى سەن،
دىللارنى شات قىلدىڭ، كېچىسى يورۇق.

بۈگۈن مەن ساياهەت قىلدىم بويۇڭنى،
دىلىمغا بىر ئوتلۇق ئىشق تولدۇرۇپ.
هاياجان ئىلكىدە چۆمدۈم خىيالغا،
شاتلىنىپ لېۋىڭدە بىر پەس ئولتۇرۇپ.

يامرىساڭ ياز بويى چۆللۈك - بىنامغا،
گىيالار جانلىنىپ تاپىدۇ كامال.
ئۆتكەندە چوڭ يولدىن زوقىمنى تارتىپ،
ئېتىزلار ئالدىمدا ئاچىدۇ جامال.

ئولانباي ئېلېكتىر ئىستانسىسىگە
شاۋقۇنلار بېغىشلاپ شوخ ئاققىنىڭدا.
يۇلتۇزلار خىجىل بوپ قالار ئاخشىمى،
سانسىز سىم چىراققا نۇر تاققىنىڭدا.

سەن بەرگەن نۇر بىلەن مىڭلاپ ئىستانۇك،
چاڭىلداپ بۇلبۇلدەك سايراپ تۇرۇدۇ.
بىلەمسەن، خۇشيەنچى سېنىڭ دولقۇنىڭ
زاۋۇت، سېخ ئىچىدە ئېقىپ يۈرۈدۇ.

چىلىڭ تۇتۇپ خۇشيەنچى تىزگىنلىرىڭنى،
باشلايمىز خالىغان جايلارغا سېنى.
خۇشيەنچى، كەلگۈسى مەنزىرەڭ سېنىڭ،
يېپ - يېڭى ئىلهامغا چۆمدۈردى مېنى.

# ئاقتاش ئىلھاملىرى

ئۆمەر تالىپ

## يېشىل يايلاق

ئۇپۇقنى سۈيۈپتۇ ئاقتاش① يايلىقى،
ئوت-چۆپلەر دولقۇنلار مەيىن شامالدا.
مەس قىلار كىشىنى گۈللەرنىڭ ھىدى،
تورغايلار سايرىشار سۈزۈك ھاۋادا.

ياڭرايدۇ ھەر ياقتىن مۇقام كۈيلىرى،
يۇلتۇزدەك تارالغان چوپان ئۆيلىرى.
ئاق بۇلۇت قونغاندەك قويلارنىڭ توپى،
قىزىغان يايلاقتا زەپەر تويلىرى.

## قارىغايزارلىقتا

تاغ كەيگەن مەخمەلدىن ياپ-يېشىل چاپان،
ئۈستىدە قارىغايلار تۇرار بوي تارتىپ.
قارىغايزار ئىچىدە قۇشلار ناۋاسى،
كەلگەندەك بىلىنەر گويا توي تارتىپ.

ئوتلىشار قويىندا بۇغا-ماراللار،
سۈيۈشەر گۈللەرنى ئىللىق شاماللار.
ھەر گۈلنىڭ بەرگىدە مەرۋايىت شەبنەم،
ئېچىلغان ھەر ياندا لالە-رەيھانلار.

بىر قارىغاي تۇرۇپتۇ قىيادا مەغرۇر،
قادالغان نەيزىدەك ئاسمان قەھرىگە.
ياپرىقى زۇمرەتتەك كۆركەم ياپ-يېشىل،
ھەيرانلىق ئىلكىدە باقتىم قەددىگە.

باراقسان شاخلاپتۇ سۈيۈپ بۇلۇتنى،
چىڭ يىلتىز تارتىپتۇ تاشنىمۇ يېرىپ.
ئۇ ياشنار قىشۇ-ياز، كۆركەم، ياپ-يېشىل،
بورانغا، جۇدۇنغا بەرداشلىق بېرىپ.

شۇ يېشىل قارىغاينىڭ قامىتىن كۆرۈپ،
ئەسلىدىم يۇرتۇمنىڭ پالۋانلىرىنى.
ئۇرغىدى ئۇلارغا قەلبىمدە ھۆرمەت،
كەزدىممەن ئۆتمۈشنىڭ قايناملىرىنى،

## ئوغلاق تارتىشىش

كۆمۈشتەك ئاقباشلىق تاغلاردىن ھالقىپ،
شەرقتىن ئالتۇن زەر چېچىلغان چاغدا.
زۇمرەتتەك بىپايان ئاقتاش يايلىقى،
ئوتقاشتەك رەڭ ئېلىپ ئېچىلغان چاغدا.

جەڭگىۋار مەيدانغا جەم بولدى مەرتلەر،
ياش-قېرى، قىز-يىگىت يىغىلغان چاغدا.
باشلاندى يايلاقتا ئوغلاق تارتىشىش،
ھەيۋەتلىك ساليۇت ئېتىلغان چاغدا.

بەلگىلىك مەيدانغا تاشلاندى ئوغلاق،
قامەتلىك بىر يىگىت ئوغلاقنى ئالدى.
ئاستىدا ئۇچاتتى قاناتلىق تۇلپار،
باشقىلار تۇلپارنىڭ چېڭىدا قالدى.

يىراقتا بۇلۇتتەك تۇماننى يېرىپ،
بىر يىگىت بۇركۈتتەك ئۇچتى كەينىدىن.
يېتىشتى ئوغلاققا سالدى چاڭگالنى،
ئوغلاقنى ئالدى-دە، تۇتۇپ بويىنىدىن.

مەيداننى قاپلىدى قىيقاس-سۈرەنلەر،
قىز-يىگىت ئۈنلىرى ياڭرىدى، ئايھاي.
قېرىلار دېيىشتى، دەسلەپكى يىگىت
مەغرۇرلۇق تېغىنى كۆتەردى بولغاي.

① ئاقتاش — قۇمۇلدىكى بىر يايلاق نامى.



(پوۋېست)

## قاھار جېلىل

### بىرىنچى باپ

1

سىيىت ئاكا بۇ يىگىتنى تۇنجى كۆرگەندىلا ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا ماشىنا بۆلۈمىدىن تېلېفون كېلىپ سۇۋۇتۇش تۇروبىلىرىدا سۇ توختاپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. سىيىت ئاكىنىڭ كۆمۈركانىدىن ئېلېكتىر ئىستانسىغا يۆتكىلىپ كەلگىنىگە تېخى ئىككى ھەپتىمۇ بولمىغان ئىدى. شۇڭا، تېلېفون بەرگۈچى بۇ خىل ھادىسىنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولىۋىدى، سىيىت ئاكا دەرھال تۇروبىكىنى قويدى-دە، ئىشخانىدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇ ماشىنىلار جايلاشقان بىنانىڭ 4-قەۋىتىگە چىققاندا، ئىككى ئىشچى تەشۋىشلەنگەن ھالدا سوغاق سۇ كۆلچىكىگە قاراپ تۇرۇشاتتى.

— تۇرۇبا ئاغزىدا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالدىمىكىنە؟... — ئۇلاردىن بىرى سىيىت ئاكىنى كۆرۈپ دۇدۇقلىغان ھالدا مەلۇم قىلدى.

بۇ كۆلچەكتىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 3 مېتىر كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر باش ئەتىياز مەزگىلى بولغاچقا، سۇ خېلىلا سوغاق ئىدى. سىيىت ئاكا ھېلىقى ئىشچىلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆلچەككە چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. بىراق، كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايتتى، سەل كېچىكىلسە، پۈتۈن قۇرۇلمىلار قىزىپ ئېرىپ كېتىش ھەتتا پارتلاش خەۋپى يۈز بېرەتتى. سىيىت ئاكا ئىككىلەنگە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماستىن، سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدىلا پاختىلىق شىمىنى سې-

لىۋاتقاندا، قېشىدىلا «پولدۇڭ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يۈزىگە مۇزدەك سوغاق سۇ تامچىلىرى چاچرىدى. سېيىت ئاكا چۆچۈپ يېنىغا قارىۋىدى، بايىقى ئىشچىلاردىن بىرى كۆرۈنمىدى، يەنە بىرى گويا ئەپسىپكاردەك قىزىرىپ، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قاچتى. ھايال ئۆتمەي كۆلچەككە سەكرىگەن ئىشچىنىڭ بېشى ۋە ئوڭ قولى سۇ ئۈستىگە چىقتى، ئۇنىڭ قولىدا ياپىلاق رەزىنكە تۇراتتى. سېيىت ئاكا بىلەن قىرغاقتىكى ئىشچى ئۇنى تۆپىگە تارتىپ چىقتى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى، پۈتۈن ئەزايى غالىلداپ تىترەيتتى. سېيىت ئاكا ئۇنى دەرھال ئۆزىنىڭ يوغان جۇۋىسىغا ئورىدى، قېلىن چەملىك بەتىنكىسىنى سالدۇرۇپ، پۇتىنى پاختىلىق چاپان بىلەن يۆگىدى. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ تىترىگى پەسىيىپ، چىرايىدا يېنىك تەبەسسۇم جىلۋىلەندى. بىراق، بۇ تەبەسسۇمنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان غەمخورلۇقلار ئۈچۈن بىلدۈرگەن تەشەككۇر ئىپادىسىمۇ، ياكى سېيىت ئاكا كېلىشتىن بۇرۇنلا كۆلچەككە سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولغانلىقىنىڭ نىشانىسىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى.

بىردەمدىن كېيىن سېيىت ئاكا ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئادىل ئىكەنلىگىنى، كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنا بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغانلىغىنى، كۆلچەك يېنىغا ئۇنىڭدىن بىرنەچچە سېكۇنت بۇرۇن كەلگەنلىگىنى بىلدى.

ياشلىق دەۋرىنى ھەربىي قىسىمدا، ئۇندىن كېيىنكى ئۆمرىنى كۆمۈر كانلىرىدا ئۆتكۈزۈپ (ئۇ ئىستانسىغا يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى كۆمۈر كان باشلىغى ئىدى)، قېرىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان سېيىت ئاكا جىددى پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ چىققان كىشىلەرنى بەكمۇ قەدىرلەيتتى.

28 - 29 ياشلارغا كىرگەن، ئوتتۇرا بويلۇق، ئاق پېشماق، قوشۇما قاش بۇ يىگىتكە قارىتا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ھۆرمەت ۋە ئامراقلىق تۇيغۇسى قوزغالدى.

ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ، ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە ئۇنىڭ ئادىلغا بولغان ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شۇ كۈنى ئادىل پار بېسىمىنىڭ بىردىنلا 34 كە چىقىپ قالغانلىغىنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ناۋادا ئۇ 40 قا كۆتۈرۈلسە، پۈتۈن ماشىنا قۇرۇلمىلىرى پارتلاپ كېتەتتى. ئادىل يەنە 10 نەچچە مىنۇت كېچىكىلسە ئىستانسا رايونىدا «قىيامەت قايىم» بولۇدىغانلىغىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، 3 - قەۋەتتىكى پار قازىنى ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۆينىڭ ئىشىگى ھەم يېپىلغان بولۇپ، ئۇ يەرگە قارايدىغان ئىشچى ئىشىكنىڭ سىرتىدا ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى تۇتقان پېتى ئىڭراپ ياتاتتى. ئادىل دەرھال ئۇنى يۆلىدى.

— تاماكا چېكىش ئۈچۈن سىرتقا چىققان ئىدىم، — دىدى ھېلىقى ئىشچى قىينىلىپ سۆزلەپ، — شۇ ئارىدا پار قازاننىڭ بېسىمى تۇيۇقسىز ئۆرلەپ، ئۆينىڭ ئىچى پارغا توشۇپ كېتىپتۇ. ئۆيگە كىرگىلى بولمايۋاتىدۇ...

ھازىر پار قازىنىنىڭ بېسىمىنى چۈشۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. شۇڭا، ئادىل ھېلىقى ئىشچىنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى - دە، ئۆزى ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ھېلىقى ئىشچىنىڭ سۆزلىرىدىن قاراملىق قىلىشنىڭ پايدىسىزلىغىنى چۈشەنگەن ئىدى. لېكىن دەرھال ئۆي ئىچىگە كىرمىسە بولمايدىغانلىغىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. پار تېخى پول ئۈستىگە يېيىلىشقا ئۈلگۈرمى-

گەن ئىدى. ئادىل ئوكدا يېتىپ تۇرۇپ، پۈتى
بىلەن ئىشىكنى تەسلىكتە ئاچتى، ئاندىن شۇ
هالەتتە ئۆيي ئىچىگە قاراپ سۈرۈلدى. ئۇ،
ئۆيي ئىچىگە كىرگەن هامان ئىشىك پارنىڭ
بېسىمى بىلەن يەنە يېپىلىپ قالدى. ئادىل
پار قازىنىنىڭ تۈۋىقىنى قانداق ئېچىش كې-
رەكلىكىنى ئاللىقاچان ئويلاپ بولغان ئىدى.
ئادەتتە، سىم بىلەن چېتىلغان 2 دانە قۇرام
تاش بىخەتەر كىلاپاننىڭ ئۈستىدىن باسۇ-
رۇپ ساڭگىلىتىپ قويۇلاتتى. ئادىل سۈرۈلگە-
نىچە پار قازىنىغا يېقىنلىشىپ، پۈتى بىلەن
بىر تەرەپتىكى تاشنى ئىتتىرىشكە باشلىدى.
تاش لىڭشىسىمۇ لېكىن قاتتىق تارتىلغان
سىم ئورنىدىن قوزغالمىدى. قىزىق پار هەدەپ
پەسلەۋاتاتتى. ئادىلنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ
ئېچىشتى، نەپىسى سىقىلدى. لېكىن ئۇ چە-
شىنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئاخىرى سىمنى ئور-
نىدىن قوزغىتىشقا مۇۋەپپەق بولدى. سىم كى-
لاپاننىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن هامان،
قازاندىكى پار بېسىمى 100 كىلوگىرام ئې-
غىرلىقتىكى كىلاپاننى بىر مېتىردەك ئىگىز-
لىككە كۆتىرىپ ئېتىپ تاشلىدى. ئۆينىڭ هەممە
يېرى پارغا توشتى. ئادىلنىڭ ئەمدى
قايتىپ چىقىقۇدەك ماجالى قالمىغان
ئىدى. ئۇ چىدىغۇسىز كۆيۈك دەستىدىن
ۋاقىرىۋەتتى. شۇ پەيت بىخەتەرلىك كېيىمى
كىيگەن ئىشچىلار ئىشىكتە پەيدا بولدى. ئۇ-
لار ئادىلنى كۆتىرىپ ئېلىپ ماڭغاندا ئۇ،
هوشىدىن كەتكەن ئىدى.

ئادىل دوختۇرخانىدا هوشىغا كېلىپ
ئۆزىگە تەشۋىشلەنگەن هالدا قاراپ تۇرغان
سېيىت ئاكىنى كۆردى.

— ئەزىمەت، ئوغلۇم! — دېدى ئۇ تىترە-
رىگەن ئاۋازدا، — ئىستانسىمىزنى، يۈزلىگەن
ئادەملەرنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قالدىڭ!

سېيىت ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان
ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ يېيىلدى،
ئادىلنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولدى، لې-
كىن هەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا يېنىك تە-
بەسسۇم جىلۋە قىلاتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن سېيىت ئاكىنىڭ
ئادىلغا بولغان مېهرى تېخىمۇ ئاشتى. «ئو-
غۇل بالا دېگەن شۇنداق بولسا، — دەيتتى
ئۇ، زوقلانغان هالدا، — ئۇنى ئىستانسىمىزنىڭ
پەخرى دېسەك ئەرزىيدۇ!» ئىستانسىدا يە-
نە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى زوق بىلەن تىلغا
ئېلىشاتتى. «جىمغۇر ۋە ئويۇن تاماشىغا خۇ-
شى يوقلۇقىنى هېسابقا ئالمىغاندا، ئالتۇندەك
يىگىت ئۇ، — دېيىشەتتى ئۇلار، — خۇدا ئۇ-
نىڭغا خۇشخۇيلۇقنى ئاتا قىلىشتا ئەجەپ
سېخىلىق قىلماپتىكەن...»

دېمىسىمۇ، ئاينىڭمۇ دېغى بار دېگەن-
دەك، ئادىل ئادەتتە تولىمۇ كەمسۆز ئىدى،
باشقىلارغا ئانچە ئارىلاشمايتتى. ئويۇن - تاما-
شا، كۈلكە - چاقچاق دېگەنلەردىن ئۆزىنى
قاچۇرۇپلا يۈرەتتى. سورالغان سوئاللارغا تولا
چاغلاردا «هە» ياكى «ياق» دېگەندەك قىسقا
جاۋاپلارنى بېرەتتى. ناۋادا ئۇنىڭ شەخسى
هاياتى بىلەن تونۇشماقچى بولسىڭىز، دەرهال
چىرايى تۇتۇلاتتى - دە، يېنىڭىزدىن دەررۇ كې-
تىپ قالاتتى. سېيىت ئاكا ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچ-
چە قېتىم سىرداشماقچى بولۇپ ئۆيىگە تەك-
لىپ قىلغان ئىدى، بىراق ئادىل هەر خىل
بانىلارنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئې-
لىپ قاچتى. بىر كۈنى ئۇ ئادىلدىن شەخسى
هاياتى توغرىلىق سوراپ قالدى، لېكىن ئا-
دىل خوشياقمىغان هالدا:

— 1949 - يىلى تۇغۇلدۇم، تولۇق ئوتت-
تۇرىنىڭ ئاخىرقى سىنىپىغىچە ئوقۇدۇم، 5
يىل يېزىدا قايتا تەربىيە ئالدىم، ئىشچى
بولغىنىمغا 4 يىلدىن ئاشتى، — دېگەن جاۋاپ

بىلەنلا كۆپايىلەندى.

— بالام، ئاتا-ئاناڭ ۋە شەخسى تۇرمۇشۇڭ، ئارزۇ-ئارمانلىرىڭ ھەققىدە بىلگۈم بار ئىدى، — دېدى سىيىت ئاكا قولىنى ئادىلنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ.

— ئانام مەن بوۋاق چېغىمدىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، دادامنىڭ قازا قىلغىنىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولدى، بىرلا ھامماچام بار، ئۆزەم توغرىسىدا ئېيتقۇدەك ئالاھىدە ئىش يوق، — دېدى ئادىل چىرايى تاتارغان ھالدا ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇردى، — چاۋچاڭ، ئەپۇ قىلىڭىز، زۆرۈر ئىشىم بار ئىدى.

سىيىت ئاكا بۇ ھەقتە سۆزلىشىشكە ئۇنىڭ رايى يوقلۇغىنى ھىس قىلىپ، قايتا زورلىمىدى. «ئېھتىمال، بۇزۇنقى ھاياتىغا تەئەللۇق بىرەر نازۇك ئىش بولسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئادىلنىڭ ئارقىسىدىن غەمكىنلىك بىلەن قاراپ، — خەير، مەيلى، بىر كۈنلەر كەلگەندە ئۆزى سۆزلەپ بېرەر...»

مەيلى قانداق بولمىسۇن، سىيىت ئاكا بۇ يىگىتنى يارىتىپ قالدى. ئۇ مەجلىسلەردە باشقا ياشلارنى ئۇنىڭدىن ئۈگىنىشكە چاقىراتتى. بىراق ئۇزۇنغا بارماي ئۇنىڭ بۇ قاردىشى پارتكوم شۇجىسىنىڭ قارشىلىغىغا ئۇچرىدى.

— ئاڭلىسام، ئادىل دېگەن ياش ئىشچىنى تولا ماختايدىكەنسىز، — دېدى شۇجى بىر كۈنى جىددى تەلەپپۇزدا، — ھازىرقى ياشلارنى ماختاشقا سەل دىققەت قىلىشاق بولارمىكىن.

— نىمىشقا؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سىيىت ئاكا، — تولا ماختاپ بۇزۇپ قويمايلى دىمەكچىمۇ سىز؟

— ھەي، ئۇلارنىڭ ھىلىقى چاغلاردا «قىزىل قوغدىغۇچى» بولغان بەگۋاشلار ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئۇلار ئىدىيە جەھەتتە يەتكىچە زەھەرلەنگەن، «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئاغدۇرۇلغىنىغا تېخى ئەمدىلا بىرىيىلدىن ئاشتى. ھازىر بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۇلارنى ماختاش ئەمەس، بەلكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېزلەشتۈرۈش.

سىيىت ئاكا ئىستانسىغا كەلگەندىن كېيىن شۇجىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى تەپسىلى ئاڭلاشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. يېتىم پادىچىلىقتىن ئىنقىلاۋىي قوشۇنغا قاتناشقان، ياپون ئالۋاستىلىرى ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئۇرۇشلاردا 4 قېتىم ياردار بولغان بۇ پىشقەدەم جەڭچى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا ئايالىدىن، يالغۇز ئوغلىدىن، ئىككى چىشىدىن ۋە چېكە چاچلىرىدىن ئايرىلىپ، ئون يىل كۆمۈر تاشىغان ئىدى. بولۇپمۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ ئاشۇ تەتۈر قۇيۇنغا ئەگىشىپ ماسلاشقان ئاۋانگارتلاردىن بىرى بولغانلىغى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلاتتى. ئەسەبىيلىشىپ خۇدىنى يوقاتقان بۇ يىگىت ئاتالمىش «ئاينىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن» ئاتا-ئانىسىدىن چەك-چېگرا ئايرىپ، ئۇلار ئۈستىدىن ئەڭ قاتتىق «كۈرەش» قىلدى، ھەتتا ئۇلارنى ئۇردى. بىچارە ئانا بۇ دەرتلەرگە چىدىماي ئۆلۈپ كەتتى. «ئۆزۈل-كېسىل ئىنقىلاپچى» دەپ ئاتالغان بۇ يىگىتمۇ ئاخىرى «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن قوغدىنىش» يولىدا دەرتلەرچە قۇربان بولدى.

شۇجىنىڭ ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆچمەس داغ بولۇپ ئورنىغان. ئۇ، ئۆز ئوغلىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن «قىزىل قوغدىغۇچى» دەپ ئاتالغان بۇ بىر ئەۋلادنىڭ ماھىيىتىگە باھا بېرىشكە ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئاخىر، ئۆز پۇشتۇڭدىن تامغان جان-جىگەر ئوغلۇڭ شۇ دەرىجىگە

يەتكەن يەردە باشقىلار قانداق بولۇشى مۇمكىن؟!

سىيىت ئاكىمۇ ئۇ تەتۈر قويۇنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئامان قالمىغان، ئەلۋەتتە. شۇ يىللاردا ئۇنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلگەن قالپاقلارنى تولۇق ساناش ئۈچۈن، بارماقلارنى نەچچە قېتىم پۈكۈپ ئېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئاشۇ تەتۈر ئېقىمغا ئەگەشكەن مۇتلەق كۆپچىلىكنى ئاللىقاچان ئەپۇ قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇڭا، ئۇ شۇجىنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچى» لار ھەققىدىكى سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. سىيىت ئاكا ئەزەلدىن ئۆز پىكرىنى يوشۇرمايدىغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئىككى رەھبەر بۇ مەسىلە توغرىسىدا خېلى مۇنازىرىلەشكەن بولسىمۇ، بىر پىكىرگە كېلەلمىدى.

بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ئىختىلاپ ئادىلنى بۆلۈم باشلىقى قىلىش مەسىلىسىدە تېخىمۇ كەسكىن ئىپادىلەندى:

شۇجى ئەلۋەتتە پىشقەدەم ئىشچىلارنى قويۇش تەرەپتارى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئادىلنىڭ نامزاتىنى ئاڭلىغان ھامان رەت قىلدى. بىراق سىيىت ئاكا ۋە پارتكومنىڭ بىرقانچە ھەيئەتلىرى ئادىل تەرەپدارى بولۇپ چىقتى.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كونا ئىشچىلار قاتناشقان يىغىن ئېچىپ، شۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كۆرەيلى، — دېدى شۇجى ئاخىرى جىلى بولۇپ. ئۇ ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن «ئاممە چوقۇم ئادىلغا قوشۇلمايدۇ» دەپ قاتتىق ئىشەنگەن ئىدى. بىراق نەتىجە ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ تەتۈرىسى بولۇپ چىقتى. يىغىندا قاتناشقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا ئادىلنى ياقلاپ چىقىشتى.

شۇجى ئامالسىز كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

2

— مەن سىزگە ئادىل ئىسىملىك بىر ياش ئىشچى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەي..

سۆھبەتداشلار ئېلېكتىر ئىستانسىنىڭ باشلىقى سىيىت ئاكا بىلەن مۇخبىر يىگىت ئەنۋەر ئىدى. سىيىت ئاكا ئاقىرىشقا يۈزلەنگەن قويۇق چاچلىرىنى پات-پات سىلاپ قويۇپ، ئادىل توغرىسىدا زوق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى. ئەنۋەر بولسا، 35 - 36 ياشلاردىكى ئاق پىشماق، سەل تەمبەل، كەڭ پىشانىلىق يىگىت ئىدى. ئۇ، كىرىسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇۋالغان خاتىرىسىگە پات-پات ئاللىنېمىلەرنى يېزىپ قوياتتى. سىيىت ئاكا تونۇشتۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، قول ياغلىقى بىلەن پىشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكەچ، گويا: «قانداق، بىزنىڭ بۇ يىگىتىمىز يارامدىكەن؟» دېگەندەك ئەنۋەرگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى.

— سىيىت ئاكا، سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئۇ يىگىتكە راستىن قىزىقىپ قالدىم، — دېدى ئەنۋەر قەلىمىنى خاتىرىسى ئۈستىگە قويۇپ، — ئەگەر مالال كەلمىسە، مېنى ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە باشلاپ بارسىڭىز، ئۆزى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشسام.

— ئەلۋەتتە باشلاپ بارىمەن. «مىڭ ئاڭلىغاندىن، بىر كۆرگەن ئەلا» دەپتىكەن، ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ تونۇشۇڭ. بىراق ئالدىن ئېيتىپ قوياي، بىزنىڭ بۇ يىگىتىمىزنىڭمۇ بىر ئەيىبى بار، ھەمسۆھبەت بولۇشنى ئانچە ياقتۇرمايدۇ.

ئەنۋەرنىڭ چىرايىدا يېنىك كۈلۈمسىرەش

پەيدا بولدى. «قېنى، كۆرۈمىز» دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ. چۈنكى ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى مۇخبىرلىق قىلىۋاتقان بۇ يىگىت قىزغىنلىقى ۋە ئاجايىپ دىلكەشلىكى ئارقىلىق بىرمۇنچە «كەسپىي تۇڭ» لار بىلەن دوستلىشىۋالغان، بىرمۇنچە كەمتەر كىشىلەرنى ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

— مۇنداق دەڭ، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ، — ئۇنداقتا بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈدىغاندۇ؟

— ھەي، ئۇنىڭغا زېرىكىشكە نەدە ۋاقىت؟ — سېيت ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ قولىنى شىلتىدى، — بوش ۋاقىتلىرىنى كىتاپ ئوقۇپ ئۆتكۈزۈدۇ. نۇرغۇن كىتاپلىرى بار، ئۇلارغا بىر قارىۋالسا بارمۇ، تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. كىتاپتىن زېرىكسە مۇڭلۇق پەدىلەرگە دۇتار چالىدۇ.

«كىتاپتىن باشلاپ سۆز ئېچىشقا مەندىن ماھىرى يوق» دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردى ئەنۋەر ۋە ئىككىنچى يوچۇقنى ئىزلەشكە ئۆتتى:

— مۇڭلۇق پەدىلەرگە دۇتار چالىدۇ دەڭ، ئۇنى تېخى ئۆيلەنمىگەن دېدىڭىز-ھە؟ بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۇھەببەتتە تەلەيسىزلىككە يولۇققان دەردى بار ئىكەن-دە؟

— ياقەي، ئاڭلىشىمچە، ئىستانسىمىزدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلاردىن بىرى بىلەن ئاللىقاچان پۈتۈشۈپ بولغان ئىمىش، يېقىندا تويى بولغۇدەك. ھەي، راستىنى ئېيتسام، بۇمۇ بىر تېپىشماق، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نەرسە-دە، ئۇ قىزنىمۇ بىلسەن، خۇشچاقچاق، ئويۇن-كۈلكىگە ئامراق قىز. مىجەزى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى ياش قانداق قىلىپ تېپىشىۋالدىكىن، ئۆزەممۇ ھەيرانمەن.

«دېمەك، سىزمۇ ئادىلنى تېخى تولۇق چۈشەنمەيدىكەنسىز. دېمىسىمۇ، باشلىقلار ئادەتتە قول ئاستىدىكى كىشىلەرنى ئىدىيە، ئەخلاق، خىزمەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىنلا چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى نازۇك تەرەپلەرنى ئۆگىنىپ بېقىشقا سەل قارىشىدۇ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن ئەنۋەر سىرلىق كۈلۈپ قويدى.

ئاندىن كېيىن ئۇلار ئادىلنى ئىزلەپ مېڭىشتى.

ئۇلار ئادىل ئىشلەيدىغان بۆلۈمگە كىرگەندە، ئىسمېنىدىكىلەر ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن كاشىلىنى ئوڭشلاش بىلەن ھەلەك ئىدى. سىرتقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەن ئادىل توختاپ قالغان ئوڭ تەرەپتىكى كۆمۈر يەتكۈزۈپ بېرىش ماشىنىسىنىڭ «قوسىقى» نى ئېچىپ، تۇرۇلۇپ قالغان ئۇششاق كۆمۈرلەرنى ئالدىغا تارتىۋاتاتتى. سېيت ئاكا كۆمۈرگە ئارىلىشىپ قالغان يوغان تاش پارچىسىنىڭ تۇرۇبا ئاغزىنى توسۇۋالغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى-دە، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە ئادىل ماشىنىنىڭ «قوسىقى» نى تازىلاپ بولۇپ، قاپقاقنى ئەتتى. بىراق سېيت ئاكا ئۇنى كۆرمەي سول تەرەپتىكى ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرغان ئىشچىغا قاراپ بۇيرۇدى:

— ماشىنىنى ھەركەتتىن توختات!

ئىشچىنىڭ قولى كونۇپكىغا سوزۇلدى.

— توختا! — دەپ قاتتىق ۋاقىرىدى ئادىل، ئاندىن سېيت ئاكىغا بۇرۇلدى، — چاڭجاڭ! نېمىشقا تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىسىز؟ قېنى، بۇ يەرگە كىرىشتىكى رەسمىيىتىڭىزنى چىقىرىڭ!

ھېلىقى ئىشچى گويا «رەخمان ئەم-

رىنى تۇتايمۇ، روسۇلنىڭمۇ؟» دىگەندەك ئىككى باشلىغىغا دەممۇ-دەم قاراپ هودۇققان پېتى تۇرۇپ قالدى. سىيىت ئاكىنىڭ هودۇقشىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى.

— رەسمىيىتىڭىز يوقمۇ؟ ئۇنداق بولسا، بۇ يەردىن دەرهال چىقىپ كېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن، — دىدى ئادىل جىددى هالەتتە، ئاندىن هىلىقى ئىشچىغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى، — ئوڭ تەرەپتىكى ماشىنىنى هەركەتلەندۈر!

ماشىنا هەركەتلەندى. بۇ چاغدا ئادىلنىڭ بۇيرۇغىغا يۇۋاشلىق بىلەن بويسۇنغان سىيىت ئاكا ئەنۋەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىشىكنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغان ئىدى.

سىيىت ئاكا ئېهتىمال خىجىل بولغان بولسا كېرەك، خىلىغىچە ئۈن-تىنسىز ماڭغاندىن كېيىن، تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردىدە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قاراڭ، ئۇنىڭ ئەلپازىنى، گەجگەمدىن ئىتتىرىپ چىقارغىلى قىل قالدى، — دىدى.

ئادىلنىڭ بايىقى قوپاللىغى ئەنۋەرگە زادى ياقمىغان ئىدى، لېكىن سىيىت ئاكىنىڭ خىجىللىغىنى ئاشۇرماي دەپ سۈكۈت ساقلاشنى ئەۋزەل كۆرگەن، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى ئېغىز ئېچىپ گەپكە يول ئاچتى.

— هەي، بۇ ئادىل دىگىنىڭىز بەكمۇ هاكاۋۇر يىگىتتەك قىلىدۇ. سىلەر ماختاپ يۈرۈپ، تازىمۇ ئەكىلىتىپ قويغان ئوخشىماسىلەر.

— ياق، مەن ئۆزەم تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلىپ قويدۇم، — ئالدىراپ ئەنۋەرنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى سىيىت ئاكا، — ئۇنىڭ مېنى هەيدەپ چىقارغانلىغى توغرا بولدى.

— گېپىڭىزگە چۈشىنەلمىدىم، — ئەنۋەر هەيران بولۇپ قەدىمىنى توختاتتى، — ئاخىر، سىز ئىستانسىنىڭ باشلىغىغۇ، ئۇ بولسا، ناهايىتى بىر بۆلۈم باشلىغىكەن.

— ئالدىرىماڭ، مەن سۆزلەپ بېرەي: بىزدە مۇنداق تۇزۇم بار، مەشغۇلات ۋاقتىدا شۇ ئورۇنغا مۇناسىۋەتسىز هەرقانداق كىشىنىڭ ئۇ يەرگە خالىغانچە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، كىرمەكچى بولغانلار قوغداش بۆلۈمىدىن رەسمىيەت ئۆتەش كېرەك. ئاندىن ئۇ يەرگە كىرگەندىمۇ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مۇتلەق ئارىلىشىشقا بولمايدۇ. مەشغۇلات ۋاقتىدا پەقەت بۆلۈم باشلىغىنىڭ بۇيرۇغىلا كۈچكە ئىگە. بىراق، مەن ئۇ يەردىكى ئەهۋالنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىگىمدىن بۇ ئىشنىمۇ ئۇنتۇپتىمەن. ماشىنىنى توختاتقان بولساق، نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ توكى توختاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتكە ئېغىر زىيان يېتىشىنى ئويلىماپتىمەن.

— بىراق، ناۋادا خەتەرلىك چىقسا، ئۇ هالدا دۆلەتكە تېخىمۇ چوڭ زىيان بولمامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر مۇخبىرلارغا خاس ئەزمىلىك بىلەن كولاشنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— ئوڭ تەرەپتىكى ماشىنىنىڭ چاتىغىنى ئوڭشاش كېچىكىپ كەتسە، ئەلۋەتتە سىز دىگەندەك بولاتتى. بىراق، مەن بۇيرۇق چۈشۈرگەن مەزگىلدە، ئادىل چاتاقنى ئوڭلاپ بولغان ئىكەن ئەمەسلىمۇ. مەن هودۇققانلىغىمدىن بۇنى بايقىماپتىمەن. ئادىل هالقىلىق پەيتتە مەسىلىنى تېخىمۇ ئەترالىق ئويلاپتۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قىلغىنى تامامەن توغرا بولدى. هەي، دىمىسىمۇ، هەر خىل قائىدە-تۇزۇملەرنى ئادەتتە بىز باشلىقلار بېكىتىمىز، بىراق كۆپىنچە ئۇنىڭغا ئۆزىمىز ئەمەل قىلمايمىز. بۇگۈنكى ئىش ماڭا يەنە بىر ساۋاق بولدى.

سىيىت ئاكا سۆزىنى تۈگىتىپ، خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. «نىمە دېگەن ئاقكۆڭۈل ۋە سەممىي ئادەم-ھە؟ — دەپ ئويلىدى ئەنۋەر، — ماقالامدا بۇ نۇقتىسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈمەن». ئۇ مۇخبىرلىق جەريانىدا نۇرغۇن باشلىقلار بىلەن ئۇچراشقان. ئۇلار ئارىسىدا ھەممە ئۇتۇقنى ئۆزىنىڭ قىلىپ، كەمچىلىكلەرنى باشقىلارغا دۆڭگەيدىغانلارمۇ، بىر-بىرىگە ئورا كولايدىغانلارمۇ، قول ئاستىدىكىلەرگە ئالىيىپ قارايدىغانلارمۇ، ھەتتا يامان كۆرۈپ قالغانلارنى بىرەر ئىشقا پۇتلاپ ئەدىۋىنى بېرىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ سىيىت ئاكىغا ئوخشايدىغانلارنىمۇ خېلى كۆپ كۆرگەن. ھاياتىنى خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلاپ، قېرىلىققا قەدەم قويغان بۇ ئادەم تېخى بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى قول ئاستىدىكى بىر «سويما» نىڭ ئۆزىگە قىلغان قوپاللىقلىرىنى قىلچە كۆڭلىگە ئالماي، ئەيىپنى ئۆزىدىن ئىزلەۋاتىدۇ. «تۇرمۇشىمىزدا ياخشى ئادەملەر ھامان كۆپ ۋە ئۇلار تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، — دەپ خىيالىنى داۋاملاشتۇردى ئەنۋەر، — ئېھتىمال، ئۆزىدىكى ئىللەتنى يۇيۇپ تازىلاش ئورنىغا تېخىمۇ كۆپەيتىۋالىدىغانلارمۇ تېپىلار، لېكىن خەلق ئۇلارنى بەربىر پىسەنتىگە ئالمايدۇ ...»

— ئادىلنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت باركەن، يۈرۈڭ، ئاڭغىچە باشقا ئورۇنلارنى كۆرۈپ چىقايلى، — دەپ ئەنۋەرنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى سىيىت ئاكا.

ئۇلار قويۇق ئاكاتسىيە دەرەخلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ئاسفالت يول بىلەن ئاستا مېڭىشتى.

ئۇلار سېخلارنى ئارىلاپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئادىل ئىشلەيدىغان بۆلۈمنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسمىنىسىدىكىلەرمۇ ئىشتىن چۈشتى. ئادىل تېز-تېز مېڭىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئەنۋەر بىلەن باش لىڭشىتىپ سالاملاشقاندىن كېيىن، سىيىت ئاكىغا قاراپ:

— سىيىت ئاكا، بايا مەن قوپاللىق قىلىپ قويدۇم، ئەمدى قانچە تەنقىت قىلسىڭىزمۇ مەيلى، — دېدى.

— ھوي، نىمە دەپ يۈرۈسەن؟ — دېدى سىيىت ئاكا ھەيران بولغان ھالدا، — بايا توغرا ئىش قىلغان ئىدىڭ، ئەمدى ئۇنىڭدىن يېنىۋالماقچىمۇ؟

— بۇيرۇغىڭىزنى رەت قىلغىنىمغۇ توغرا، بۇنىڭدا ھېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن، ئەمما پوزىتسىيەم توغرا بولمىدى، ئاندىن بۇ مېھمانىنىڭ ئالدىدا ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىشىممۇ سەل چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ. كۆڭلىڭىزگە ئازار بېرىپ قويدۇم.

سىيىت ئاكا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي، بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى.

— بالام، — دېدى ئۇ ئاخىرى تىترەك ئاۋازدا، — كۆڭۈل ئىزلىگىنىڭگە رەھمەت، ئەمما، بايا تامامەن توغرا ئىش قىلدىڭ، ئۇنداق جىددى پەيتتە سىلىق-سىپايە بولۇمەن، دېگىلى بولمايدۇ. بىزمۇ بەزىدە سىلەرگە ۋاقىراپ-جاقىراپ قويۇمىزغۇ ... بۇ بولۇپ تۇرۇدىغان ئىش ... بولدى، بولدى ... ئەمدى بۇ گەپنى قويايلى، مانا بۇ مۇخبىر يىگىت گېزىتخانىدىن كەپتۇ. ئىسمى ئەنۋەر ئىكەن، سەن بىلەن تونۇشۇپ ئەھۋاللاشماقچى.

ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ دەرھال قول ئۇزاتتى. ئادىلمۇ سەل-پەل كۈلۈمسىرىدى-يۇ، بىراق قاپ-قارا قوللىرىغا بىر قاراپ قويۇپ:

AltunOq

ــ خۇش كەپسىز، ــ دېيىش بىلەنلا
كۆپايىلەندى.

ــ تاماقتىن كېيىن بوش ۋاقتىڭىز
چىقارمۇ؟ ــ دېدى ئەنۋەر بوشلۇقتا ئېي-
سىلىپ تۇرغا قولىنى يىغىۋېلىپ، ــ سىز
بىلەن ئوبدانراق تونۇشقۇم، پاراڭلاشقۇم
بار، خالىسىڭىز كىتاپلىرىڭىزنىمۇ كۆرۈپ
باقسام.

ئادىل ئۇنىڭ سۆزىنى جىم تۇرۇپ
ئاڭلىدى ـ يۇ، لېكىن خوشياقمىغان هالدا
جاۋاپ بەردى:

ــ مانا تونۇشۇپ بولدۇق. پاراڭ-
لىششقا كەلسەك، مەن بىر مۆرىمەس ئادەم،
سىزگە سۆھبەتداش بولالماسەنىمكىن.

ــ كېرەك يوق، بىز ئوڭايلا كېلىشە-
ۋالالايمىز، ــ ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ
مۈرىسىگە قولىنى قويدى، ــ كۆپرەك ئۆزىڭىز
هەققىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز.

ئادىلنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش
دەرهال يوقالدى.

ــ ۋاقتىڭىزنى بىكار زايا قىلماڭ،
ئۆزەم هەققىدە سۆزلىگۈدەك هېچنەرسە
يوق، ــ دېدى ئۇ ۋە سىيىت ئاكىغا بۇرۇل-
دى، ــ سىيىت ئاكا، هەر هالدا بايىقى

قوپاللىغىم ئۈچۈن سىزدىن ئەپۇ سورايمەن.

ئادىل سۆزىنى تۈگىتىپلا هەر ئىكك-
كىسىگە قاراپ: «خەيرخوش» دېگىنىنىچە
مېڭىپ كەتتى.

ــ هەي، توختاپ تۇر، ــ سىيىت ئاكا
ئالدىراپ ئۇنى چاقىردى، ــ بۇ يىگىت ئالا-
يىتەن سەن بىلەن سۆزلەشمەكچى، كاژلىق
قىلماي پاراڭلاشقىن.

ئادىل توختاپ كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە،
سىيىت ئاكىغا يېلىنغان هالدا قارىدى.

ــ سىيىت ئاكا، ئەهۋالىمنى ئۆزىڭىز
بىلىسىزغۇ، ئېيتىپ بەرگۈدەك هېچنەرسە
يوق. خوش، مەن كەتتىم.

ــ هەي، تەرسا! ــ دېدى سىيىت ئاكا
ئادىلنىڭ كەينىدىن ئېچىنغان هالدا قا-
راپ، ــ بايا سىزگە ئېيتتىمغۇ، ئۆزى ئال-
تۇندەك يىگىت، ئەمما مىجەزى غەلىتىلا،
سىزنى رەنجىتىپ قويدى ـ دە، بۇ كاژ.

لېكىن ئەنۋەر هامان بۇ كاژ قولۇپنى
ئاچالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ــ كېرەك يوق. تۇنجى قېتىم ئۇچرى-
شىشىمىزغۇ بۇ، دوستلىشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈ-
رىمىز تېخى.

3

ۋاقىت يېرىم كېچىگە يېقىنلاشقان
ئىدى. بىردىنلا يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى.
ئۆيىگە قاراپ كېلىۋاتقان ئەنۋەر قەدىمىنى
تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۇ بىر دوقمۇشتىن قايرى-
لىشىغا ماگازىننىڭ پەلەمپىيىدە ياتقان ئاللا-
قانداق بىر كىشىنى كۆردى. ئەنۋەر بەزى
مەسلەرنىڭ كېچىلىرى كوچىدا يېتىپ قال-
دىغانلىقلىرىنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇراتتى.
شۇڭا، هازىرمۇ بۇ «تىرىك جەسەت» كە
نەپرەت بىلەن قاراپ قويۇپ، ئەگىپ ئۆتۈپ

كەتتى ـ يۇ، بىراق 5 ـ 6 قەدەم ماڭمايلا يە-
نە توختاپ قالدى. «ناۋادا ئۇ ئۆيى يوق
مۇساپىر، ياكى كېسەللىك تۈپەيلىدىن هوشى-
دىن كەتكەن كىشى بولسىچۇ؟» دەپ ئويى-
لىدى ئۇ ۋە ئارقىسىغا قايتىپ، ئۇنىڭ يې-
نىغا كەلدى. ئۇ كىشى يېنىچە ياتاتتى. ئەن-
ۋەر ئۇنىڭ نەپىسىنى تىڭشاش ئۈچۈن ئىگى-
شىۋىدى، دىمىغىغا قاڭسىق هاراق پۇرىقى
ئۇرۇلدى، مەس ئىكەن! ئەنۋەر سەسكىنىپ
بېشىنى كۆتىرىشىگە كوچىدىكى چىراق نۇرى-



دەپ سورىدى مەريەم كۆزلىرىنى جاھدەك ئېچىپ.

— تېززەك ئورۇن راسلىغىنا، بەك ھېرىپ كەتتىم، — دىدى ئەنۋەر جاۋاپ بېرىش ئورنىغا، ئۇ تېخىچە ئادىلنى ھاپاشلاپ تۇراتتى.

تويى قىلغىنىغا بىر نەچچە يىل بولغان بۇ ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى تېزلا چۈشىنىدىغان كونا ساۋاقداشلار ئىدى. شۇڭا مەريەم ئەمدى قايتا سوئال سورىمىدى، ئېرىنىڭ كىيىمىنىڭ بۇلغىنىپ كەتكەنلىگىگىمۇ تاپا قىلمىدى. ئۇ ئورۇن راسلاپ بولغاندىن كېيىن، ئەنۋەر ئادىلنى ئاستا كارۋاتقا ياتقۇزدى. ئادىل ھازىرمۇ ئۆزىگە كەلمىگەن ئىدى، ئەمما بىر خىلدا پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىۋاتاتتى.

ئېغىر ھاسىراۋاتقان ئەنۋەر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، بۇ مەس يىگىتنىڭ كىملىگى ۋە ئۇنى قانداق ئۇچراتقانلىقى ھەققىدە ئايالىغا سۆزلەپ بەردى.

— ئىستانىسا باشلىقى بۇ يىگىتنى ئويۇن-تاماشىغا خوشى يوق، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدۇ، دىگەن ئىدى. نەدە يۈرۈپ شۇنچە كۆپ هاراق ئىچكەندۇ؟ — دىدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

— هاراق دىگەن نىمىنى كۆرگەندە هەر قانداق ئەر كىشى ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئوخشايدۇ. سىزمۇ نەچچە قېتىم يىقىلىپ قالدىڭىزغۇ. ھۆكۈمەت شۇ سېسىق نەر-دا مەسىنىڭ چىرايىدىكى تونۇش بەلگىلەرنى بايقاپ قالدى. هە، ئەنە شۇ قوشۇما قاش، ئاق پىشماق چىراي ۋە كېلىشكەن قاڭشالىق بۇرۇن ئۇنىڭغا تونۇش ئىدى.

— ئادىل! — دەۋەتتى ئەنۋەر ئىختىيارسىز هالدا ۋە ئېڭىشىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئەمما ئادىلدىن ھېچقانداق جاۋاپ بولمىدى. ئۇ راستىنلا ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. ئەنۋەر ئۇنىڭ غەرق مەسلىگىنى چۈشەندى-دە، ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ مىڭ تەستە ئېلىپ ماڭدى. يەنە ئۈچ-تۆت يۈز مېتىر ماڭسىلا، ئەنۋەر ئۆز ئۆيىگە يېتىپ باراتتى. بىراق، ئۇ، بۇ ئارىلىقنى ئالاھىزەل يېرىم سائەتتە بېسىپ بولدى.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نىمە ئىش؟! — ئەنۋەرنىڭ ئايالى مەريەم ئېرىدىنىڭ بىر ئادەمنى هاپاشلاپ كەلگىنىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ۋاقىرىۋەتتى.

— بولدى، شاۋقۇن كۆتەرمە! — دىدى ئەنۋەر ۋە ئادىلنى ئۆيگە ئېلىپ كىردى.

— كىم بۇ؟ ئۇنىڭغا نىمە بولدى؟ —

سىنى نىمىشقا ئىشلەيدىكىن؟

ئەنۋەر گەپ قىلماستىن كۈلۈپ قويدى. ئەمما، بايا مەريەمگە ئېيتقان سوئالى هامان ئۇنىڭ كاللىسىدا چۆگىلەپ يۈرەتتى. مەريەم يەنە بىر كارۋاتقا چىقىپ ياتتى ـ دە، تېزلا ئۇخلاپ قالدى. ئەنۋەر تاماكىسىنى چېكىپ بولۇپ، ئادىلنىڭ چاپىنىنى سالدۇردى. ئۇ چاپاننى ئورۇندۇققا ئارتىشىغا يانچۇقتىكى نەرسىلەر يەرگە تۆكۈلدى. ئەنۋەر چېچىلغان نەرسىلەرنى يىغىشقا كىرىشتى. تاماكا قۇتىسى، سەرەڭگە، كېسىلگەن گېزىت قەغەزلىرى ئارىسىدا بىر پارچە خەتمۇ بار ئىدى. ئەنۋەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئادىلنىڭ يانچۇقىغا سالدى ـ يۇ، ئاللىقانداق قىزىقىش بىلەن ھىلىقى خەتنى ئېلىپ ئاچتى. خەت قىسقا، ئەمما قورققىدەك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان ئىدى:

«مەن سىزنى ئاقكۆڭۈل يىگىت دەپ ئويلىغۇدىم، لېكىن قولىڭىز ئۆز دادىڭىزنىڭ قېنى بىلەن بويالغان قاتىل ئىكەنسىز، سىزگە چەكسىز نەپرەتلىنىمەن، پاك ئەقىدەمگە ئېچىنىمەن ۋە خەلق سوتىنىڭ سىزدەك جىنايەتچىگە تېزرەك جازا بېرىشىنى تىلەيمەن!»

ئەنۋەرنىڭ قوللىرى تىترىدى، چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە يالت قىلىپ ئادىلغا قارىدى، ئۇ بولسا غېمىدە يوق پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

«ھەي، بۇ ئادىل مۇشۇنداق ئادەممىدۇ؟ ئۇ راستىنلا ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلمىدۇ؟ سىيىت ئاكا ھەجەپ ئۇنى...»

ئەنۋەرنىڭ كاللىسىدىن چاقماقتەك كېسىپ ئۆتكەن بۇ سوئاللار ئۇنى شۈركەندۈرۈۋەتتى ۋە ئاللىقانداق غەيرى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئادىلنىڭ ھەممە يانچۇقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدىن 2 دانە ئاچقۇچ بىلەن تاماكا قۇتىسىدىن بىلەك ھېچقانداق مىتال پارچىسى تاپالمىدى.

«هازىرلا كوچىغا ئەپچىقىپ تاشلىۋەتسەممىكىن؟» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر. بىراق، بىردىنلا يەنە ھىلىقى خەتكە ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئىسمى يېزىلمىغانلىقىنى ئەسلەپ، ئىككى تايىن بولدى. خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى. خەتكە ھەتتا چېسلامۇ يېزىلمىغان ئىدى. بۇ زادى قانداق خەت؟ ئۇ ئادىلنىڭ يانچۇقىغا قانداق كىرىپ قالغاندۇ؟ شۇنچە كۆپ هاراق ئىچىش بىلەن بۇ سىرلىق خەتنىڭ بىرەر مۇناسىۋىتى بارمىكىن؟ «ئەقىدەمگە ئېچىنىمەن» دىگەن سۆز نىمىنى چۈشەندۈرۈدۇ؟... ھوي، توختىغىنا، سىيىت ئاكا ئادىلنى ئىستانسىدىكى ئەڭ گۈزەل بىر قىز بىلەن توي قىلىشقا پۈتۈشتى، دىگەن ئەمەسمىدى. بۇ ئەقىدە شۇ قىزنىڭمۇ يا؟ شۇ، جەزمەن شۇ...»

ئەنۋەر ئۇخلاۋاتقان يىگىتكە بىر خىل نەپرەت بىلەن تىكىلدى. ئەمما كاللىسىغا يەنەيېڭىدىن ـ يېڭى مۇلاھىزىلەر پەيدا بولماقتا ئىدى.

«ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» ــ بۇ كىچىك ئىشمۇ؟ ئەگەر ئادىل راستىن شۇنداق جىنايەتكار بولسا، تەشكىل شۇ كەمگىچە بۇ ئىشنى ئۇقماي قالارمىدى؟ بۇ خەتنى ئادىلغا ئاتاپ يېزىلغانمۇ دەيلۇق، ئۇنداقتا ئۇ خەتنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى چەتكە ئالماي، نىمىشقا هاراق ئىچىپ، كوچىدا يىقىلىپ قالىدۇ؟...

ئەنۋەر قانچە ئويلىسىمۇ، خەتنىڭ سىرىنى يېشەلمىدى. ئۇ ئادىلنى نە ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىشنىمۇ، نە شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويۇشنىمۇ بىلەلمەي، بېشى گاراڭ بولدى. ئۇ ئاخىرى ئادىلغا ياندىشىپ يېتىشتىن ۋاز كېچىپ، چىراقنىمۇ ئۆچۈرمەي، ئۈستەل ئالدىدا ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە خىيالغا غەرق بولدى. مىنۇتلار، سائەتلەر ئۆتتى. باش توخۇ چىللىغان مەزگىلدە چىدىغۇسىز ئۇيقۇ ئۇنى يەڭدى ـ دە، بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

4

پارتكوم شۇجىسى خاپا ھالدا سېيىت ئاكىغا قەغەزنى سۇندى:

— بۇنى كۆرۈپ چىقىڭ، — دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — بۇ خەت سىزگە «قىزىل قۇتقۇزغۇچى» دېگەن ئالىقاناتلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا قانداق يامان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

سېيىت ئاكا شۇجىنىڭ تەلەپپۇزىدىكى تەنە ئىپادىسىگە ئېرەن قىلماي، خەتكە چاپسان كۆز يۈگۈرتتى. «بىر قاتىل ئۈستىدىن پاش قىلىش» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان بۇ خەتتە ئادىلنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دا ئىسيان كۆتىرىش نامى بىلەن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانلىقى، ئەڭ مۇھىمى، ئۆز دادىسى بولغان ئىنقىلاۋىي رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە بىۋاستە سەۋەبكار بولغانلىقى، لېكىن ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ھوقۇق ئىگەللىگەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇنى قانۇنىي جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپلا قالماي، ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنىغا سۇقۇندۇرۇپ كىرگۈزگەنلىكى قاتارلىق ئىشلار تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن كېيىن، ئىستانسىدا بەزى رەھبەرلەرنىڭمۇ ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئەتىۋالاۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلگەن ۋە ئاخىرىدا ئۇنى قاتىل سۈپىتىدە قانۇننىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان ئىدى. خەت ئىمزاسىز بولۇپ، ئاخىرىغا «ھەر خىل ئېھتىماللارنى كۆزدە تۇتۇپ، نامىمىزنى يازمىدۇق. ئادىلنىڭ يۇرتىغا ئادەم ئەۋەتىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈلسىلا، پاش قىلغانلىرىمىزنىڭ راستلىقى ئىسپاتلىنىدۇ» دەپ يېزىلغان ئىدى.

سېيىت ئاكا خەتنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتى، پېشانىسى ۋە بۇرنىنىڭ ئۈستىنى مونچاقتەك تەر قاپلىدى. ئۇ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ چەكتى. «ھوي، بۇ ئادىل راستىن شۇنداق بالىمىدۇ؟» دېگەن سوئال ئۇنىڭ كاللىسىغا مىختەك ئورنىشىۋالدى ۋە بىردىنلا تۈنۈگۈن كەچ ئادىل بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆھبەت ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئادىل ئۆلۈشكۈن سېيىت ئاكىسىنى ئىزلەپ كېلىپ ھاماچىسىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا يۇرتىغا بېرىپ-كېلىش ئۈچۈن بىر ئايلىق رۇخسەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئىدى. ئۇ كۈنلەردە شۇجى يىغىن مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانسىدا يوق ئىدى. سېيىت ئاكا باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن سۆزلىشىپ، رۇخسەت بېرىشنى قارار قىلدى. ئۇ تۈنۈگۈن بۇ خەۋەرنى ئادىلغا مەلۇم قىلىپ، كەچلىك تاماققا ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بۇ قېتىم ئادىلمۇ ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلمايلا ئۇنىڭ تەكلىۋىنى قوبۇل قىلدى. ئەمما، ئىلگىرىكىدەكلا جىمغۇر ئىدى. بەزىدە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقۇدەك ھالدا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قوياتتى. كۆپنى كۆرگەن سېيىت ئاكا بۈگۈن ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنىڭ تېخىمۇ پەرىشان ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— قېنى، يۇرتۇڭغا ساق-سالامەت بېرىشىڭ، ھاماچاڭنىڭ ساقىيىپ كېتىشى ئۈچۈن كۆتىرەيلى، — دېدى ئۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ.

ئادىلنىڭ چىرايىدىن يېنىك تەبەسسۇم لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى-دە، رومكىنى سوقۇشتۇرۇپ، گەپ-سۆزسىز ئىچىۋەتتى.

— بالام، روھىڭنى چۈشۈرمە، كېسەل بولمايدىغان ئادەم يوق، لېكىن ھازىر داۋالىنىش ئىمكانىيەتلىرىمۇ تولۇق، بەلكىم سەن يۇرتۇڭغا بېرىپ بولغىچە ھاماچاڭنىڭ سالامەتلىكىمۇ ئەسلىگە كېلىپ قالار، — سېيىت ئاكا ئادىلنىڭ كەيپىياتىدىكى پەرىشانلىقنى كۆتىرىۋېتىش ئۈچۈن كۈلۈپ تۇرۇپ چاقچاق

قىلدى،— قېنى، مۇنۇ قازان كاۋىپىدىن ئال-غىنا... يەڭگەڭنىڭ قولى ئالتۇن جۇمۇ، ھەجەپ بەلەن خوتۇنغا ئۇچراپتىكەنمەن. قانداق، قازان كاۋىپى راست مىزىلىكمىكەن؟

ئادىل زىرە، قارامۇچ قوشۇپ پىشۇرۇلغان قازان كاۋىپىنى يەۋېتىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— راست، ھەجەپ بەلەن ئوخشاپتۇ،— دېدى.

ئۇلار يەنە ئىككى-ئۈچ رومكىدىن ئىچىشتى. سېيىت ئاكا ئادىلنىڭ كەيپىياتىنى كۆتىرىش ئۈچۈن ھېلى ئۇ ھەقتە، ھېلى بۇ ھەقتە سۆزلەيتتى، ھەتتا بەزىبىر قىزىق لەتىپىلەرنىمۇ ئېيتىپ بەردى. بىراق، ئادىل كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرسىمۇ، يەنە كەمسۆز ئىدى. سوئاللارغا قىسقا جاۋابلارنىلا بېرەتتى.

— قاچان مېڭىپ كېتەي دەيسەن؟— دەپ سورىدى سېيىت ئاكا نۆۋەتتىكى رومكىنى بوشاتقاندىن كېيىن.

— ئەته ئەتىگەن بىلەتكە كىرىمەن. ناۋادا ئەتىكى ماشىنىنىڭ بېلىتىنى ئالالىسام، مېڭىپلا كېتەرمەن.

— قېرىلىق قۇرۇسۇن. ئەزمىلىك بىلەن سېنى گەپكە تۇتۇپ، ۋاقتىڭنى زايا قىلىپتىمەن،— دېدى سېيىت ئاكا بىردىنلا خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ،— شۇ تاپتا ئايگۈل قىز سېنى كۈتۈپ تازىمۇ بىتاقەت بولغاندۇر.

ئايگۈلنىڭ ئىسمى چىققاندا ئادىلنىڭ چىرايىدا ئاللىقانداق ئازاپلىنىش ئىپادىسى پەيدا بولۇپ، قوشۇمىسى تۈرۈلدى، يۈرىكى تېز-تېز سىلىشقا باشلىدى ۋە ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن دەرھال رومكىنى قولىغا ئېلىپ ھاراقنى «گۈپپىلا» قىلىپ ئىچىۋەتتى. «مەن كەتكەندىن كېيىن ھامان ئاڭلايدۇ. ماڭا شۇنچە ئاتىدارچىلىق قىلغان بۇ ئاقكۆڭۈل كىشىدە ئۆزەم توغرىلىق نەپرەت پەيدا قىلغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم ئەۋزەل. خاتىرىنى چوقۇم بېرەي.» ئۇ ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى-دە، سەل يېنىكلەشكەندەك بولدى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئادىل خوشلىشىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىزدىن ھامماچاڭغا قىزغىن سالام ئېيت،— دېدى سېيىت ئاكا ئۆيىدىن چىقىۋاتقاندا.

— مېھمان قىلغىنىڭلارغا رەھمەت،— دېدى ئادىل ئىشىك ئالدىدا خوشلىشىۋېتىپ، ئاندىن يانچۇقىدىن جىگەررەڭ تاشلىق خاتىرىنى ئېلىپ سېيىت ئاكىغا ئۇزاتتى،— سېيىت ئاكا، مېنىڭ ئۆتمۈشۈمنى بىلىشكە كۆپ قىزىققانتىڭىز، مۇشۇ خاتىرىدە ھەممىسى يېزىلغان، بۇنى سىزگە قويۇپ كېتەي، ئوقۇپ كۆرۈڭ...

— نېمە، خىيالغا پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟— شۇجىنىڭ سوئالى سېيىت ئاكىنى خىيال قوينىدىن تارتىپ چىقاردى،— بۇ ماتېرىيالغا ئىشەنمەيۋاتامسىز - يا؟

سېيىت ئاكا شۇجىغا خىيالچان ھالدا تىكىلدى: قارىغاندا، شۇجى بۇ ماتېرىيالغا تولۇق ئىشىنىپ بولغاندەك تۇرىدۇ.

— بۇ خەتتە پاش قىلىنغىنى يېڭى ئەھۋاللار ئىكەن،— سېيىت ئاكا ئاخىرى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى،— پاكىتلارمۇ خېلى تەپسىلى يېزىلىپتۇ...

— توغرا ئېيتتىڭىز،— ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى شۇجى،— مەن «قىزىل قوغدىغۇچى» دېگەن بۇ ئالىقاناتلارغا ئەزەلدىن ئىشەنمەيتتىم. ئادىل دېگەن بۇ ھارامزادىمۇ شۇلارنىڭ بىرى بولغىنى ئۈچۈن گۇمان بىلەن قارىغان. بىراق سىز كۆڭۈلچەكلىك قىلىپ، ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلىدىڭىز، مانا ئاخىرى مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولۇپ چىقتى.

سېيىت ئاكا شۇجىنىڭ ئەيىپلەشلىرىگە ئېتىۋار بەرمەي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىراق، مېنى ئىككى نەرسە ئەجەپلەندۈرىدۇ: بىرى، شۇنچە جىددى مەسىلىنى

پاش قىلىنغان بۇ كىشى ئىسمىنى يازماپتۇ. ئۈچ ئېلىشتىن قورقىتمىكىن دەيلى دىسەك، ئادىلدا ئۇنچىۋالا چوڭ ھوقۇق يوق، تەۋەككۈلچى لۈكچەكمۇ ئەمەس، ئىككىنچىدىن، بۇ خەتتە پاش قىلىنغان مەسىلەر راست بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار شۇ كەمگىچە بۇ ھەقتە نىمىشقا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىكىن؟

— ھىم، مۇنداق دەڭ، — شۇجى نارازى كەيپىياتتا تاماكا تۇتاشتۇردى، — ئادىلدا چوڭ ھوقۇق بولمىغان بىلەن ئۇنى قوللايدىغانلار بار-دە، پاش قىلغۇچى بۇنى كۆزدە تۇتمىدى دىيەلەمسىز؟ ئەمدى ئىككىنچى مەسىلىگە كەلسەك، بايا مەن ئۇنىڭ ئارخىۋىنى ئالدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتىم، بىر دانە ئانكىت، دادىۋي ۋە گۇگشىنىڭ ئىسپات خېتىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن. پەقەت «ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن» دەپلا يېزىلىپتۇ. مەسىلە ناھايىتى ئېنىق: مۇشۇ پاش قىلىش ماتېرىيالىدا ئېيتىلغاندەك، ئادىلنىڭ ھەمتاۋاقلىرى ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئىشچىلار قوشۇنىغا سوقۇندۇرۇپ كىرگۈزۈۋەتكەن گەپ.

سېيىت ئاكا، بۇ سۆزلەرنىڭ باش قىسمىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىنى چۈشىنىپ، سەل ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سورىدى:

— خوش، سىز بۇ مەسىلىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك دەپ قارايسىز؟

— مېنىڭ پىكرىم مۇنداق، — دىدى شۇجى ئۇنىڭغا قايرىلىپ، — بىرىنچىدىن، ئادىلنى دەرھال ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇش، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ سىرتىدىن مەخپى نازارەتنى يولغا قويۇش، ئۇنداق قىلمىغاندا، قېچىپ كېتىشى مۇمكىن، قاتىل دىگەننىڭ قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، سىياسى جەھەتتىن ئىشەنچلىك يولداشلاردىن ئىككىنى ئادىلنىڭ يۇرتىغا ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش. قانـداق، بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلامسىز؟

سېيىت ئاكا دەرھال جاۋاپ بەردى:

— ئاخىرقى ماددىغا قوشۇلۇۋەن. ئىنكاس كەلگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە تەكشۈرۈش لازىم. لېكىن، مېنىڭچە، ئالدىنقى ئىككى نۇقتا ئۈستىدە ھازىرچە ئالدىرىمىساق دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئادىلنىڭ ئۆزىمۇ ھازىر ئىستانسىدا ئەمەس.

— نىمە، ئۇ نەگە كەتتى؟ — ئالدىراپ سورىدى شۇجى.

— يۇرتىغا بېرىشقا رۇخسەت سورىغان ئىدى. بىزمۇ قوشۇلغان، بۈگۈن ئەتىگەن مېڭىپ كەتتىغۇ دەيمەن.

— ھەي، قاراڭ سىزنى، شۇنچىمۇ بىخۇتلۇق قىلامسىز؟! — شۇجى تېرىككەن ھالدا ئۆي ئىچىدە مېڭىشقا باشلىدى، — بىرەر شەپە سېزىپ قۇيرۇقنى خادا قىپتۇ-دە، بۇ ھارامزادە، سىز بولسىڭىز؟... ئەستەغپۇرۇللا، ئۇنىڭ قېچىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بېرىپسىز.

سېيىت ئاكىمۇ ئورنىدىن تۇردى:

— نىمانچە ھودۇقۇپ كېتىسىز يولداش شۇجى؟ — دىدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتىرىپ، — قولىمىزغا چۈشكىنى تېخى ناھايىتى بىر ئىمزاسىز خەتتۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا ئۆزىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ تۆھمەتكە ئۇچرىغان تۇرۇقلۇق، بۈگۈنكى كۈندە باشقىلار ئۈستىدە پاش قىلىنغان بىر مەسىلىگە مۇنچە تېز ئىشىنىپ كەتسىڭىز...

— ئۇ دىگەن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ دەۋرى، ھازىر دىگەن باشقا ۋاقىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بىر «قىزىل قوغدىغۇچى»...

— تۆھمەتخورلار بىر كۈندىلا تۈگەپ كېتەرمۇ؟ ئاندىن سىز ھە دىسە قىزىل قوغدىغۇچى ئۇنداق، قىزىل قوغدىغۇچى مۇنداق...

— ھە، سىزنىڭچە، ئەمدى شۇنچە مۇھىم مەسىلىنى پاش قىلغان كىشى تۆھمەتچى بولۇپ قالدىمۇ؟

ئەمدى بۇ ئىككى رەھبەر رەسمى مۇنازىرىلىشىشكە ئۆتكەن ئىدى.

— مەن بۇ پاش قىلغۇچىنى تېخى تۆھمەتخور دەۋاتقىنىم يوق. شۇنداقلا ئۇنىڭ پاش قىلغانلىرىغا دەرھال ئىشىنىپمۇ كەتمەيمەن، ئاۋال تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، خۇلاسىنى ئاندىن چىقىرايلى دېمەكچىمەن.

— ئۇنىڭغىچە قاتىل ئۆزىنى يوشۇرۇپ بولىسچۇ؟ ياكى بىرەر ياخشى ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىسچۇ؟

— يولداش شۇجى، سىز مۇشۇ ماتېرىيالغا بەك ئىشىنىپ كەتكەچكە، مەسىلىگە تولىمۇ جىددى قاراۋاتىسىز. ئادىل ئاخشام ماڭا بىر خاتىرە بېرىپ: «ئوقۇپ كۆرۈڭ، بۇنىڭغا بارلىق ئەھۋالىم يېزىلغان» دېدى...

— ھە، ئۇ خاتىرىدە نىمىلەر يېزىلىپتۇ؟

— تېخى ئوقۇشقا ئۈلگۈرمىدىم. مېنىڭچە، ئۇ خاتىرە ئادىلنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەر دېگەن ئۈمىتتىمەن.

شۇجى جىلى بولغان ھالدا يەنە بىر پەس ماڭدى ـ دە، بىردىنلا سېيىت ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى:

— ئەگەر بۇ ھارامزادە تۈلكە كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆز تارىخىنى بوياپ يازغان بولىسچۇ؟ ياق، بۇنداق نەرسىلەرگە ئىشىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ...

— يولداش شۇجى...

— بولدى، گېپىمنى بۆلمەڭ! يولداش چاڭجاڭ، سىز ئادىلنى بۇرۇنمۇ ئارتۇقچە قوللاپ كەتكەن، بۇ قېتىممۇ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن رۇخسەت بېرىپ، ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىپسىز. بۇ ئىشىڭىز ياخشى بولمىدى. مەن سىزنىڭ سىنىپىي نۇقتىئىنەزىرىڭىزنى كۈچەيتىشىڭىزگە مەسلىھەت بېرىمەن.

سېيىت ئاكا ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالالمىدى:

— دۇرۇس، سىنىپىي نۇقتىئىنەزىرىم ئېھتىمال، سىزنىڭكىگە يەتمەس، — دېدى ئۇ جىددى ھالدا، — بۇ جەھەتتە ئەيىپلەيمەن دېسىڭىز ئىختىيارىڭىز. ئەمما، ئادىلغا رۇخسەت بەرگەنلىگىمدىن چۆچۈمەيمەن. چۈنكى بىر ئىشچىغا رۇخسەت بېرىش مەسىلىسى — كارخانا باشلىقىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىكى ئىش. ئۇ چاغدا بۇ پاش قىلىش ماتېرىيالىمۇ يوق ئىدى.

شۇجىمۇ بايىقى سۆزىدە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، سەل يۇمشىدى:

— بولدى، بۇ ھەقتە تالىشىۋەرمەيلى. شەھەرگە دەرھال بىرنەچچە ئادەم كىرىپ ئادىلنى ئىزلەپ باقسۇن، تېخى مېڭىپ كەتمىگەن بولسا، قايتۇرۇپ چىقسۇن. ئاندىن، ماشىنىلار قاتنايدىغان ھەرقايسى يوللاردىكى قاتناشنى باشقۇرۇش پونكىتلىرى ۋە بېكەتلەرگە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلايلى، مېڭىپ كەتكەن بولسا، تۇتۇپ تۇرسۇن.

سېيىت ئاكا كېيىنكى چارىغا قوشۇلمىدى، لېكىن يەنە تالىشىپ ئولتۇرۇشنى لايىق كۆرمەي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

×

سېيىت ئاكىنى ئۆيىدە ئەنۋەر كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

— ئىشخانىڭىزغا بارغان ئىدىم، شۇجى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقىنىڭىزنى ئېيتىشتى، — دېدى ئەنۋەر سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، — ئۇ يەرگە كىرىشنى بىئەپ ھېس قىلىپ، ئۆيىڭىزدە كۈتۈشنى ئويلىدۇم. يەڭگەمنىڭ ئۆتكەنكى لەغمىنى تامىغىدا قالغان، بۈگۈن يەنە سوراپ كەلدى.

— بەك ياخشى بوپتۇ، — دېدى سېيىت ئاكا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىشخانىدا ئۇچراشقان بولساقمۇ ئۆيگە باشلاپ كېلەتتىم.

ئۇلارچاي ئىچكەچ تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىشتى. ئەنۋەر مۇخبىرلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن سىيت ئاكىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئانچە نورمال ئەمەسلىگىنى سېزىۋېلىشقا ئۈلگۈردى.

«ساقلىغى يوقمىدۇ؟ يا ئادىل توغرىسىدىكى ئىش راست بولۇپ، شۇنىڭدىن قايغۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر ۋە چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ:

— بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئادىلنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— ياخشى كېتىۋاتىدۇ، — قىسقىلا جاۋاپ بەردى سىيت ئاكا.

«دەيمۇ، دىمەيمۇ، توختا، يەنە گەپ تېشىپ كۆرەي».

— بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىلەن دوستلىشىۋېلىشقا كەلدىم. ئەگەر مالال كەلمىسە، ئۇنىمۇ مۇشۇ يەرگە چاقىرغان بولساق.

— ئادىل ھازىر ئىستانىسىدا يوق، — سىيت ئاكا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

ئەنۋەرنىڭ يۈرىگى «جىغ» قىلىپ كەتتى: «قولغا ئېلىنغانمىدۇ؟»

— ئۇ نەگە كەتتى؟

— رۇخسەت سوراپ يۇرتىغا كەتتى.

— قاچان؟

— بۈگۈن ئەتىگەن مېڭىپ كەتتىغۇ دەيمەن.

ئەنۋەرنىڭ يۈرىگى ئىزىغا چۈشتى.

—سىيت ئاكا، ئادىل ھەققىدە بىرەر يېڭى گەپ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

— قانداق يېڭى گەپ؟ — ئالدىراپ سورىدى سىيت ئاكا.

«دىمەك، خەۋىرى يوق ئىكەن - دە، بۇ سوئالنى بىكار سوراپتىمەن».

— شۇنداقلا سوراپ قويدۇم، — ئەنۋەر خۇپسەنلىك قىلىپ قۇتۇلماقچى بولىۋىدى، لېكىن سىيت ئاكا ئۇنىڭغا ئەمدى مەھكەم يېپىشتى:

— قارىغاندا، بىرەر گەپ ئاڭلىغان ئوخشايسىز، قېنى، سۆزلەپ بېرىڭ.

— ياقەي، مەن بۇ يەردە بولمىسام، نىمىنى ئاڭلايتتىم.

سىيت ئاكا مۇخبىرنىڭ نىمىنىدۇ يوشۇرۇۋاتقانلىغىنى، بۇ ھەقتە ئۆزى گەپ تەشمىسە، سۆزلەپ بەرمەيدىغانلىغىنى چۈشەندى - دە، ھاياجانلىق تەلەپپۇزدا:

— ئوغلۇم، مېنى قىينىماي، بىلگەنلىرىڭىزنى ئېيتىپ بېرىڭ، بۇنى ئاڭلاش ماڭا ھازىر ئىنتايىن زۆرۈر، — دىدى.

— نىمىشقا ئەمدى؟

— خوپ، مەن ئاۋال ئېيتمىسام، سىز ئېغىز ئاچمايدىغان ئوخشايسىز، باياتىن ئادىل ھەققىدە بىر غەلىتە خەۋەر ئاڭلىدىم، ياق، بىر پاش قىلىش ماتىرىيالىنى كۆردۈم...

— دادىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپمۇ؟ بىر قىز يېزىپتىمۇ؟

— ياپىر، سىزمۇ ئاڭلاپسىز - دە؟ ماتىرىيال يازغۇچى قىزمۇ، ئوغۇلمۇ مەلۇم ئەمەس، ئىمزاسىز.

— بۇمۇ ئىمزاسىز دەڭ.

— ھە، سىزدىمۇ بىرسى بارمۇ؟

— مەنمۇ بىرنى كۆردۈم، ئەمما ئۇ ھازىر مەندە ئەمەس، ئادىلنىڭ ئۆزىدە، — دىدى ئەنۋەر ۋە ھىلىقى ئاخشىمى ئادىلنى قانداق ئۇچراتقانلىغىدىن تارتىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى تەپسىلى سۆزلەپ بەردى، — ئەتىگەن ئويغىنىپ قارىسام، ئادىل ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۈستەلدە بىر خەت تۇرۇدۇ. ئۇنى ئادىل يېزىپ قويۇپتۇ. كوچىغا چىقىپ ئادىلنى خېلى ئىزلىدىم، تاپالمىدىم. ناشتا قىلىپ بولۇپلا بۇ يەرگە

كەلمەكچىدىم، لېكىن بىر جىددى ۋەزىيەت بىلەن تۇرپانغا بېرىشقا توغرا كېلىپ، ئۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم. بولغان ئەھۋال مانا شۇ.

ئەنۋەر سۆزىنى تۈگىتىپ، يانچۇقىدىن قاتلانغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ سىيىت ئاكىغا ئۇزاتتى. ئۇنىڭغا تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان ئىدى:

«يولداش مۇخبىر، سىزگە ئىنتايىن يامان ئەھۋالدا ئۇچرىغان ئوخشايمەن. ئەتىگەن ئويغىنىپ خىجىللىقتىن ئۆلگۈدەك بولدۇم. ئەخورلىغىنىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. مېنى مۇشۇ كويغا سالغان ھىلىقى خەتنى ئوقۇغان ئوخشايسىز، بەلكىم سىزمۇ ھازىر ماڭا نەپرەتلىنىۋاتقان بولسىڭىز كېرەك، مەيلى، ئىختىيارىڭىز. مەنمۇ ئەمدى جىم يۈرۈۋەرمەيمەن، ئۆزەمنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن...» سىيىت ئاكا ئەجەپلەنگەن ھالدا ئەنۋەرگە قارىدى.

— ئۇ خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئايالىم ياكى مەن مىدىرلاپ قويدۇقمىكىن، ئويغىنىپ كېتىشىمىزدىن ئەنسىرەپ كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئەنۋەر ئويچانلىق بىلەن.

سىيىت ئاكا پېشانىسىنى تۇتۇپ بىر پەس ئولتۇرۇپ كەتتى - دە، ئاندىن تاماكا ئوراشقا باشلىدى. بارماقلىرى تىترەپ تۇرغاچقا قەغەز ئوڭاي يېپىشماي، تاماكا دانلىرى ئۈستەلگە تۆكۈلدى.

— مەن بۇرۇنمۇ بۇ بالىنىڭ جىمغۇر، كىشىلەرگە ئارىلاشمايدىغانلىقىغا قاراپ، كۆڭلىدە بىر دەردى بارمىكىن دەيتتىم، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ئاخىرى، مانا بۇ قورقۇنچلۇق گەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ گەپنىڭ راست - يالغانلىقىغا ھازىرچە بىر نىمە دېمەك تەس، ھە، راست، سىز كۆرگەن ھىلىقى خەتنى قىز بالىنىڭ بولسا كېرەك دېدىڭىزمۇ؟

ئەنۋەر بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئايگۈل يازغان ئوخشايدۇ - دە، — دېدى سىيىت ئاكا ئېغىر خورسىنىپ.

— شۇ قىزدىن سوراپ كۆرگەندە، بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭغا كىم يەتكۈزگەنلىكىنى بىلگىلى بولۇدۇ، — دېدى ئەنۋەر ئويچان ھالدا. — ئۇ ھالدا ھىلىقى پاش قىلىش ماتېرىيالىنىڭ ئىگىسىنىمۇ ئوڭايلا قىياس قىلالايمىز.

— ئىشقىلىپ ھازىردىن باشلاپ بۇ ئىشنى تەكشۈرمەكچىدىمىز، قېنى، نەتىجىسىگە قاراپ باقايلى، ھە، راست، ئادىل ماڭا بىر خاتىرە قالدۇرغان، لېكىن كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم.

سىيىت ئاكا سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاپ ئىشكاۋىدىن ئادىلنىڭ خاتىرىسىنى ئالدى، ئەنۋەر خاتىرىنى ۋاراقلىدى. پۈتۈن خاتىرە خەت بىلەن تولغان ئىدى، شۇ ئەسنادا ئۆيگە يەنە بىر كىشى كىرىپ كەلدى، ئەنۋەر سىيىت ئاكىنىڭ ئىشارىسى بىلەن خاتىرىنى سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— چۈشتىن كېيىن پارتكومدا جىددى يىغىن باركەن، شۇجى سىزگە خەۋەر قىلىپ قويۇشنى تاپىلىۋىدى، — دېدى كىرگەن كىشى سەل قورۇنغاندەك بولۇپ.

— ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە دەپتىكەن، قېنى، ئۈستەلگە كېلىڭ.

تاماقتىن كېيىن ھىلىقى كىشى چىقىپ كەتتى. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىمۇ توشقان ئىدى. شۇڭا ئەنۋەرمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— سىيىت ئاكا، بۇ خاتىرىنى بۈگۈنمۇ كۆرەلمەيدىغان ئوخشايسىز، مەنمۇ ئادىل دېگەن بۇ يىگىتنىڭ ھاياتىغا سىزگە ئوخشاشلا قىزىقىۋ-

چىمەن. ئەگەر ماڭا ئىشەنسىڭىز، بۈگۈن كۆرۈپ چىقىپ، ئەتە ئەتىگەنلىككە قايتۇرۇپ بەرسەم.

سىيىت ئاكا سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ماقۇل، كۆرۈڭ، ئادىلمۇ رەنجىمەس، — دېدى.

ئەنۋەر سىيىت ئاكىنىڭكىدىن قايتقاندىن كېيىن ئىشخانىسىغىمۇ كىرمەي، ئۇدۇل ئۆيىگە باردى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىپ، كىرىسلوغا ئولتۇردى ۋە ئادىلنىڭ خاتىرىسىنى ئوقۇشقا كىرىشتى.

## ئىككىنچى باپ

1

يېڭى ھاياتىم باشلاندى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر ئەزاسى بولدۇم، بۇ يەردە مېنى ھېچكىم رەنجىتمەيدۇ. ئىستانسىمىزدىكى ئىشچىلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ياشلار. ئۇلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى كۆپىنچە ئويۇن ـ تاماشا، كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرى ھەممىسى شەھەرگە كېتىشىپ، كەچقۇرۇن كەيپى كۆتىرىلگەن ھالدا قايتىشىدۇ. ئۇلار مېنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ شادۇ ـ خورام تۇرمۇشىغا جەلپ قىلىشقان ئىدى. لېكىن مەن ئۇلاردىن ئۆزەمنى تارتتىم. قەلبىمدە شات ـ خوراملىقلارغا قارىتا مۇھەببەت يوقمۇ؟ ۋۇجۇدۇمدا ياشلىق جۇشقۇنلۇقى تامام ئۆچكەنمۇ؟ ياق، مىڭ قېتىم ياق! مەن گۈزەل تۇرمۇشنى، شات ـ خورام ھاياتنى قىزغىن سۆيىمەن! ئەمما يۈرۈگۈم يارىلانغان! مەن بۇ يارىنىڭ تېزرەك ساقىيىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. تۇرمۇش ساۋاقلىرىدىن بىلىمەنكى، كىشىلەرگە قانچە ئارىلاشسام، ئۇلار ھەر خىل سوئاللار بىلەن يارامنى شۇنچە تاتىلىشىدۇ. مەن قەلبىمدىكى قەقەشنىڭ ۋاقىتسىز سويۇلۇشىنى خالىمايمەن. شۇڭا مېنىڭ ھاياتقا بولغان سۆيگۈم — ئازاپلانغان قەلبىم ئۈچۈن خاتىرجەملىك ئىزلەش ۋە ۋىسالغا ئېرىشىش مىنۇتلىرىنى خۇپىيانە ئارزۇ قىلىشتىلا ئىپادىلىنىدۇ! ئىشتىن بوش ۋاقىتلىرىمنى كۆپىنچە كىتاب ئوقۇش، خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزىمەن. بەزىدە ئىچ پۇشقىمنى چىقىرىش ئۈچۈن دۇتار چالىمەن. كىتاب، خىيال ۋە مۇزىكا شىكەستلەنگەن روھىمغا ئارام بېرىدۇ، مېنى ئۈمىتۋارلىققا، ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندەپ، يۈرۈگۈمدىكى يارىنىڭ ساقىيىشىنى تېزلىتىدۇ.

ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدا ئەدەبىيات مۇئەللىمىمىزنىڭ: «باللار، ئەدەبىياتنى سۆيۈڭلار. ئۇ ئاجىزلارغا روھ، ئۈمىتسىزلەرگە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ، مۈگدەۋاتقانلارنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، خاتا قەدەم باسقانلارنى توغرا يولغا باشلايدۇ» دېگىنى ھېلىمۇ ئېسىمدە. دەرۋەقە، ئەدەبىيات مېنى يىقىلسام يۆلىدى؛ ئازاپلانسام مېھرىۋان ئانىدەك پەپىلەپ، ئاغرىقىمنى ئۇنتۇلدۇردى؛ ھاياتتىن ئۈمىت ئۈزگەن چاغلىرىمدا ئالدىمدىكى ئۆلۈم شەرۋىتىنى تۆكۈۋېتىپ، ھاياتلىق سۈيى ئاتا قىلدى؛ قەلبىمگە ئۈمىت ۋە ئىشەنچ ئۇرۇقلىرىنى تېرىدى! مەن ئەدەبىيات ئارقىلىق نۇرغۇن دوستلارنى تاپتىم. ئۇلارنى مەن ھېچقاچان كۆرگەن ئەمەس، مەڭگۈ كۆرۈشەلمىگىمۇ ئىشىنىمەيمەن. مىللىتىمىزمۇ، تىلىمىزمۇ، دىنىمىزمۇ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزمۇ باشقا ـ باشقا. لېكىن مەن ئۇلار بىلەن ھەر كۈنى سۆھبەتلىشىمەن، مۇنازىرىلىشىمەن، سوئال ـ

AltunOq

لىرىمغا جاۋاپ تاپىمەن...
بۈگۈن يەكشەنبە. ياتاقداشلىرىمنىڭ
ھەممىسى شەھەرگە كەتتى. يالغۇز ئولتۇرۇپ
كىتاپ ئوقۇدۇم، خىيال سۈردۇم ۋە بىر-
دىنلا كۆڭلۈمدە: «مەنمۇ ئۆز ھاياتىم توغرىسىدا
بىرەر نەرسە يېزىپ قالدۇرسام بولماسمۇ؟»
دىگەن ئارزۇ تۇغۇلدى. مەن، ئەلۋەتتە يازغۇ-
چى ئەمەس، ئۇلارنى يېزىپ كىتاپ قىلىپ
باستۇرۇش تامايىمۇ يوق. بۇ ئىشتىن ئىك-
كىلا نەرسىنى ئۈمىت قىلىمەن: بىرى، ياش
تۆكۈش ـــ ئازاپنى يەڭگىللىتىدۇ دىيىشىدىغۇ،
مەنمۇ ئۇلارنى يېزىپ قالدۇرسام، كۆڭلۈمدىكى
بۇرۇختۇملۇق ئازراق بولسىمۇ كۆتىرىلىپ
كېتەر؛ يەنە بىرى، يولداشلىرىم مېنى «دەر-
ۋىشكە ئوخشايسەن» دىيىشىدۇ، يۇرتۇمدا نۇر-
غۇن كىشىلەر مەندىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇلار
مېنىڭ يازغانلىرىمنى كۆرسە، ئېھتىمال، مېنىڭ
ھەقىقى ئەھۋالىمنى چۈشىنەر!
ماڭا بۇ ئەقىلنى ھەدىيە قىلغان ئەدە-
بىياتقا رەھمەت. مەن يېزىشقا قەتئى بەل
باغلىدىم. قەلەم ۋە قەغەز ـــ مېنىڭ سىرداش
دوستلىرىم، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان رو-
ھىمنى تاغدەك بېسىپ كەلگەن قايغۇ-ھەس-
رەتلىرىمنى سىلەرنىڭ يەلكەڭلەرگە ئارتماق-
چىمەن، كۆتىرىشكە ھازىرلىنىڭلار.

2

«تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ
ئىنقىلاپ» باشلانغاندا ھاياتىمدىكى 17 ـ
باھارنى ئۇزاتقان ئىدىم. قىزىل بايراق
ئاستىدا ئۆسۈۋاتقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىر
رەھبىرىي كادىرنىڭ ئوغلى بولغان مەندەك
بىر ئۆسمۈر ئۈچۈن، پارتىيە چاقىرىقى ـــ
ئەڭ مۇقەددەس بۇيرۇق ئىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى «پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتىنىڭ يولىيورۇغى بىلەن كەلدۇق» دەپ
تونۇشتۇرغان خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قىزغىن
قارشى ئالدىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئالقاد-
لىرىم ئېچىشقۇدەك چاۋاك چالدىم، شوئار
توۋلاۋېرىپ ئاۋازىم پۈتۈپ كەتتى. چوڭ
خەتلىك گېزىت چىقىرىش بولامدۇ، «قارا
يەپلار»نى كۆرەش قىلىش بولامدۇ، مۇنازىرە
قىلىش بولامدۇ، ھەممىسىدە ئالدىنقىلاردىن
بىرى بولدۇم. تارتىپ چىقىرىلغانلارنىڭ
سانى كۆپەيگەنسېرى، مەنمۇ ھەيران بول-
دۇم. لېكىن مېنىڭ ھەيرانلىقىم، ئۇلارنىڭ
«دۈشمەن» ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈش
ئەمەس، بەلكى: «ياپىر، مەكتىۋىمىز راس-
تىنلا گېزەندىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ
قاپتىكەنغۇ» دەپ چۆچۈپ كېتىشتە ئىپا-
دىلەندى.
بۇ كۈنلەردە دادام بەكمۇ ئالدىراش
ئىدى. كۈندۈزى كۆرۈشەلمەيتتۇق، ئاخشام-
لىرىمۇ تولا ساقلاپ ئاخىرى ئۇخلاپ قا-
لاتتىم. ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرسام، ئۇ يەنە
نەگىدۇ چىقىپ كەتكەن بولاتتى. ئاخىرى
بىر كۈنى دادامنىڭ قايتىشىنى كۈتۈپ: «بىز
كونا دۇنيانى پىت-پىت قىلغۇچىلار» دىگەن
ماقالىنى ئوقۇپ ئولتۇردۇم. دادام يېرىم
كېچىگە يېقىن ئۆيگە قايتتى ۋە ماڭا قاراپ:
ـــ تېخىچە ئۇخلىماپسەنغۇ؟ ـــ دىدى-
دە، جاۋاپىمۇ كۈتمەستىن بىر كورۇشكا سوغاق
سۇنى غۇرتىلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ئۆزىنى كار-
ۋاتقا تاشلىدى.
ـــ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ ـــ دىدىم ئۇنىڭ-
غا يېقىنلىشىپ.
ـــ ياق، سەل چارچىغان ئوخشاي-
مەن، ـــ دادام ئېغىر تىنىپ قويدى.
دادام بىلەن پاراڭلاشقۇم، بايا ئوقۇ-
غان ماقالىدىكى چۈشىنەلمىگەن مەسىلەرنى
سوراپ بىلىۋالغۇم بار ئىدى. چۈنكى، ناھ-

ىنىڭ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولغان دادام نۇرغۇن قېتىم سىياسى كۇرسلاردا، ھەتتا ئالى پارتىيە مەكتىۋىدىمۇ مەخسۇس نەزىرىيە ئۆگەنگەن، نەچچە قېتىملىق سىياسى ھەركەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان ئادەم ئىدى.

— دادا، بۇ ماقالىنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىقتىم،— دېدىم ئۇنىڭغا گېزىتنى كۆرسىتىپ،— نۇرغۇن يېڭى گەپلەر بار ئىكەن...

— بالام، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى ئۇخلايلى،— دېدى دادام ئۇيقىسىرىغان ئاۋازدا سۆزۈمنى بۆلۈپ.

«بەك چارچاپ كېتىپتۇ، بىچارە،— دەپ ئويلىدۇم مەن،— دىمىسىمۇ، ئۇنىڭغا ئوخشايمۇ، بىر ناھىيىنىڭ ئىنقىلاپ ۋە خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش دېگەن ئويۇن گەپ ئەمەس. خەير، كېيىنرەك پاراڭلاشارمەن.»

كۆپ ئۆتمەي شەرەپ بىلەن «قىزىل قوغدىغۇچى» بولدۇم. بىلىگىمدىكى ئوتقاشتەك نۇر چېچىپ تۇرغان يەڭ بەلگىسىگە ھەر بىر قارىغىنىمدا ۋۇجۇدۇمدىكى ئىنقىلاۋىي جاسارەت تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشاتتى.

كېيىنكى كۈنلەردىمۇ دادام بىلەن پاراڭلىشىۋىدەك پۇرسەت بولمىدى، بىز يەنە كەمدىن - كەم ئۇچرىشاتتۇق. ئۇ، نىمىشقىدۇ بىر نەرسىدىن نارازىدەك خاپا كۆرۈنەتتى. ئۆيگە چارچىغان، بوشاشقان ھالەتتە كېلەتتى - دە، سوئاللىرىمغا قىسقا ۋە مۇجمەل جاۋاپلارنى بېرىپ، يا ئىشكاپتىكى قېلىن توملارنى ۋاراقلاشقا تۇتۇناتتى، ياكى بولمىسا ئورنىغا كىرىپ يېتىۋالاتتى.

— 3 يىل داۋام قىلغان «4 نى ئېنىقلاش»نى يېڭىلا ئاياقلاشتۇرغان ئىدۇققۇ،— دېدى ئۇ بىر قېتىم گويا ئۆز ئۆزى بىلەن سۆزلەشكەندەك بولۇپ،— ناھايىتى ئىنچىكە ئېنىقلىغاندەك قىلىۋىدۇق...

بىر كۈنى مەن مەكتەپتىكى ھەركەت ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىۋىدىم، دادام ماڭا شۇنداق بىرخىل قىياپەتتە قارىدىكى، ئىختىيارسىز ھودۇقۇپ، سۆزۈمنى توختىتىۋالدىم.

— بۇ ئىشلار ھەققىدە مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، بالام،— دېدى دادام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ،— مەن بىر مەكتەپتىكى شۇنچىۋالا كۆپ ئوقۇتقۇچىنىڭ پارتىيە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە قارشى چىققىشىغا ئىشەنمەيمەن.

— ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئىقرار قىلىشىتىغۇ؟— ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن.

دادام ماڭا كەسكىن بۇرۇلدى - دە:

— ئۇلار قانداق ئەھۋالدا ئىقرار قىلىشتى؟— دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەن ئىدىم.

— ئەلۋەتتە ئوخشايلا ئىقرار قىلىشقىنى يوق،— دېدىم كىچىك ئەزىمەتلەرگە خاس قىزغىنلىق بىلەن مۇنازىرىلىشىپ،— ئاخىر، ئەكسىيەتچىلەر ئەڭ ئاخىرىغىچە جان تالىشىدىغۇ، ئىنقىلاپ — مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس - تە.

— ھوي، سېنى قارا،— دادام چىرايىنى تۈرۈپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى،— بالام، سەن تېخى كىچىك، نادان. سەن تېخى تۇرمۇشنىڭ بەك مۇرەككەپلىكىنى، مۇنداق پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە نۇرغۇن ئىشلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيسەن. مەن ياخشى كىشىلەرگە ئۇۋال بولمىسىدى، دەپ قايغۇرۇمەن،— ئاندىن ئۇ بىردىنلا ئالدىمدا توختاپ كۆزۈمگە مىختەك تىكىلدى،— بالام، ئۇستازلىرىڭغا ئۇۋال

بولۇدىغان ئىشلارنى قىلما، ئۇقتۇڭمۇ؟!
مەن راستىن گاڭگىراپ قالدىم. ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى پارتىيىگە شەرتسىز ئەگىشىش ھەققىدە تەربىيە بېرىپ كەلگەن بۇ پىشقەدەم كوممۇنىست ئەمدى نىمىشقا مۇنداق مۇجمەل گەپلەرنى قىلىدىغاندۇ؟ بۇ سۆزلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ مەن «16 ماددا» نى تەكرار ئوقۇغان، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ 4 خىلغا بۆلۈنۈدىغانلىغىنى سۇدەك يادلىۋالغان ئىدىم. بىراق، ھېچقاچان ئۆز دادامنى 1 - خىلدا ئەمەس، دەپ تەسەۋۋۇرمۇ قىلمىغان ئىدىم. دىمىسىمۇ ئۇنى 1 - خىل دىمەسكە قانداق ئاساس بار؟ ئۇ كىچە - كۈندۈز پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن، يېڭى جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان تۇرسا...

مەن كىچىچە كىرپىك يۇمماي ئويلىغان بولسامۇ، كۆڭلۈمدىكى تۈگۈنلەر يېشىلمىدى، ئەمما ۋۇجۇدۇمدا ھامان ئۇستۇنلۇكنى ئىگەللەپ تۇرغان ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىق ئالدىدا دادامنىڭ ھېلىقى سۆزلىرى گويا قورقانچاقلارنىڭ كۈچسىز ئىڭرىشى، گاللىۋاڭلارنىڭ چۈشىنىكسىز غۇدۇڭشىشىغا ئوخشاش بولۇپ تۇيۇلدى. «مەيلى، ئۇ ھازىرچە غۇدۇڭشۇپ يۈرسىمۇ، كېيىن بەرىبىر چۈشىنىۋالىدۇ. ئەمدىكى نۆۋەت — بىز كىچىك ئەزىمەتلەرنىڭ. بىز كونا دۇنيانى گۇمران قىلىپ، يېڭى دۇنيا يارىتىمىز!...»

ئۇزۇن ئۆتمەي «قىزىل قوغدىغۇچىلار» ۋەكىلى بولۇپ «ئىنقىلاپ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش» ئۈچۈن پايتەختكە يۈرۈپ كەتتىم.

×

تيەنئەنمىن مەيدانىنى ھاياجانلىق ياشلىرىمىز بىلەن يۇيۇپ، تېخىمۇ زور غەيرەت - جاسارەتكە تولۇپ، شەھىرىمىزگە قايتىپ كەلگەن كۈنىمىز ھىلىمۇ ئېسىمدە: بىز چۈشكەن ماشىنا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئالدىدا توختىغاندا، كوچا ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. بىراق، مەن قارشى ئالغۇچىلار ئارىسىدا دادامنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدىم. ئۆيگە كەلگىچە ئۇچراشقان تونۇش كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى قاراشلىرى، مېنى كۆرسىتىپ بىر - بىرى بىلەن كۇسۇلداشلىرى كۆڭلۈمگە ئەندىشە سېلىپ قويدى. ئۆيگە كەلسەم، ئىشىك قۇلۇپلاغلىق تۇرۇپتۇ. يېنىمدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتىم ۋە بوسۇغىدىلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم: ئۆي ئىچى ئادەم چۆچۈگۈدەك ۋەيرانە ئىدى. يوتقان - كۆرپىلەر سۆكۈلۈپ، ھەتتا پاختىلىرىمۇ تىتىلىپتۇ. ساندۇق، چامادانلار ئېچىلىپ، كىيىم - كېچەكلەر قالايمىقان تاشلىنىپتۇ. ئىشكاپتىكى كىتاپلار پولغا چېچىلىپتۇ...

مەن لېۋىمنى قاتتىق چىشلەپ بوسۇغىدىلا ئولتۇرۇپ قالدىم. مېڭەمنى تەگسىز خىياللار ئۆز ئىلكىگە ئالدى... بىر چاغدا قۇلىغىمنىڭ تۈۋىدە:

— ۋۇي، بۇ بىزنىڭ كىچىك باتۇرىمىز ئادىلغۇ، سالامەت كەپسەن، ئۇكام! — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

بېشىمنى كۆتەردىم. يېنىمدا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا مۇدىرى سايىم ئالتۇن چىشلىرىنى پاقىرىتىپ، كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھە، كىچىك باتۇر، — دىدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن يەلكەمنى تۇتۇپ، — ئىنقىلاپنىڭ ئۇچىغى بولغان قىزىل پايتەختنى كۆرۈپ كەلدىڭ-دە، تازا تەلەيلىك ئىكەنسەن جۇمۇ...

سايىم ئاغزى بېسىلماي مېنى بىر ھازا ماختىغاندىن كېيىن، يەنە بىر مۇنچە

سوئاللارنى ياغدۇرۇۋەتتى. ئەگەر بىر سائەت
بۇرۇنقى ۋاقىت بولغىنىدا مەنمۇ قىزغىنلىق
بىلەن جاۋاپ بەرگەن بولاتتىم، ئەمما
هازىر ئۇنى جاۋاپسىز قالدۇرۇپ:

— تاغا، ئېيتىڭا، دادامغا نىمە
بولدى؟ — دەپ سورىدىم. ئەسلىدە «تارتىپ
چىقىرىلدىمۇ؟» دىمەكچى ئىدىمۇ، بىراق
ئۇنىڭغا تىلىم بارمىدى.

سايىمنىڭ چىرايىدا گويا مۇشكۇل
بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندەك هەسرەتلىك
ئىپادە پەيدا بولدى، ئاندىن ئالدىرىماي
تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، بىر-ئىككى شورىغاندىن
كېيىن:

— ساڭا نىمە دىسەم بولار، ئۇكام
شۇمخەۋەرنى ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، —
دىدى.

يۈرىگۈم «جىغ» قىلىپ كەتتى،
كۆڭلۈمگە يېگى ۋە تېخىمۇ دەهشەتلىك
گۇمان چۈشتى.

— نىمە، دادامنىڭ هاياتى...

— ياق، ياق، ئۇنى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۇكام، — سايىم ئالدىراپ سۆزۈمنى
بۆلدى، — هاكىم ساق-سالامەت، لېكىن...

— نىمە ئەهۋال بولدى زادى؟
تېزرەك ئېيتىڭا، — دىدىم مەن ئۇنىڭ
قولىغا يېپىشىپ، — ياكى تارتىپ چىقىرىلدىمۇ؟

سايىم ئېچىنغان قىياپەتتە:

— هەئە، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— نىمە جىنايەت بىلەن؟

— مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋىغا قارشى
تۇرغان دىگەن گەپ بىلەن. مېنىڭمۇ، زادى
ئىشەنگۈم يوق. ناۋادا بۇ گەپلەر راست
بولسا، هاكىمنىڭ تەقدىرى بەك ئېغىر
بولۇدۇ، ئۇكام.

بېشىم پىقىراپ، كۆز ئالدىم قاراڭ-
غۇلاشتى. گويا ئالدىمدىكى بىر رەهىمسىز
قول يۈرۈگۈمنى ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك
تۈيۈلۈپ كەتتى. بىردىنلا هەركەت باشلان-
غان ۋاقىتتىكى دادامنىڭ بىنورمال كەيپىياتى
ۋە مۇجمەل سۆزلىرى ئېسىمگە كەلدى-دە،
ئىختىيارسىز هالدا:

— هە، شۇڭا هېلىقىدەك سۆزلەرنى
قىلغان ئىكەن-دە، — دەپ تاشلاپتىمەن.

— نىمە دىدىڭ؟ — دىدى سايىم
ئالدىراپ.

مەن تۆز كۆڭۈللۈك بىلەن دادامنىڭ
هېلىقى چاغدىكى سۆزلىرىنى قىسقىلا
ئېيتىپ بەردىم.

— مۇنداق دىگىن، — دىدى سايىم
ئويلانغان هالدا، — بىلەمسەن، هاكىم بىلەن
ئاشۇ تارتىپ چىقىرىلغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئالىلقاندىكى سىرلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى
مۇمكىن دىگەن گەپلەرمۇ بار. هەي، ئىش-
قىلىپ، تازا چاتاق بولدى-دە.

سايىم بۇ سۆزلەرنى ئېچىنغاندەك
تەلەپپۇزدا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن دادامنىڭ
ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئەيىپنى ئىنكار
قىلمىدى. مېڭەمنى قاراڭغۇ تۇمانلار
قاپىسىۋالدى.

— دادام راستىن شۇنداق جىنايەتلىك
يولغا ماڭغانمىدۇ؟ — دىدىم بىردەمدىن
كېيىن گويا ئۆز-ئۆزەم بىلەن سۆزلەش-
كەندەك، — هېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ...

تۈيۈقسىز ئىشىك قاتتىق تېپىلىپ
جالاقلاپ ئېچىلىپ، ئۆيگە ئىككى ئادەم
كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ناهىيىلىك
پارتكومدا، يەنە بىرى هۆكۈمەتتە
ئىشلەيتتى.

— سەن شۇمتەك، داداڭنىڭ جىنا-
يەتلىرىنى ئاغدۇرماقچىمۇ؟ — پارتكوم خادىمى
هوشۇر ئەلىپازىنى بۇزۇپ ۋاقىرىدى، —

بىلىپ قوي، ناھىيىمىزدىكى بۇ چوڭ يولۋاسنى تۇمشۇغىدىن ئىلىۋالدۇق، ئەمدى پۈرولېتارىياتنىڭ تۆمۈر مۇشتىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

— داداڭنىڭ جىنايەتلىرى ھەددى-ھېساپسىز! — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كادىرى قۇددۇس سومكىدىن بىر توپ ماتېرىيالنى چىقىرىپ كۆزۈمگە تەڭلىدى، — مانا، كۆردۈڭمۇ، بۇلار داداڭ ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنىڭ يۈزدىن، ياق، مىڭدىن بىرى. ئەمدى سەن ئۈچۈن پەقەت بىرلا چىقىش يولى بار. ئەكسىيەتچى داداڭدىن ئۈزۈل-كېسىل چەك-چېگرا ئايرىشىڭ، ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى تولۇق پاش قىلىشىڭ لازىم. تەتۈر يول تۇتساڭ، يەنچىپ تاشلايمىز!

بىر سائەتتىن بېرى بولۇۋاتقان ئىشلاردىن يۈرۈگۈم مۇجۇلۇپ كەتكەن ئىدى، ھازىرقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشىمنى بىلمەي خېلىغىچە گاڭگىراپ قالدىم. مېنىڭ نەزىرىمدە، كىمكى پارتىيىگە قارشى چىقىدىكەن، ئۇ مېنىڭ دۈشمىنىم ئىدى. شۇڭا، غەزەپ ۋە نومۇستىن ئۆزەمنى يوقىتىپ قويغاي دىدىم، كۆزۈمگە ياش كەلدى.

— يولداشلار، — دىدىم مەن بوغۇلۇپ، — دادامنىڭ قانداقلىقى مەسىلىسى بولسا، ماڭا چۈشەندۈرۈڭلار. مەن بىر ئىنقىلاۋىي ياش، ماۋجۇشىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىسى. دادام راستىن ئەكسىلئىنقىلاپچى بولسا، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىمەن.

— كۆز-ياشلىرىڭ بىلەن بىزنى ئالدىيالمايسەن، — دىدى ھوشۇر گۆكىرەپ، — يولداش قۇددۇس، «ئالا ئېنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دەپتىكەن، شۇڭا بۇنىمۇ ھازىردىن باشلاپ ئايرىم ئۆيگە سولاپ، مەسىلە تاپشۇرغۇزساق دەيمەن، بولمىسا دادىسىنىڭ شېرىكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىۋالىدۇ.

قۇددۇسمۇ بۇ پىكىرگە دەرھال قوشۇلدى-دە، ئىككىسى مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى.

— يولداشلار، توختاڭلار، — باياتىن بېرى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان سايىم ئالدىراپ ئۇلارنى توستى، — ئادىل تېخى سەپەردىن يېڭىلا كەلدى، راستىن ئەھۋالنى ئۇقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە «16 ماددا» دا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىسىنى ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىغا قالدۇرۇش كېرەك، دېيىلگەن ئەمەسمۇ. مېنىڭچە، ئادىل ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ.

ھوشۇر بىلەن قۇددۇس بىر چەتكە بېرىپ قۇلاق قېقىشتى.

— خەير، بوپتۇ، «16 ماددا» نىڭ گېپى چىقىپ قالدى. بىز ئىنقىلاپچىلار سىياسەت بويىچە ئىش قىلىمىز، — دىدى ھوشۇر يۇڭلۇق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — بىزنىڭ ۋاقتىمىز يوق. بۇنىڭغا سىز چۈشەندۈرۈڭ، كەچكىچە ئوبدان ئويلانسۇن.

ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان كۆز ياشلىرىم توغىنى ئېلىۋېتىلگەن ئېرىق سۈيىدەك بىراقلا ئېتىلىپ چىقىپ، ئىككى مەڭزىمنى يۇدى. بېشىمنى چاڭگاللىغىنىمچە بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدىم، يۈرۈگۈمنى غەزەپ، ئازاپ ۋە ئېچىنىش تۇيغۇلىرى ئامبۇردەك قىسماقتا ئىدى. قېنى، مېنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىم؟ قېنى، مېنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانىدا قىزىل كىتابچىنى پۇلاڭلىتىپ، ياش تۆكۈپ تۇرۇپ بەرگەن قەسەملىرىم؟ مەن بۇ ئىنقىلاپتا ئاتا-ئانامنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەڭ كۆپ تۆھپە قوشماقچى ئەمەسمىدىم! بىراق، مەن ئەگەشمەكچى بولغان دادام ئاللىقاچان ئاينىپ ئۆزگىرىپ كەتكەن گېپىزەندە ئىكەنغۇ؟ مۇنداق ئادەمنىڭ

بالىسىغا ئەمدى كىممۇ ئىشىنىدۇ؟ تۈگىدى، ھەممىسى تۈگىدى! ئەمدى نېمە قىلىشىم كېرەك؟

مەن بېشىمنى كۆتىرىپ سايىمغا قارىدىم. ئۇ گويا مېنىڭ قانغىچە يىغلىۋېلىشىمنى كۈتكەندەك، ئىندىمەستىن تاماكا چېكىۋاتقان ئىكەن.

— تاغا، ئېيتىڭا، ئەمدى مەن نېمە قىلاي؟

سايىم يېنىمغا كېلىپ، ياندىشىپ ئولتۇردى.

— روھىڭنى چۈشۈرمە، ئۇكام، — دېدى ئۇ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ، — سەن تېخى ياش، قەلبىڭ تېخى پاك، سېنى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولىدۇ. ھاكىمنى مۇنداق قىلار دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ ئۆزىگە قىلدى - دە. ئامالىمىز قانچە؟ ئەمدىكى گەپ سېنىڭ ئىستىقبالىڭ ئۈستىدە ئويلىنىش...

— مېنىڭدە ئەمدى قانداق ئىستىقبال قالدى؟ — دېدىم ھەسرەت بىلەن.

— ئۇكام، ھەر كىشىنىڭ ئىستىقبالى ئۆز ئىلكىدە، ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. راست، داداڭنىڭ مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ساڭا گۇمان بىلەن قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس، لېكىن كۆپچىلىك ساڭا ئىشىنىدۇ. بىراق، راستىنى ئېيتىش كېرەك، كۆپچىلىكنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئەمدى ساڭا تېخىمۇ كۆپ كۈچ چىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ، خىزمەت كۆرسىتىشىڭ كېرەك.

بۇ ئادەم بالىلىق چېغىمدىن باشلاپلا ماڭا ئامراق ئىدى. مانا ھازىرمۇ بېشىمغا ئېغىر مۈشكۈلچىلىك چۈشكەندە، يەنە شەپقەت قولىنى ئۇزىتىۋاتىدۇ.

— تاغا، سىز ماڭا مەسلىھەت بېرىڭ، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ.

— بايىقىلارنىڭ ئەلپازىنى كۆردۈڭ، — دېدى سايىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — دېمىسىمۇ، ھازىرقى ئىنقىلاپ بۇرۇنقىلىرىغا ئوخشىمايدىكەن. شۇڭا قانچە ئىچىڭ ئاغرىسىمۇ...

مەن قەتئىي قارارغا كەلگەن ئىدىم.

— دادام خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن ئىكەن، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىچىم ئاغرىمايدۇ، — مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم، — مېنىڭ ئەمدى ئۇنداق دادام يوق، دادامۇ - ئانامۇ پارتىيە، ئىنقىلاۋىي ئامما!

— يارايسەن! — سايىممۇ ئورنىدىن تۇردى، — ساڭا ئىشىنىپ خاتا قىلماپتىمەن، ئۇكام، ھازىرقى ۋاقىتتا ۋەزىيەتنى توغرا ئىگىلەش ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا مۇنداق بولسۇن: سەن بۈگۈنلا ئىككى پارچە ماتېرىيال ياز، بىرى ھازىرقى پوزىتسىيەڭ، يەنە بىرى، داداڭنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»غا نارازى بولغان سۆز - ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىدىغان ماتېرىيال بولسۇن.

— يازىمەن! — دەپ جاۋاپ بەردىم ھېچ ئىككىلەنمەستىن.

— بارىكاللا، مەن سېنىڭ ئىستىقبالىڭغا چوقۇم كېپىل بولىمەن! — دېدى سايىم مۈرەمگە قېقىپ.

×

كۈنلەر شامالدەك تېز ئۆتۈپ، 11 - ئاي يېتىپ كەلدى. مەن دادام ئۈستىدە خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى يازدىم، ئاڭلىغان، كۆرگەن، ھېس قىلغانلىرىمدىن بىرسىمۇ قالمىدى. يەنە چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا مۇنبەرگە چىقىپ ھارغىچە سۆزلىدىم. نۇتۇق سۆزلىگەن چاغلىرىمدا كىشىلەر ماڭا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئەندىشە بىلەن قارىشاتتى، شوئار توۋلىغان چاغلىرىمدا ئاز ئادەمنىڭ ئەگىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، چاۋاكلارمۇ كۈچسىز

ئاڭلىناتتى. بەزى ساۋاقداشلىرىم ۋە تونۇش-
بىلىشلەر نىمىشقىدۇر مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇ-
دىغان بولۇۋېلىشتى. ئەمما مەن بەرگەن قە-
سەملىرىمنى، ئىستىقبالىمنى ئويلاپ، مۇنداق
سۇس مۇئامىلىلەرگە پىسەنت قىلمىدىم. بىر
قانچە تايانچى ئىنقىلاپچىلار بولسا، ماڭا تې-
خىمۇ ئېتىۋار بىلەن قارىشاتتى. «گېزەندىلەر»
نىڭ ئائىلىلىرىنى بۇرۇنقى ئۆيلىرىدىن يۆت-
كەپ، تاشلاندۇق خارابە ئۆيلەرگە كۆچۈرۈش-
كەن بولسىمۇ، مەن بۇرۇنقى ئازادە ئۆيىمىز-
دە تۇرۇۋەردىم. دادامنىڭ مۇئاشىنىمۇ ماڭا
تولۇق بېرىپ تۇردى. ھىلىقى ئاچچىقى يامان
ھوشۇر بىلەن قۇددۇسىمۇ ئەددى مىنى دائىم
ماختايدىغان بولۇشتى. دادامنىڭ ئۈستىدە بىر
قانچە قېتىم كۆرەش، پىپەن يىغىنلىرى ئې-
چىلغان بولسىمۇ، لېكىن نىمىشقىدۇ ئۇنى نەق
مەيدانغا ئېلىپ چىقمىغاچقا، بىر قېتىممۇ
كۆرمىدىم. بەزىدە ئۇنى كۆرگۈممۇ كېلىپ قا-
لاتتى. ئەمما شۇ ھامان يەنە سايىمنىڭ تەر-
بىيىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ: «مۇنداق ئۇششاق
بۇرژۇئازىيىچە ھىسسىياتقا يول بەرمەسلىكىم
كېرەك» دەپ ئۆزەمنى جىملەيتتىم. بىراق،
قانچە قىلساممۇ، مۇنداق «ھىسسىيات» تىن
ئوڭاي قۇتۇلالمىدىم. كۆپلەر ئۆتكەنىسىرى دا-
دامنىڭ ياخشى دەپ قارىلىدىغان بەزى ئىش-
لىرى، ماڭا بولغان مېھرىۋانلىقلىرى كۆز ئال-
دىمغا كېلىۋېلىپ، يۈرۈگۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى-
دىن بىر خىل چىدىغۇسىز ئازاپ ئۇرغۇپ چى-
قاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇزاققىچە ئېغىر
ئۇھ تارتىپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولاتتىم.
سايىم بەك سەزگۈر كىشى ئىدى. ئۇ مېنى
شۇنداق ئەھۋالدا كۆرگەندە، ئاستا يېنىمغا
كېلىپ مۈرەمنى سىلايتتى - دە، مۇلايىم ئاۋاز-
دا تەربىيە بېرەتتى:

— مېھرىڭنى ئۆزەلمەيۋاتامسەن؟ روھىي
دۇنيادىكى ئىنقىلاپ مۇشۇنداق بولىدۇ، ئۇكام.
لېكىن بىلىشىڭ كېرەككى، ھەقىقى ئىنقىلاپچى
بولۇش ئۈچۈن ھەر قانداق شەخسى ھىس -
تۇيغۇلاردىن ئادا - جۇدا بولۇش لازىم. مەن
ئىنقىلاۋىي ئاممىنىڭ ساڭا بولغان ئىشەنچىسىنى
يەردە قويماسلىقىڭنى ئۈمەت قىلىمەن.

مەن مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا سا-
يىمغا چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولاتتىم. بۇ
ئادەمنىڭ سىياسى سەزگۈرلىگى ھەقىقەتەن
يۇقۇرى ئىكەن. مېنىڭ ئارزۇيۇممۇ دەل شۇن-
داق ئادەم بولۇش ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا
شەك - شۈبھىسىز ئەگەششەم بولغۇدەك...

بىر كۈنى ئۇ مەن بىلەن يەنە سۆھ-
بەتلەشتى:

— داداڭ گىرانىت كاللىسى بىلەن
خۇدانىڭ دەرگاھىغا كېتىشنى خالىسا كېرەك،—
دىدى ئۇ ئىۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا
مېڭىپ.

— نىمە، ئۇ ھازىرمۇ جاھىللىق قىلىۋا-
تامدۇ؟ — ئالدىراپ سورۇدۇم مەن.

— شۇنى دىمەمسەن، ھەتتا سەن پاش
قىلغان مەسىلىلەرگىمۇ ئىقرار ئەمەس.

«ھەي، بەزى ئادەملەر نىمە دىگەن
تېز ئۆزگىرىدۇ - ھە؟ — دەپ خورسىندىم
مەن، — دادامنىڭ بۇرۇنقى ياخشى ئىشلىرىمۇ
بىر خىل ساختىپەزلىكمۇ تېخى. ئۇنىڭ ئۆت-
مۈشتە گۇمىنداڭغا قارشى كۆرەشكەنمەن، دى-
گىنىمۇ گۇمانلىق بولسا كېرەك. راست، ئانام
ئۆلۈپ كەتكەن يەردە، دادام قانداق ساق
قالغان بولغىيدى؟...

خىيالىمغا تۇنجى قېتىم كىرىپ كەلگەن
بۇ گۇمان دادامغا بولغان غەزىۋىمنى تېخىمۇ
ئۆرلەتتى - دە:

— مەن پاش قىلغان مەسىلىلەرگە تى-
نىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس! — دەپ ۋاقىرىۋەت-
تىم.

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ! — سايىم

مېڭىشتىن توختىدى، ـــ ئەسلىدە بىز ھاكىمنىڭ پۇت ـ قولىنى بالدۇرراق ئادالاپ، ھەممىدىن بۇرۇن ئازات قىلماقچىدۇق. قارىغاندا، بۇ مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ. راستىمنى ئېيتسام، داداڭ ئۆچۈن مەن سەندىنمۇ بەكرەك ئېچىنىمەن، ئۇكام ... قارا، بىز ئۇنىڭغا يەنە يار-دەملىشەيلى، مېنىڭ مۇنداق خىيالىم بار: ئىمىلا بولمىسۇن، سەن ئۇنىڭ ئۆز بالىسى بولغاچقا، يۈزمۇ ـ يۈز سۆزلەشىشىڭ رەت قىلالمايسەن. شۇڭا سەن بۈگۈن ھوشۇر ۋە قۇددۇسلار بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، نەسىھەت قىلساڭ قانداق؟

دادامدىن قانچە نەپرەتلەنسەممۇ، لېكىن ئۇنى يۈزمۇ ـ يۈز تۇرۇپ سوراق قىلىشنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. شۇڭا دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي قالدىم.

ـــ نىمە، جۈرئەت قىلالمايۋاتامسەن؟ ـــ دېدى سايىم ماڭا مەيۈسلەنگەندەك تىكىلىپ.

شۇ ئىشقا بۇيرۇغانلىقى ئۈچۈن سايىمدىن تۇنجى قېتىم سەل كۆڭلۈم قالغان بولسىمۇ، ئامالسىز ھالدا:

ـــ نىمىشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم، بارىمەن! ـــ دېدىم.

ـــ يارايسەن! ـــ دېدى ئۇ يەنە ماختاپ، ـــ ئۇكام، قارا، ئىنقىلاپنىڭ مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەسلىكىنى ئۆزەڭمۇ بىلىسەن. ھاكىم جاھىللىق قىلغانلىقتىن ئادىما غەزەپلىنىپ ئانچە ـ مۇنچە قول تەككۈزۈپ قويۇپتۇ. بىز ئۇققاندىن كېيىن ئۇلارنى قاتتىق تەنقىت قىلدۇق. سەن بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنەرسەن ـ ھە؟!

مۇنداق بولۇشىنى بۇرۇنلا كۆڭلۈم تۇيغان بولسىمۇ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرۈكۈم «جىغ» قىلىپ كەتتى. ئەمما ئەمدى يېنىۋېلىشقا بولمايتتى. مەن لېۋىمنى چىشلىگەن ھالدا يۈرۈكۈمدىكى ئەنسىزچىلىكنى بېسىشقا تىرىشتىم.

×

شۇ كۈنى كەچتە ھوشۇر ۋە قۇددۇسلار بىلەن دادام سولانغان ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق. ئېيتىشلىرىچە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسى گومىنداڭ ۋاقتىدا قورچاق ساقچى ئىدارىسى بولغان ئىكەن، ئارقا تەرەپتىكى تامغا ياندىاپ سېلىنغان كونا ئۆيلەر ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ ئادەم سولايدىغان ئۆيلىرى ئىكەن. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى تاشلىنىپ، بەزىلىرى كونا نەرسىلەرنى قويۇدىغان ئامبار قىلىنغان ئىدى. ئارىدىن 17 يىل ئۆتۈپ، بۇ ئۆيلەر يەنە يېڭىۋاشتىن خىزمەتكە ياراپ قاپتۇ. يەنى ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى ۋە قىسمەن ئىدارە ـ جەمىيەتلەردىكى تارتىپ چىقىرىلغان گېزەندىلەر ئەنە شۇ ئۆيلەرگە قامىلىپتۇ.

تەقدىر بەزىدە ھەقىقەتەن كىشىلەر بىلەن ئويناشسا كېرەك، ئازاتلىقنىڭ ھارپىسىدا ئانام شۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىگە قامىلىپ، شۇ يەردە ئېتىپ تاشلانغان ئىكەن، قىسمەت 17 يىلدىن كېيىن دادامنىمۇ ئانام سولانغان ئۆينىڭ نەق ئۆزىگە مەھبۇس سۈپىتىدە ئەكىلىپ تاشلاپتۇ.

بىز دادام سولانغان ئۆينىڭ يېنىغا بارغاندا، گۈزەتچىلىك قىلىۋاتقان كىشى ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى ـ دە، ئىندىمەستىن ئىشىكنى ئېچىپ بەردى ۋە چىراق ياقتى. بىز كىرگەندە دادام بۇلۇڭدىكى چۈشەك ئۈستىدە ئىشىككە ئارقىسىنى قىلىپ ياتقان ئىكەن. ئۇ مۇنداق كىرىپ ـ چىقىشلارغا كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپمۇ قارىمىدى. مەن بۇ ئارىدا ئۆي ئىچىگە نەزەر تاشلاپ ئۈلگۈردۈم: ئۆيدە بۇلۇڭدىكى چۈشەك ۋە ئىشىك يېنىدىكى ھاجەت دېسىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى. زەي ۋە سېسىق پۇراق بىخىپ تۇراتتى. يۈرۈكۈم گويا

كۆكرەك قەپەزىمنى تېشىپ چىقىپ كەتكۈدەك
تېز ۋە قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.
— ئورنىڭىدىن تۇر، گېزەندە! — دەپ
ۋاقىردى ھوشۇر.
دادام ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىدى-دە،
مېنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.
بىر ھازادىن كېيىن خۇددى يېڭىلا ھوشىغا
كەلگەن كىشىدەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:
— ئوغلۇم ئادىل! — دېگىنىچە ماڭا
قاراپ ئېتىلدى.
مەن دەماللىققا نېمە قىلىشىمنى بىلـ
مەي قالدىم. قۇددۇس دەرھال بىرىپ
دادامنى سىلكىپ توختاتتى.
— جايىڭدىن قىمىرلىما! بىلىپ قوي،
بىز سېنى سوراق قىلغىلى كىردۇق! — دېدى
ھوشۇر ئۇنىڭغا گۆكرەپ.
پۈت-قولۇم تىترەمەكتە ئىدى. تۆت
ئايدىن بېرى بىز تۇنجى قېتىم بىر-بىرىمىزگە
تىكىلىپ بىر پەس ئىندىمەي تۇرۇشتۇق.
دادامنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز ھالدا ئۆزگىرىپ
كېتىپتۇ. ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشۈپ،
بۇرۇتلىرى ئاغزىنى، چاچلىرى قۇلاقلىرىنى
يېپىۋاپتۇ. پەقەت كۆزلىرىلا بۇرۇنقىدەك ئوچـ
قۇن چېچىپ تۇرۇدۇ. شۇ تاپتا كۆڭلۈمدىكى
ئۇنىڭغا بولغان غەزەپ-نەپرەتلىرىم نەگىدۇ
يوقالغان ئىدى، قەلبىمدە ئېچ ئاغرىتىش،
ئېچىنىش ۋە ھەسرەت تۇيغۇلىرى ئۆركەشـ
لەيتتى... ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ
دادام بۇزدى:
— ئوغلۇم، — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋاز-
دا، — ئەھۋالىڭ قانداق؟ تېنىڭ...
— ئاغزىڭنى يۇم! — ھوشۇر ئۇنىڭ
سۆزىنى بۆلىۋەتتى، — ئادىل سەندەك گېزەنـ
دىنىڭ ئوغلى ئەمەس، ئۇ ماۋ جۇشىنىڭ قىزىل
قوغدىغۇچىسى!
قۇددۇس مەسخىرىلىك كۈلۈپ:
— ھەم، ئۆزەڭچە، ئادىل مېنى يوقـ
لاپ كەپتۇ، دەۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي، ئىنقىـ
لاۋىي كىچىك باتۇر ئادىل سەندەك گېزەنـ
دىدىن ھېساپ ئالغىلى كەلدى! — دېدى.
دادام بىر پەس خىيال سۈرگەندەك
جىم بولۇپ قالدى. ئېھتىمال، ئۆزى ئۈستىدە
مېنىڭ پاش قىلغانلىرىمنى ئويلاۋاتامدىكىن؟
بۇ خىيال ئېسىمگە كېلىش بىلەن تېنىم
شۈركىنىپ، ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم.
— بالام، ئۆزەڭنى ئاسرا، — دادامنىڭ
تىترەك ئاۋازى مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى، —
ئۈمىتۋار بول، مەندىن ئەنسىرىمە!
بۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئىچىمگە
قانچىلىك كەڭ، قانچىلىك چوڭقۇر مەنا سىغـ
قان-ھە؟! ئاتا-ئانا مېھرىنى دېڭىزدىنمۇ چوڭـ
قۇر، ئاسماندىنمۇ كەڭ دېيىشىدىكەن، دادام
بولسا، مەن ئۈچۈن يالغۇز ئاتىلا ئەمەس،
ئانام ھەم ئىدى. بىراق، قۇددۇسنىڭ بېقىنىغا
تۇرتىشى، مېنى دادامنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى
ئېتىشتىن توساپ قالدى.
— نېمە بولدۇڭ، نېمىشقا گەپ قىلمايـ
سەن! — دېدى ھوشۇر قۇلىقىمغا پىچىرلاپ.
قۇددۇسمۇ غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارىدى.
لېكىن مەن گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلـ
مەي تېڭىرقاپ قالدىم.
ئاستا-ئاستا بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن
كىرگەنلىگىم ئېسىمگە كېلىپ، ئىككى قەدەم
كەينىمگە داجىدىم.
— سەن ئۆزەڭنىڭ كىملىگىڭنى ۋە
نەدە تۇرۇۋاتقانلىغىڭنى ئۇنتۇما، — دېدىم مەن
ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ، — ئالدىڭدا ئوچۇق
ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ سەندەك دادام يوق!
بۇ گەپنى ئاغزىمدىن چىقاردىمۇ، لېكىن
يۈرۈگۈم «گۈپ» قىلىپ، توختاپ قالغاندەك
بىلىندى. دادامنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىـ
رى مىدىرلاپ، بېشى پەسكە ئېگىلدى.



بىراق، ئەمدى ئارقىغا چېكىنىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئىلگىرى پاش قىلغان مەسىلىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سورۇدۇم، دادامۇ ھەممىسىگە ئىقرار بولىدى. بىراق، شۇ سۆزلەرنى قىلىشتىكى «ئەكسىلئىنقىلاۋىي غەرەزلىرى» نى قەتئىي رەت قىلدى. مەن «دادام راستىن جاھىل ئۇنسۇر ئىكەن» دەپ بەكمۇ جىلى بولدۇم.

ــ سېنىڭ مۇنچىلىك جاھىل، كاززاپ ئادەملىگىڭنى ھەرگىز ئويلىماپتىمكەنمەن! ــ دېدىم مەن ئەلىمىمگە چىدىماي، ــ ساڭا چىقىش يولى لازىم ئەمەسمۇ؟

ــ ئوغلۇم، ــ دېدى دادام تىترەك ئاۋازدا، ــ سېنىڭ خاتىرجەم بولۇشۇڭ ئۈچۈن مەندىن تەلەپ قىلغان ھەممە نەرسىلەرگە ئىقرار قىلىشىم مۇمكىن، لېكىن بۇ ئارقىلىق ماڭا ئوخشاش ناھەق ئەيىپلىنىۋاتقان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان ئۇۋال قىلىش كېلىپ چىقىدۇ، بالام.

ــ تىلىڭنى تارت! ــ دەپ ۋاقىرىدى ھوشۇر.

قۇددۇس ئالدىغا دىۋەيلەپ:

ــ يۇۋاش بولمايدىكەنسەن، كۆرگىلىكنى كۆرۈسەن! ــ دەپ ۋاقىرىدى.

دادام ئۇلارغا ئالىيپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئەمدى سورايدىغان گەپلەرمۇ قالمىغان ئىدى. شۇڭا، ھوشۇر بىلەن قۇددۇس نىمىندۇ كۇسۇرلاشتى ـ دە، دادامغا يەنە بىر قاتار تەھدىتلەرنى سېلىپ، سوراقنى ئاخىرلاشتۇردى.

ئۇندىن كېيىنكى سوراقلارغا مېنى قاتناشتۇرمىدى، مەنمۇ چوڭ تەگلىكتىن قۇتۇلغىنىمغا خوشال بولدۇم.

3

يىغىن تارقىغاندا يېرىم كېچىگە يېقىنلاپ قالغان ئىدى. ساۋاقداشلىرىمنىڭ مەكتەپتە قونۇپ قېلىش ھەققىدىكى تەكلىۋىنى رەت قىلىپ، ئۆيگە قايتتىم. كېچە قاپ ـ قاراڭغۇ ۋە سوغاق ئىدى. يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن خىلۋەت كوچىغا بۇرۇلدۇم. ئەمما بىر نەچچە قەدەم ماڭمايلا نىمشقىدۇر كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشۈپ، يۈرۈگۈم قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى، قەدىمىمنى تېزلەتتىم. كونا ئۆيلەرنىڭ خارابىسىدىكى دوقمۇشتىن قايرىلىشىمغا نىمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلدىم. ئاڭغىچە كۈچلۈك بىر قول يەلكەمدىن دەس كۆتىرىپ تۇرغۇزدى.

AltunOq

قارىسام، ئەتراپىمدا تۇمەنمىنى كۆزنىگەچە چۆ-
كۈرۈپ كىيىپ، ئاغزىغا ماسكا تارتىۋالغان 3
كىشى تۇرۇپتۇ.

ئۇلار مېنى 100 مېتىردەك نېرىغا ئاپىرىپ، يەنە بىر تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتـ-كۈزدى. «ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ؟» دېگەن خىيال كاللامغا كىرىشى بىلەن بەدىنىمدە گويا جان قالمىغاندەك بولدى. ياشاشنى قەۋەت خالايتـ-تىم. «يالۋۇرۇپ باقايمىكىن؟ ئىچى ئاغرىسا، بەلكىم ياش جېنىمغا رەھمى كېلەر...»

— ئاكىلار، ماڭا رەھىم قىلساڭلار...

— ئاغزىڭنى يۇم، مۇناپىق! — بوغۇق ئاۋاز گېپىمنى بۆلىۋەتتى.

يەنە بىرەيلەن پەس، ئەمما كەسكىن ئاۋازدا سورىدى:

— قىلمىشلىرىڭغا تۆۋە قىلامسەن؟

ياق، بۇلار بولاكچىلار بولمىسا كېرەك. ئۇ چاغلاردا تېخى بىزنىڭ يۇرتتا ئوخشىمىغان كۆزقاراشتىكى تەرەپۋاز تەشكىلاتلار شەكىللەنمىگەن ئىدى، ئۇنداق بولسا، بۇلار زادى كىم؟ مەن بېچارىلەرچە يىغلىدىم:

— ئاكىلار، مېنىڭ نىمە گۇنايىم...

— گۇنايىڭنى تېخى بىلمەمسەنا؟ — بوغۇق ئاۋازلىق كىشى ئالدىمغا دىۋەيلەپ كەلدى، — سەن مۇناپىق، داداڭنىڭ بېشىغا قانداق كۈنلەرنى سالغانلىغىڭنى تەن ئالما-سەن؟ ئۇ بېچارە، سەن نائەھلىنى بېشىمغا مۇ-شۇنداق كۈنلەرنى سالسۇن دەپ تاپقانمىدى؟

«ھە، بۇ كىشىلەر دادامنىڭ پاش قىلىن-مىغان شېرىكلىرى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدۇم مەن ۋە قورقۇنچىسىم سەل بېسىقغاندەك بولدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن ئەنسىرەپ، لېۋىمنى چىشلىگىنىمچە جىم تۇرۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم.

— ئېيتىقىنا، داداڭنى راستىن ئەكسىلئىنقىلاپچى دەپ تونۇمسەن؟

مەن بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ جاۋاپ بەردىم:

— دادام ئۇلۇغ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىغا قارشى چىقىپ...

«چاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆزۈمدىن ئوت چاقناپ، سول مەڭزىم لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى، ئىككى قەدەم نېرىغا دەلدۈگۈنۈپ كەتتىم.

— ھۇ دەيۇز! — دېدى بايىدىن بېرى گەپكە ئارىلاشماي تۇرغان 3 - كىشى، — سەندەك نائەھلىنىڭ ھايات يۈرگىنىدىن ئۆلگىنى مىڭ ئەۋزەل.

بوغۇق ئاۋازلىق كىشى ياقامدىن ئالدى.

— ئەسلىدە ئىت جېنىڭنى جەھەننەمگە يوللىۋەتسەكمۇ، دەردىمىز چىقمايتتى. لېكىن يەنىلا ئاشۇ بېچارە داداڭنىڭ يۈزىنى قىلىپ، بۇ قېتىم ساق قويۇۋېتىمىز. لېكىن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايلىكى، بۇندىن كېيىن ھوشۇڭنى تاپمايدىغان بولساڭ، كۆرگىلىكىڭنى كۆرۈسەن!

بايا سوئال سورىغان كىشى ئۇنىڭ قولىنى ياقامدىن بوشىتىپ، سىلغىراق ئاۋازدا سۆزلىدى:

— سەن بەزى يامان غەرەزلىك كىشىلەر-نىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ، داداڭغا كۆپ زىيان-كەشلىك قىلدىڭ. بىز سېنى ئاگاھلاندۇرۇمىز: يامان يولدىن دەرھال قايت! ناۋادا يەنىلا يامانلارغا يانتاياق بولىۋەرسەڭ، خەلقنىڭ تۆگمەس نەپرىتىگە قالىسەن. ماڭ، ئەمدى ئۆيۈڭگە كەت!

قورقۇش ئۈستىگە گاڭگىراش كېلىپ قوشۇلدى. چۈنكى مۇنداق سۆزلەرنى ئەكسىلئىنقىلاپچىلار ئېيتمايتتى.

— ئاكىلار، سىلەر...

— نىمە بېزىرىپ تۇرۇسەن؟ يوقال! —

بوغۇق ئاۋازلىق كىشى يانپىشىمغا بىرنى تەپتى. مەن يۇگۈرگەن پېتىم ئۇلاردىن يىراقلاشتىم. ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىمدە ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالاي دىگەن ئىدى. ئۆزەمنى كارۋاتقا تاشلاپ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتىم.

×

ئارىدىن ھەپتە ئۆتتى. بىر كۈنى ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا سايىم كىرىپ كەلدى.

ــ قارىسام، نەچچە كۈندىن بېرى جىملا بولۇپ كەتتىڭ، ــ دىدى ئۇ ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ، ــ بىرەر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

تاۋىمنىڭ يوقلىغى راست ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ سەۋىۋىنى سايىمغا ئېيتىشتىن قورقاتتىم.

ــ بېشىم سەل ئاغرىپ تۇرۇدۇ، ــ مەن پىشانەمنى مۇجۇپ قويدۇم.

ــ دوختۇرغا كۆرۈن، ــ سايىم ئالدىرىماي تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇردى، ــ قارا، بۈگۈن سەن بىلەن بىر ئىشنى مەسلىھەتلەشمەكچىمەن. داداڭنىڭ ئالدىغا كىرىپ يەنە بىر نەسىھەت قىلساڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈمنىڭ ئۇرۇشى تېزلەشتى. دادامنىڭ ئالدىغا كىرىشكە جۈرئىتىمنىڭ يەتمەيدىغانلىغىنى ھىس قىلدىم.

ــ خوش بولاي، باشقا ھەر قانداق ئىشقا بۇيرۇسىڭىز مەيلى، لېكىن مۇشۇ ئىشقا مېنى قىستىماڭ، ــ دەپ يالۋۇردۇم.

سايىمنىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى:

ــ نىمە، مېھرىڭنى ئۆزەلمەيۋاتامسەن؟ يا بىر كىم داداڭ ئۈستىدە ئىنقىلاپ قىلماسلىق ھەققىدە ۋەز ـ نەسىھەت قىلدىمۇ؟

ياپىر، بورا ئاستىدا چاشقان قىمىر ـ لىغىنىنى سېزىۋالىدىغان ئادەم ئىكەنغۇ بۇ سايىم. يا ھىلىقى ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالغانمىدۇ؟ مەن دەماللىققا جاۋاپ بېرەلمەي قالدىم.

ــ يېقىندىن بېرى سەندە ئۆزگىرىش بولۇۋاتىدۇ، ــ دىدى سايىم سۆزىنى داۋام ـ لاشتۇرۇپ، ــ ئۇكام، بىر ئىنقىلاپچىلار ئۈچۈن قىيمايدىغان ھېچنەرسە بولماسلىغى كېرەك. ماڭا ئىستىقبال لازىم دەيدىكەنسەن، ئىنقىلاپ مەيدانىدىن چېكىنمەسلىگىڭ لازىم.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەر قاچانقىدەك ناھايىتى توغرا ئىدى. «ھىلىقى ھادىسىنى ئېيتايمۇ ـ يا؟ ... بىراق، ئۇلار ئاڭلاپ قالسا ...»

سايىمنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى:

ــ مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بېرى ھاكىمنىڭ نەگە سولانغانلىغى ھەققىدە سەندىن بىرەرسى گەپ سورىدىمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

ــ ياق، مېنىڭ دادامدىن چەك ـ چېگرا ئايرىغانلىغىمنى ھەممە كىشى بىلىدۇ ئەمەسمۇ.

ــ ھىم، مۇنداق دىگىن؟ ــ دىدى سايىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ــ بوپتۇ، بايىقى مەسلىھەت ھەققىدە ئويلاپ كۆر.

سايىم سۆزىنى تۈگىتىپلا چىقىپ كەتتى. مەكتەپكە بارمىدىم. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشۇر بىلەن قۇددۇس كىرىپ كەلدى.

ــ ئويلاندىڭمۇ؟ ــ دىدى ھوشۇر قاپىغىنى تۈرۈپ.

مەن بۇ ئىشقا زورلىماسلىقىنى ئېيتىۋىدىم، قۇددۇس بىردىنلا ۋاقىراپ كەتتى:

— ھۇ، ھارىمى، ئىنقىلاۋىي قوشۇنغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان كىچىك گېزىتىدە! سېنىڭ تىلىڭ باشقا، دىلىڭ باشقا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىزمۇ بىز!؟

— سېنىڭ بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشىڭگە ئەمدى ھەققىڭ يوق! — دېدى ھوشۇرمۇ بىر ھازا تىللاپ بولۇپ، — ئۆيدىكى مال-مۈلۈكلەر خەلقنىڭ، ھازىردىن باشلاپ پېچەتلىنىدۇ. يوتقان - كۆرپەڭنى ئېلىپ مەكتىۋىڭگە ماڭ!

مەن تەقدىرىمنىڭ مۇنداق تېز ئۆزگەرگەنلىكىدىن قايغۇرسامۇ، بوي ئەگمەسكە ئامال تاپالمىدىم. ئورۇن-كۆرپەمنى تېڭىۋاتقاندا سايىم كىرىپ كەلدى.

— نېمە گەپ بولدى؟ نەگە بارماقچىسەن؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغان ھالدا.

مەن ھېلىقى ئىككىسىگە قارىدىم. ئۇلار سايىمغا ماڭا قوللانغان چارىنى مەلۇم قىلىشتى.

— ھەي، بۇ ئىش توغرا بولماپتۇ، — دېدى سايىم ئەيىپلىگەن تەلەپپۇزدا، — ئادىل يەنىلا بىزنىڭ سەپدىشىمىز. مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەرسۇن.

سايىم مۇلايىم ئاۋازدا ماڭا بىر مۇنچە تەسەللى بەرگەندىن كېيىن، شېرىكلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىلەر توغرىسىدا يېرىم كېچىگىچە ئويلانغان بولسامۇ، قانائەتلەنگۈدەك جاۋاپ تاپالمىدىم. قاچان ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، يېنىك تۇرتۇشتىن ئويغانغىنىمدا قۇلىقىمغا «تىش» دىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، بىر قول ئاغزىمنى يېنىك توستى.

— ئادىل، قورقما، بۇ مەن — ھاشىم بوۋاڭ، — دېدى ھېلىقى كىشى پەس ئاۋازدا.

مەن دەرھال بېشىمنى كۆتەردىم-دە، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئېتىپ يىغلىۋەتتىم.

ھاشىم بوۋام — يار تۆگمەنلىك دىخان بولۇپ، بىز بىلەن ئۇرۇق-تۇققاندەك ئۆتىشىدىغان يېقىن كىشى ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئاتا-ئانام ئازاتلىقتىن بۇرۇن شۇ يېزىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان ئىكەن، مەنمۇ شۇ يەردە تۇغۇلۇپتىكەنمەن. بۇ ئادەم دادام بىلەن دائىم «سەن» لەپ سۆزلىشەتتى. داداممۇ ئۇنىڭغا بەك ئامراق ئىدى. مەن يازلىق تەتىللەردە ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ نەچچە كۈنلەپ تۇراتتىم. بېشىمغا كۈن چۈشكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشى ۋۇجۇدۇمنى سىماپتەك ئېرىتىۋەتتى.

— سەۋر قىل، يىغلىما بالام، خۇدايىم بۇيرۇسا، ھەممە ئىشلار ئوڭلىنىپ كېتىدۇ، — دىدى ئۇ چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ.

— چىراق ياقاي، — دېدىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

— ياقما، مەن بۇ ئۆيگە يوشۇرۇن كىردىم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مە، چاپىنىڭنى كىيىۋال.

پاختىلىق چاپىنىمنى يېپىنچاقلىدىم. بىز پەس ئاۋازدا پاراڭغا چۈشتۇق.

— بالام، مۇشۇ 2 - 3 كۈندىن بېرى ئۇلار سەندىن داداڭنى سۈرۈشتۈردىمۇ؟

مەن سايىملار بىلەن بولغان ھېلىقى سۆھبەتنى ئېيتىپ بەردىم.

— داداڭ ساق-سالامەت، خاتىرجەم بولغىن، مەن ھازىر شۇنىڭ قېشىدىن كەلدىم.

— نىمە، دادامنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ

هازىر قەيەردە؟
— تىنچ، ئاستا پاراڭ قىل، — ھاشىم بوۋام ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر پەس قۇلاق سالغاندىن كېيىن، يەنە يېنىمغا قايتىپ كەلدى، — داداڭنى ياخشى ئادەملەر دوزاقتىن ئېلىپ قاچتى. ئۇ ھازىر ناھايىتى ئىشەنچلىك يەردە تۇرۇۋاتىدۇ.

كۈندۈزى سايىمەنىڭ مەندىن ئاسماقچىلاپ سوراپ كەتكىنىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدىلا چۈشەنگەندەك بولدۇم.

— مېنى بۇ يەرگە داداڭ ئەۋەتتى. ئۇ سەندىن بەك ئەنسىرەۋاتىدۇ. خۇدايىم قوللاپ، ياخشى تۇرۇپسەن، بالام.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ چاغدا مەن تېخى يەنىلا دادامنى ناھەق ئەيىپلىنىۋاتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلمىگەن ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم.

— بالام، سەن راستىن داداڭنى خەلقنىڭ دۈشمىنى دەپ تونامسەن؟ — بوۋاي گويا روھىي ھالىتىمنى پەملىگەندەك سورىدى.

— نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم، — دەپ كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتتىم مەن، — باشتا ئىشەنمىگەن، ئەمما كېيىن ...

— ھەي بالام، — بوۋاي ئېغىر خورسىندى، — ئەگەر داداڭدەك كىشىلەر خەلققە دۈشمەن بولۇدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئاشۇ خەلق دېگىنىڭمۇ يوق گەپ بولۇدۇ. داداڭ ئۆتمۈشتە مۇشۇ خەلقنىڭ غېمىنى دەپ ئاز جاپا تارتتىمۇ؟ ئازاتلىقتىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئۇلتۇرسا - قوپسا ئويلايدىغىنى مۇشۇ خەلقنىڭ غېمى بولدى. بالام، ئەگەر بىزنىڭ كادىرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى داداڭدەك بولۇدىغان بولسا، ئالەم گۈلىستان بولاتتى.

بوۋاي سۆزىنى توختىتىپ «نېمە دەيدىكىن» دېگەندەك بىر پەس جىم بولۇپ قالدى.

— ئۇ ئىشلارغۇ ماڭىمۇ ئايان، — دېدىم مەن ئىككىلەنگەن ھالدا، — لېكىن دادام بۇ قېتىمقى ھەركەتكە قارىتا خاتا پوزىتسىيە تۇتتى ئەمەسمۇ؟

— ھەي، بۇ ھەركەتنى بىز دېخانلار چۈشىنەلمىدۇق. ئەمما داداڭنى بەش قولدەك بىلىمىز، ئەگەر بۇ ھەركەت داداڭدەك ئادەمنى يوقىتىمەن دەيدىكەن، ئۇۋالچىلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

مەن بۇ ئاقكۆڭۈل بوۋايغا «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» نىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەشنى بىھۇدە ھېساپلاپ:

— سايىمۇ ئۆزۈندىن بۇيان رەھبەر-لىك خىزمىتى ئۆتەۋاتقان ئادەم، دادام بىلەن كۆپ يىل بىللە ئىشلىدى، شۇنداق تۇرۇغلۇق ئۇمۇ دادامنى دۈشمەن دەپ قارايدىغۇ؟ — دېدىم.

— بالام، ئۇ سايىم دېگىنىڭ رايون باشلىقى بولغان چاغدا، داداڭ تېخى ئۇنىڭغا مۇئاۋىن بولغان. كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنى ئالماشتى. ئاندىن داداڭ ناھىيىگە ھاكىم بولدى. سايىمۇ ناھىيىگە يۆتكەلدى-يۇ، ئەمما بىر بۆلۈمگە باشلىق بولالىدى. بىلگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دائىم: «قۇربانىنى مەن ئۆستۈرگەن، ئەمما ئۇ مېنىڭ ئورنۇمنى تارتىۋېلىپلا قالماي، دائىم چوقامدىن بېسىپ كەلدى. ئۇ بولمىغان بولسا، ھاكىملىق مېنىڭ بولاتتى» دەپ غەيۋەت قىلىپ يۈرۈدىكەن. بالام: «ھاي-ۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن گەپ بار. سەن ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتمە.

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان مېنى

قىيناپ كەلگەن بەزى ئىشلار ئەمدى سەل - پەل ئايدىڭلىششقا باشلىدى. دادام تۈرمىسىدا ئالدىراپ كەتكەنلىكىگە تۈنجى قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

— داداڭنىڭ ئۈستىدە مەسىلە پاش قىلىنغانلىرىڭمۇ مەيلى، بۇنى ئۇ ھەرگىز كۆڭلىگە ئالمايدىكەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ھاشىم بوۋام، — يۈزىدىن - يۈزىگە «مېنىڭ سەندەك دادام يوق» دەپ ئېيتقانلىقىڭ بەكمۇ ئەقىلسىزلىق بولۇپتۇ، بالام. توختا، گېپىمنى بۆلمە. سېنىڭ يۈرۈكۈڭ زىدىلەنمىسۇن دەپ مەنمۇ، داداڭمۇ ساڭا تولۇق ئېيتمىغان. بۈگۈن ئېيتمىسام بولمىغۇدەك: ئازات بولۇشتىن ئىككى ئايدەك بۇرۇن، گومىنداڭچىلار داداڭ بىلەن ئاناڭنى شەھەردىكى بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىدە قولغا ئاپتۇ. سەن شۇ ئۆيدە قاپسەن. ئۇ چاغدا تېخى ئەمدىلا 5 ئايلىق بولغان ئىدىڭ. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىر رەھىمدىل گۇندىپاينىڭ ياردىمى بىلەن ھەر ئىككىسىلا تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپتۇ. ئۇلار باشقا يۇرتقا كەتمەكچى ئىكەن، لېكىن سېنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكى چىدىماپتۇ. ئاخىرى مەسلىھەت قىلىپ، ئاناڭ شەھەرنىڭ سىرتىدىراق بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ، داداڭ بولسا، سېنى ئەكىلىشكە مېڭىپتۇ. بىراق، ئۇ سېنى ئېلىپ كەلگىچە ئىز قوغلاپ كەلگەن گومىنداڭچىلار ئاناڭنى يەنە تۇتۇپ كەتكەن ئىكەن. مەرھۇمە شۇ تۇتۇلغانچە قايتىپ چىقمىدى. كېيىن مەن سىلەرنى قازىنىغا كۆلىغان گەمىدە ساقلىدىم. سېنى چوڭ قىلغىچە داداڭنىڭ تارتقان جاپالىرى ئاز ئەمەس. بىز ئۇنىڭغا ئۆيلىنىۋېلىش ھەققىدە قانچە قېتىملاپ مەسلىھەت بەردۇق. لېكىن ئۇ سېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەچكە، ئۆگەيلەنمىسۇن دەپ باشقا ئۆيلەنمىدى. ئويلاپ باق، سېنى دەپ بىرسى ئەزىز جېنىدىن ئايرىلغان، يەنە بىرى تۇرمۇشنىڭ ھەممە مۇشەققەتلىرىنى كۆتىرىشكە چىدىغان ئاتا - ئاناڭغا ئاشۇنداق جاۋاپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ ...

بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ كۆز ياشلىرىم ئېتەكلىرىمنى ھۆل قىلدى.

ئاھ ئانا، ئاھ دادا، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا يۈز كېلەلمەيمەن. نېمە دېگەن ۋاپاسىز ئوغۇلمەن - ھە!؟ جېنىم دادا، مەن سىزنىڭ بېشىڭىزغا شۇنچە ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدىم. ئەمما، سىز يەنىلا مېنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەت ھەسرەت چېكىپسىز. ئۆز ئازاپلىرىڭىز يەتمەسمىدى؟! مەن راستىن تاش يۈرەك، قارا يۈز ئىكەنمەن.

مەن ئۈنسىز ياش تۆكەتتىم، كۆڭلۈمگە بىھساپ دەرت - ئەلەم تولغان ئىدى.

— تاڭ ئېتىپ قالاي دېدى، مەن قايتاي، — دېدى ھاشىم بوۋام ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئەمدى ھايالىسام ئۇلار تۇيۇپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى. باغرىغا ئۆزەمنى ئېتىپ يەنە يىغلاپ كەتتىم. بوۋاي بېشىمنى سىلاپ، كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ تەسەللى بەردى.

— مەن دادامنى كۆرۈمەن، ئۇنىڭدىن گۇنايىمنى تىلەيمەن، مېنى باشلاپ بېرىڭ! — دەپ يالۋۇردۇم.

— كۆرۈسەن، ئەمما بۈگۈن ئەمەس، — دېدى ھاشىم بوۋاي، — ھازىر بارساڭ تاڭ ئاتقىچە قايتىپ كېلەلمەيسەن، ئەتىلا ئۇلار سېنى ئىزلىمەي قويمايدۇ. شۇڭا بىر كۈن سەۋىر قىل، ئەتە گۇگۇم چۈشكەندە ئات بازىرىغا بار، بىر كىشى سېنى داداڭ بار يەرگە باشلاپ بارىدۇ. تاڭ ئاتقىچە يەنە قايتىپ كېلىسەن.

AltunOq

ھاشىم بوۋام خۇشلىشىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئورنۇمدا قاقشىغان قوزۇقتەك ئولتۇرۇپ قالدىم.

×

— دادا! ... مەن گەمىنىڭ پاكار ئىشىگىدىن كىرىپلا ئۆزەمنى دادامغا ئاتتىم. ئۇ غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ مېنى باغرىغا باستى. مەن ئۇنىڭ كۆكرىگىگە بېشىمنى قويۇپ، ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم.

— ماڭا قارىغىنا، ئوغلۇم، سېنى ئوبدانراق بىر كۆرۈۋالاي، — دادام مەڭزىمنى ئالقانلىرىغا ئېلىپ چىرايىمغا تويماي قارىدى، كۆز ياشلىرىمنى سۈرتتى، — ئۇلار سېنى راستىن ئازاپلاشمىدىمۇ؟

مەن «ياق» دىگەن مەنىدە بېشىمنى چايقىدىم.

— ئۇھ، كۆڭلۈم ئەمدى ئىزىغا چۈشتى، — دادام ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى، مېنى باغرىغا بېسىپ، پىشانەمدىن سۆيدى، چاچلىرىمنى پۇرىدى.

بىز تار گەمىدە قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشتۇق، شام چىراقنىڭ يورۇغىدا ئاتا ـ بالا ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تويماي قارىشاتتۇق. چاچ ـ ساقاللىرى پاك ـ پاكىزە چۈشۈرۈۋېتىلگەچكە، دادام ماڭا تېخىمۇ ياداڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ئېڭەك سۆڭىكى ۋە قىرلىق بۇرنى چوقچىيىپ قالغان ئىدى، چىرايىدىكى تاياق ئىزلىرى كۆزگە تېخىمۇ روشەن تاشلىناتتى. يۈرۈگۈم ئېزىلىپ يەنە يىغلىۋەتتىم.

— بولدى، ئۆزەڭنى تۇت ئوغلۇم، سەۋىر قىل، — دىدى دادام مۈرەمنى سىلاپ، — مانا، ساق ـ سالامەت دىدار كۆرۈشتۇق. بۇمۇ بىر ئۇچۇن چوڭ غەنىمەت.

— دادا، مەندەك ۋاپاسىز ئوغلۇڭىزنى جازالاڭ! — دىدىم مەن چىداپ تۇرالماي، — سىزگە ھەرگىز يۈز كېلەلمەيمەن!

— ھەي، بۇ نىمە دىگىنىڭ، ماڭا قارىغىنا؟ — دادام ئىڭىگىمنى كۆتىرىپ ئۆزىگە قاراتتى. مەن ئۇنىڭ كىرپىكلىرىنىڭ نەملەشكەنلىگىنى، ئەمما چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم جىلۋىلەنگەنلىگىنى كۆردۈم، — بالام، سەن يالغۇز ئوغلۇم، جىگەر پارەمسەن! ئۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز قىلما. شۇ تاپتا سېنى ساق ـ سالامەت كۆرگەنلىگىم ئۈچۈن تارتقان ھەممە دەرت ـ ئەلەملىرىمنى ئۇنتۇپ كەتتىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈم تېخىمۇ ئېزىلدى، ئەگەر دادامنى دىمىسەم، نومۇس كۈچىدىن ئۆلۈۋېلىشقىمۇ تەييار ئىدىم.

— بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىز سەندىن كۆرگىلى بولمايدۇ، بالام، — دىدى دادام يەنە تەسەللى بېرىپ، — سەن كىچىك چېغىڭدىن تارتىپ پارتىيىگە، يېڭى جەمىيەتكە سادىق بولۇش، دۈشمەنلەرگە نەپرەتلىنىش تۇيغۇسى بىلەن تەربىيىلەندىڭ، بۇ جەھەتتە مېنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىمۇ ئاز ئەمەس، بۇنىڭدىن ھازىرمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. ئۇلار مېنى ئەڭ چوڭ دۈشمەن دەپ چۈشەندۈرۈشتى. مەن ئۇتنىڭ ئىچىدە كۆيسەم، سەن تېشىدا كۆيدۈڭ. سېنىڭ ئەھۋالىڭنى مەن ئەلۋەتتە چۈشىنىمەن، بالام ....

دادامنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسى نىمە دىگەن كەڭ ـ ھە! ئۇ مېنىڭ قىلمىشلىرىمنى تولۇق بىلگەن تۇرۇغلۇق بىر ئېغىزمۇ يۈزۈمگە سالمىدى.

— بالام، بۇندىن كېيىن مېنى ئىزلەپ كەلمە، — دىدى ئۇ بىز خۇشلىشىدىغان چاغدا، — زۆرۈر ئىش بولسا، ئۆزەم خەۋەر قىلىمەن.

دادامدىن زادى ئايرىلغۇم يوق ئىدى، بىراق بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتىم. شۇڭا قايتىشقا ئامالسىز رازى بولغان بولساممۇ، لېكىن بۇ تەلىپىنى دەماللىققا چۈشىنەلمەي:

— نىمىشقا؟ سىزنى پات ـ پات يوقلاپ تۇرماي چىدالمايمەن، — دېدىم.

— ياق، بۇندىن كېيىن كېلىشىڭگە قەتئىي بولمايدۇ. سايىمنىڭ سېنى «مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋەر» دېگىنىدىن قارىغاندا، كەينىڭگە ئادەم سېلىپ قويغانلىقى ئېنىق. ئۇلار بۇ يەرنى بىلىۋالسا، مېنىڭغۇ كارايىتىم چاغلىق، لېكىن مېنى ھىمايە قىلىۋاتقان بۇ كىشىلەرنى بالاغا قويۇمىز.

ھاشىم بوۋامۇ: «شۇنداق قىل» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. دادام يەنە مېنى باغرىغا بېسىپ پېشانەمدىن سۆيدى:

— بالام، ۋەزىيەت ھازىر ناھايىتى نازۇك، گەپ ـ سۆزلىرىڭگە دىققەت قىل. سايىملار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قىلچە چاندۇرما.

ئاندىن ھاشىم بوۋاممۇ پېشانەمدىن سۆيۈپ، ماڭا ئامانلىق تىلىدى. ئايرىلىشقا يۈرۈكۈم ئېچىشىپ تۇرسىمۇ، ئامالسىز خوشلىشىپ قايتتىم.

ئاردىن ھەپتە ئۆتتى. ئەمما بۇ ۋاقىت ماڭا خۇددى ئالتە يىلدەك بىلىندى. دادامنىڭ قىياپىتى كۆز ئالدىمدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمايتتى. كېلىمدىن غىزا ئۆتمەيتتى. كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز تاڭغا ئۇلايتتىم. سايىملار بۇرۇنقىدەكلا ئىزلىشەتتى، ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئاردىلاپ ـ ئاردىلاپ دادامنىڭ ئەمدى خېلى ئەقلىنى تېپىپ قالغانلىقى، كۆپلىگەن مەسىلىلەرگە ئىقرار قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ مېنى يەنىلا ئەخمەق قىلماقچى بولغىنىدىن چەكسىز نەپرەتلەنسەممۇ، چاندۇرماستىن سوغاق كۈلۈپ قوياتتىم.

دادامنىڭ يېنىغا قانات ياساپ ئۇچۇپ بارغۇم كېلەتتى، بىراق ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئەسلەپ لېۋىمنى چىشلەيتتىم، بەزى كېچىلىرى نەچچە قېتىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا قۇلاق سالاتتىم، بەزىدە سىرتقا چىقىپ، ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى ئېھتىيات بىلەن كۆزىتەتتىم، ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قارىماققا مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوقتەك ئىدى. بارا ـ بارا دادامنىڭ: «ئارقاڭغا ئادەم سېلىپ قويغان» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشىمۇ ئېسىمگە كەلمەي قالدى. «دېمىسىمۇ، ئۇلار شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، مېنى كۆزىتىشكە نەدە چولىسى تەگسۇن. دادامنىڭ يارىسى تېخى ساقايمىغاندۇ. تېزرەك ماخدۇرىغا كېلىش ئۈچۈن قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىشى لازىمغۇ. مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا ئەتىۋارسام بولامدۇ...؟» دېگەن ئوي خىيالىمدىن كەتمەيدىغان بولىۋالدى.

بىر كېچىسى بىر يامان چۈش كۆردۈم: سايىم باشلىق بىر قانچە كىشى ھاشىم بوۋامنىڭ گەمىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ، دادامنى باغلاپ ئېلىپ كەتكۈدەك، مەن يىغلاپ دادامغا ئېسىلغۇدەكمەن، ئاخىرى ئۇلار مېنى تېرەككە باغلاپ قويغۇدەك. دادام ئارقىسىغا قاراپ: «ئوغلۇم!» دەپ ۋاقىرىغۇدەك. مەن باغلاقتىن بوشىنىش ئۈچۈن، جان ئاچچىقىدا يۇلقۇنۇپ: «دادا!» دەپ توۋلىغۇدەكمەن...

ئۆز ئاۋازىمدىن ئويغىنىپ كەتتىم. پۈتۈن بەدىنىم چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۈمۈلۈپتۇ. تەرلىرىمنى سۈرتۈپ دەرىزىگە

قاردىم. كېچە. تۇم قاراڭغۇ. شامالنىڭ ئۇشـ
قۇرتىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. بىردىنلا مىڭەمگە بىر
قورقۇنچلۇق ئوي كىرىۋالدى: «ناۋدا سايىملار
دادامنىڭ بار يېرىنى بىلىۋېلىپ تۇتۇپ
كېتىشىسچۇ؟ ئۇ هالدا دادامنى يەنە
كۆرەلەيمەنمۇ؟ . . .» تاڭ ئاتقىچە مۇشۇ
ئەنسىز خىيال ئىلكىدە قىينىلىپ چىقتىم.
چۈشكىچە ئىككىلىنىپ يۈردۈم. «ياق، نىمىلا
بولمىسۇن، بۈگۈن كېچە دادامنى يوخلاپ
بارىمەن» دىگەن قارارغا كەلدىم ئاخىرى.
چۈشتىن كېيىن بازارغا چىقىپ توخۇم، گۆش
سېتىۋالدىم. ئاندىن دورا ماگىزىنىغا كىرىپ
بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان دورىلاردىن
يەتكىچە ئېلىپ سومكامنى توشقۇزدۇم،
سايىملار كۆرسە گۇمانلانمىسۇن دەپ
ئۆيگە قايتماي، خىلۋەت كوچىلارنى
ئايلىنىپ كەچ قىلدىم. ئاندىن تەۋەككۇل دەپ
يار تۈگمەن يېزىسىغا قاراپ ماڭدىم. يولۇم
ئېغىر ئىدى. لېكىن قىلچە هارغىنلىق
هىس قىلمايتتىم. دادامنىڭ ئاگاهلاندۇرۇشى
تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېسىمگە كېلەتتى ۋە
ئەنسىزلىك ئىچىدە ئارقامغا قارايتتىم. بىراق
كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇقتىن ئۆزگە هېچنەرسە
كۆرۈنمەيتتى، قۇلىقىمغا شامالنىڭ ۋىژىلداشـ
لىرىدىن باشقا هېچنەرسە ئاڭلانمايتتى. يەنە
يولۇمنى داۋام قىلاتتىم، قاراملىق قىلىۋاتقانـ
لىقىم ئۈزەمگىمۇ ئايان ئىدى. بىراق
دادامنى كۆرۈشكە بولغان بىر خىل قۇدرەتـ
لىك ئىنتىلىش مېنى هامان ئالغا مېڭىشقا
ئۈندەيتتى.

دادامىمۇ، هاشىم بوۋامىمۇ مېنى
ئەيىپلەش نەزىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشتى.

ـ نىمىشقا دادىڭنىڭ گېپىنى
قۇلىقىڭدا تۇتمىدىڭ؟ ـ دەپ كايىدى
هاشىم بوۋام.

دادامىمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ:

ـ بالام، بۇئىشىڭ قاملاشماپتۇ، ـ دىدى ـ
يۇ، يەنە ئۆتكەن قېتىمقىدەك باغرىغا بېسىپ،
بېشىمنى سىلاپ، چاچلىرىمنى پۇرىدى.

مەن ئېسەدەپ تۇرۇپ، بۈگۈن
كېلىشتىكى مەقسىدىمنى ئېيتىپ بەردىم.
هاشىم بوۋام قاپىقىنى تۈرگەن، دادام ئىچ
ئاغرىتقان هالدا سۆزۈمنى ئاڭلىدى.

ـ بالام، كەلگىچە چارچىغان بولساڭمۇ،
يەنە دەرهال قايت، ـ دىدى دادام بىر ئاز
ئويلانغاندىن كېيىن، ـ سەندىن ئايرىلىشقا
مېنىڭمۇ يۈرۈگۈم چىدىمايدۇ، لېكىن
هازىر شۇنداق قىلماسقا ئامالىمىز يوق.

مەن ئۆزەمنى تۇتالماي دادامغا
ئېسىلىپ يىغلىۋەتتىم. ئۇ يەنە تەسەللى
بېرىپ مېڭ تەستە ئۆزىدىن ئاجراتتى.

دادام بىلەن بىللە بولغان ۋاقتىمىز



(داۋامى 113 ـ بەتتە)

# رۇبائىلار

**ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر**

1

تاھىرغا دىلرەبا زۆھراسى ياخشى،
مەجنۇنغا ھۆردىنمۇ لەيلاسى ياخشى؛
مېنىڭ بۇ سۆيگۈگە چاڭقاق دىلىمگە
ۋەتەن گۈلزارىنىڭ رەناسى ياخشى.

2

مەجنۇن تال قەددىنى ئېگىپ مۇلايىم،
سۇ بەرگەن ئۆستەڭگە قىلدۇ تازىم.
سۈت بېرىپ ئۆستۈرگەن ئانا ئالدىدا
بۇرچىمىز قانچىلىك؟ ئويلايلى دائىم.

3

ئانا سۈتى ئاقارتقاي دىلىڭنى سېنىڭ،
مەرىپەت يورۇتقاي يولۇڭنى سېنىڭ،
ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى كۈچ-ئۈمىت بېرىپ،
پەلەككە يەتكۈزگەي قولۇڭنى سېنىڭ.

4

ھەر قانچە ئېگىزدە قۇش پەرۋاز قىلار،
ئوزۇقى، ئۇگىسى يەر ئۈزرە بولار.
يەتتىنچى ئاسمانغا يەتسىمۇ بېشىڭ،
پۇتلىرىڭ يەنە شۇ تۇپراقتا تۇرار.

5

ئاقار دەريا يۈزدەۇ قىشتا مۇزلار،
قىزىلگۈلنىڭمۇ بىر كۈن خازانى بار.
ئۇلۇغ غايە بىلەن سۇغۇرۇلسا دىل،
ئۇنىڭدا تۆت پەسىل ھەممىشە باھار.

6

باھار كەتسە توزار گۈلشەندە غۇنچە،
تىرىكنىڭ قەدرىمۇ كۆز يۇمۇلغۇنچە.
لېكىن ئۆلمەس كىشىلەر ھەم بار جاھاندا،
قۇياشنىڭ ئۆمرى قانچە ياشار شۇنچە.

7

بىراۋلار ئەلگە قىلدى جاننى قۇربان،
بىراۋلار تەر بىلەن گۈللەتتى بوستان.
ئالار قۇش تۈلكىنى ئۈنسىز-تاۋۇشسىز،
قاقاقلار بىر تۇخۇم تۇققانغا مىكيان.①

8

بۇلبۇل ئېيتۇر: گۈلزارىمدىن ئايرىما،
لاچىن ئېيتۇر: قاناتىمنى قايرىما.
مەن ئېيتۇرمەن: بېلىق سۇسىز نە قىلسۇن،
مېنى خەلقىم قۇچاغىدىن ئايرىما.

9

ئۆمۈر مەنزىلى ئاق قەغەزگە ئوخشار،
ھەر باسقان قەدەمدىن بىر ئىزىڭ قالار.
يا ماختان، يا ئۆكۈن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى،
ئەڭ ئادىل ھۆكۈمنى ئەل ئاڭا يازار.

10

ئالتۇن جام ئىچرە مەي قوزغاتسا ھەۋەس،
گۈزەلنىڭ كۆزلىرى سېنى قىلسا مەس،
كۆڭۈلۈڭ ئۆتسە ئالقىش، ماختاشلار ئارا،
ئاگاھ بول، ھاياتنىڭ بۇ ئۆزى ئەمەس.

① بۇ كۇبلېتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى كىلاسسىكلاردىن ئىقتىباس.

11

ئالتۇن ھەل يالاتساڭ، كېسەكتۇر كېسەك،
گەر ھالۋا بەرسەڭمۇ، تېزەكلەر ئېشەك.
كۆرۈەمسىز شۇ پىلە قۇرۇتىغا باق،
يەپ ئاددى يوپۇرماق، بېرىدۇ يىپەك.

12

بۈيۈك تاغنى تالقان قىلسىمۇ گەر،
ئۆزىگە تەماننا قويماس يىگىت ـ ئەر.
كۆر، پىلە قۇرۇتى چېغىدا ھەر ياز
پۈتتۈرگەچ غوزىنى، بى مىننەت ئۆلەر.

13

شۆھرەت كەمىرىگە ئۆزاتقىچە قول،
ئوتتۇنچى بوۋاينىڭ ئاغامچىسى بول.
تاجدارلار تاجىنىڭ كۆزى بولغىچە،
كۆكلەم يامغۇرىنىڭ بىر تامچىسى بول.

14

شېئىر يازماق ئاسان، ھەق سۆزلىمەك تەس،
شائىرغا ...بس ـ تاما بولمىغاي ھەۋەس.
يازغاننى قەدىرلە، ئاۋال سەن ئۆزەڭ،
سېتىپ خەجلىگىلى ئۇ تاۋار ئەمەس.

15

كۆكۆل بوستانىغا جاھان سىغىدۇ،
جاھان تۇرماق ھەتتا ئاسمان سىغىدۇ.
مۇبادا رەشك ـ ھەسەت قاپلىسا ئۇنى،
تېرىقنىڭ قاسىرىغىمۇ ئاران سىغىدۇ.

# غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر

**ھاجى ئەخمەت**

## غەزەللەر

1

بۇ كۆڭلۈم رىشتى باغلاندى گۈلى رەنا قەلەمقاشقا،
سىناپ كۆرسەم بېرىپ تەگدى ئىشق پەيكانىسى تاشقا.

سادا كەلدى: چۈشەنمەستىن كۆرۈنگەنگە كۆڭۈل بەرسەڭ،
چىقار بىر كۈن ھاياتىڭدا نادانلىق ئاپىتى باشقا.

مۇھەببەت ــ مەنىسى چوڭقۇر، مۇقەددەس بىر گۈزەل تۇيغۇ،
ئۇنى قانچە چۈشەنمەكلىك سىناق مىزانى ھەر ياشقا.

ئورۇن بەرمەس ئاسانلىقچە كۆرەشچان بۇ ھايات سەپتىن،
نىشانى يوق، ھاۋايى بىر ھەۋەس خۇمارى بەڭۋاشقا.

ۋەتەن، خەلق مېھرىنى جانان بىلىپ، جانىڭ بىلەن بىر تۇت،
ئېرىشكەيسەن پەقەت شۇندا ئۆمۈرلۈك جۈرە ــ يولداشقا.

AltunOq

2

ئالغۇلۇق ھەر كىم ساداقەتتە ساۋاق پەرۋاندىن،
چۈنكى ئۇ تاپقان مۇرات يالقۇن ئارا جەۋلاندىن.

كۆپ مۇشەققەت ھەم خەتەر كەزمەك جۇنۇن سەھراسىنى،
يەتمەكەي جانانغا ئاشىق كەچمىگۈنچە جاندىن.

ئەر-يىگىتنىڭ خىسلىتى بىلمەك قەسەمىيات لەۋزىنى،
قانمىسا باغرى ۋىسالغا، چەتمىغاي ئارماندىن.

كىم پىداكارلىق بىلەن، كى قازسا مۇشكۇل تاغىنى،
تاپقۇسى بەخت گۆھىرىنى تىلسىماتلار كاندىن.

خەلق، ۋەتەن بەختىنى كۆزلەپ گەر بۇ يولدا بەرسە جان،
گۈل-چېچەك ئۈنگەي مۇراتلىق دەشتىگە ساپ قاندىن.

3

قىزىلگۈلگە قىياس ئەتتىم گۈزەل ھۆسنى-سىياقىڭنى،
يۈرەكنىڭ رىشتىگە چاتتىم مۇھەببەت-ئىشتىياقىڭنى.

ئەجەپمۇ مەھلىيا بولدۇم ئىسىل ئەخلاقۇ-پەزلىڭگە،
تەبەسسۇم ئەيلىگەندە قىبلىگاھ قىلدىم زىناغىڭنى.

كېچە بولسا كېتەلمەيمەن گويا پەرۋانىدەك ئەگىپ،
ئوچۇق تۇرغان دەرىزەڭدىن كۆرۈنگەن شام-چىراغىڭنى.

جاسارەتتە بولۇپ پەرھات، ئۆتەرمەن نى سىناقلاردىن،
ھوزۇرلانغاي جېنىم، تارتسامۇ قانچە دەرت-پىراقىڭنى.

رىيازەت دەشتىدە ئاخىر ھالاۋەت تاپقۇسى ئۆمرۈم،
ۋىسال پەيتىدە ئالدىمغا ئېچىپ چىقساڭ قۇچاغىڭنى.

4

ئەقىدە باغلىسا شائىر ئىجاتقا جانۇ-ۋىجداندىن،
تۆكۈپ ساپ تەر، گۈزەل سۆز گۆھىرىنى قازغۇسى كاندىن.

شېئىر ئىشقى ئۆزىگە مۇپتىلالارنى جۇنۇن ئەيلەر،
ياماندۇر ئوت - پىراقى نەچچە چەندان يارۇ - جاناندىن.

خىيال قىلما ھۈنەر ئىچرە ئاسان دەپ كەسپىي شائىرلىق،
مۇشەققەتتە كېلەر قولغا ئەجىر مەھسۇلى خاماندىن.

ئىجات گۈلشەنىدە باغۋەن دىسە ئەرزىيدۇ شائىرنى،
سۇنار خەلقىگە گۈلدەستە چىمەن تاللاپ گۈلىستاندىن.

گويا پەرۋانىدەك دائىم قىلىپ يالقۇن ئارا جەۋلان،
ۋىسال ئىزدەر، تاماسى يوق ئۇنىڭ ھەرگىز شەرەپ - شاندىن.

زوراۋانلىققا تىز پۈكمەي، ئۇلۇغلايدۇ ھەقىقەتنى،
ساداقەت لەۋزىدىن يانماس، جۇدا بولغاندىمۇ جاندىن.

بولۇپ قالما سەن ھەم ھاجى: «ئىشىك باشقا، ھەۋەس باشقا»،
كىتاپخانغا ياقار نەزمە يېزىلسا تەر بىلەن قاندىن.

## ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غەزىلىگە مۇخەممەس

ھەر پەسىلنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىگى، نۇقسانى بار،
بولغۇسى ھەركىمگە شاتلىق ياكى غەم ئەييامى يار،
بەزى چاغنىڭ قەدرى ئالتۇن، بەزىسى بى ئېتىۋار،
ياز كۈنى كۈندۈز قىزىق، بولغاي ھاۋا ئىسسىقتا تار،
ھەر كۈنى ئاخشامى كۆپ جان خالىغاي بى ئىختىيار.

خۇشپۇراق چايدىن تومۇردا مەي كەبى لەززەت ئېقىپ،
پىننە، ياللپۈزنىڭ ھىدى بار ئۆگرە ئاش دىلغا يېقىپ،
ئاستا - ئاستا چارچىغان تەن - جىسمىدىن ھاردۇق چىقىپ،
تۈندە ھەر كىم ئۆگزىسىدە تاغ شامالىغا بېقىپ،
كەل جېنىمنىڭ راھتى دەپ تەلمۈرەر بەك ئىنتىزار.

كۆككە باقسا كۆز تالار، مەيتۇن كۆكۈل قانماس بىراق،
ئۈينىشۇر كۆزنىڭ قاراغى بىرلە سانسىز نۇر چىراق،

شۇ ئاسايىشلىقتا بىر پەس ئۇنتۇلار دەردۇ-پىراق،
كۆك يۈزى ساپ، ئاندا يوق داغ، بارچە يۇلتۇزلار يىراق،
شول يىراقتىن نۇر يېقىنلاشقاندا ئوخشاش پاقىرار.

جىلۋە ئەيلەر كائىنات خۇددى نۇرەپشانلىق بىلەن،
گۈلگە ئېيتار ئىشقىنى بۇلبۇل غەزەلخانلىق بىلەن،
پارلىشىپتۇ ھەر تىرىك جان جۈپتى بىر جانلىق بىلەن،
ھەر كىشى بىر خۇش ھاۋا ئاستىدا خۇشاللىق بىلەن،
گەپلىشىپ ياندا يولداشى بىلەن كۆڭلىن ئاچار.

ئۆلپىتىڭ ناخۇش لېكىن ... ئەي ساقىيا، بەرگىن شاراپ،
ۋەسلى جانان ئىشقىدا مەجنۇن سۆپەت ھالى خاراپ،
جانىجان ئەل قايغۇسى بىرلە يۈرەك-باغرى كاۋاپ،
بۇ غېرىپ شائىر ياتار يالغۇز ئۆزى كۆككە قاراپ،
كۆكتە يۇلتۇزلار يانار، يەردە پەقەت شائىر يانار.

1984 - يىل، قەشقەر.

# تۇيۇقلار

**مەمتىلى زۇنۇن**

1

ئەلىم-پەن يوللىرى داغدام ئېچىلدى،
چېمى گۈل-غۇنچىلەر تەكشى ئېچىلدى.
قارا تۈن پەنجىدىن بىزارى كۆڭلۈم،
قۇياشلىق سۈبھىدە كۈلدى، ئېچىلدى.

2

نىگارىم ئىككى قولۋاققا ئېسىلدى،
بۇ قىلمىش زەربىدىن قارنىم ئېسىلدى.
ۋاپانى ئۇنتۇغان نا مېھرىۋان يار،
نادامەت دارىغا ئاخىر ئېسىلدى.

3

باغرى تاشلىق قىلدى جۈپتۈم ئاينىدى،
قىلمىشىدىن زەپمۇ كۆڭلۈم ئاينىدى.
مەن بىلەن قالغان قىزىم — مەسۇم چىچەك،
چىن ۋاپا — مېھرىدىم سۆيىدە ئاينىدى.

4

ئالدىمىزدا چوڭ سەپەرنىڭ ئۆتكىلى،
ئانت ئىچىشتۇق بىر نىيەتتە ئۆتكىلى.
قىلسا كىم بىرلىككە قەست، بولماس ئۇنىڭ،
بۇ گۇناھىدىن پەقەتلا ئۆتكىلى!

5

سوغا قىلسام شۇنچە ھېكمەتلىك ئەسەر،
تەلپۈنۈشتىن سەندە يوق ھېچبىر ئەسەر.
ئاھ، ئىست، سۇندۇم نېچۈن ئەماغا شام!
دەپ تۇيۇق يازدىم بۇ ھال قىلغاچ ئەسەر.

6

جانىجان يۇرتۇڭ — ئانا، خەلقىڭ — ئاتا،
شۇ ۋەتەن، خەلقىڭ ئۈچۈن جاننى ئاتا.
جاندىن ئايرىلساڭ ئەگەر شۇ يولدا سەن،
خەلق، ۋەتەن قىلغاي ساڭا مىڭ جان ئاتا.

7

ئۇيلىغىن، ھەر كۈن كېلىۋەرمەيدۇ سەل،
كەلمىدى دەپ سەلگە ھەرگىز باقما سەل.
بىل، غەزەپ — ئاچچىق قىيان ـ سەلدىن يامان،
كەلسە ئاچچىق بېسىۋال ئۆپكەڭنى سەل.

8

مەرىپەت ـ يارىڭ، يۈزۈڭنى ئۆرۈمە،
ئۇ گۈزەل بەختىڭ مۇنارى، ئۆرۈمە.
پەن بېغىدا مەي بولۇپ تۆكسەڭ قىيام،
جاننى مەن ئەيلەي بېشىڭدىن ئۆرۈمە.

9

پەن ـ بىلىم ئىشقىدا ئۆتتەڭ يان، جېنىم،
دەم غەنىمەت ـ سەھلىگاھتىن يان، جېنىم.
ئاخىرى باشلار نادامەت دەشتىگە،
ئۆشبۇ دەم مەيلىڭنى تارتقان يان، جېنىم.

10

قورۇلۇپ ئاپتاپتا بولدى قاق جېنىم،
سايە تاشلاپ جۈپ قاناتىڭ قاق، جېنىم.
تولدۇرۇپ زەمزەمگە مېھرىڭ جامىنى،
تۈندە دەرۋازامنى لەرزان قاق، جېنىم.

11

ئاشنى ئوخشاتقان نىمەرسە ياغۇ ـ پەش،
تونىنى ئوخشاتقان ياقا، يەڭ بىرلە پەش.
جۈملىگىز ھەم ئوخشىماس دەل جايىدا،
كەلمىسە ئۈندەش، سوئال، تىرناقۇ ـ پەش...

12

چۈشتى كۆڭلۈمگە يوچۇن خەۋپتىن تۈيۈق،
مەن دىدىم: غەپلەت يولى خەۋپلىك، تۈيۈق.
قەلبى ئويغاقتىن ھەزەر ئەيلەيدۇ خەۋپ،
دەپ تۈيۈق چۈشكەن كېچە يازدىم تۈيۈق.

13

كىم يوقاتسا نومۇسىنى ـ ئارىنى،
چاقما چاقماق بىرلە بۈزغاي ئارىنى.
شۇ زەھەر تىللىق چېقىمچى كۆكسىگە،
سانچىسام ھەر پەنجى خەنجەر ئارىنى!

14

يولغا باقتىم چۆل ئارا گۈلباغ ياساپ،
كەل ئۆزەڭنى جىلۋىدار توزدەك ياساپ.
چىن ۋاپا، ئەھدەك ـ چېلىش دەرياسىدا،
تەڭ ئاقايلى شوقلىنىپ ئۆركەش ياساپ.

15

ئوغرى كىرگەندەك ئۆيۈڭگە تام تېشىپ،
توختىماي كاپشىيسىنا قايناپ ـ تېشىپ.
كىم ئىناۋەت تاپتى سۆز ـ چۆچەك توقۇپ،
غۇم ـ ھەسەتلىك گەپ ئىچىدىن گەپ تېشىپ!

16

ۋاھ، بۈگۈن «نورۇز بۇلاق» زەپ قايىندى،
بويلىرىدا بەزمە ـ مەشرەپ قايىندى.
بەزمە ـ مەشرەپ مەۋجىدىن راھەتلىنىپ،
ئىچ ـ ئىچىدىن نەزمە ـ ئىلھام قايىندى.

17

تېرىپ ئالماق ئاسان مونچاق تۆكۈلسە،
بەسى مۈشكۈل ئىناۋەت ـ يۈز تۆكۈلسە.
تۆكۈلگەن پەيتى دەپ بىلگىن يۈزۈڭنىڭ،
تىلىڭدىن قايسى چاغ ئىغۋا تۆكۈلسە.

18

شۈنچە يىل يۈردۇڭ تېنەپ، يولدىن ئېزىپ،
ئۈرما پەريات ئەمدى كۆڭلۈمنى ئېزىپ.
يولدا كارۋان، ئالغا باس چوڭ سەپ بىلەن،
نەس ئېزىتقۇ باشىنى چەيلەپ ئېزىپ!

19

ۋاپا يىگانە، جاپا كەلدى قوش،
سۆرەمىدىن چىقسام مېنى كۈتتى قوش.
ئەمدى زامانەم دىدى: ئەي يىگىت،
ئەل بەختى ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوش!

20

كىم ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ،
سۆز قىلسا قويدۇڭ ئاغرىتىپ.
قالمىغىن بىر كۈن «ئىسىت!» دەپ،
قول قاساپ جان ئاغرىتىپ.

21

جەننەت ئەمەس سەن كۆزلىگەن ياق،
ئانا يۇرتقا باغرىڭنى چىڭ ياق.
غۇۋالاشقان كۆڭلۈڭ ئۆيىگە،
يۇرت مېھرىنىڭ چىراغىنى ياق!

22

نادانلار ئالدىدا قىلغىن ئېغىرلىق،
بىلىشكە ئالدىرا، قىلما ئېغىرلىق.
يۈكلىسەڭ قاتمۇ - قات تاغنى يەلكىگە،
ئىلىم - پەن ئەھلى ھىس قىلماس ئېغىرلىق.

23

ئۈزۈلدى يىپ، گۆھەر - مونچاق چېچىلدى،
ئۆچۈپ كەيپىم، پىكىر - زېھنىم چېچىلدى.
گۆھەرنىڭ قەدرىگە يەتمەس ئەقىلسىز،
نىچۈندۇ، ھەممىدىن بەكرەك چېچىلدى.

24

كىشىلىك رىسقىنىڭ كانى — ئانا يەر،
ھالال تەر تۆككۈچى ئۈز رىسقىنى يەر.
ھاياتلىق رىسقىنى ئىزلەپ ھارامدىن،
نىمە نەپ تاپتى كىم بولماي يۈزى يەر؟

25

دولقۇنلايدۇ ئەزىم دەريا، ئۇنىڭ نامى — گەز،
ئىككى قاشنىڭ ئارىسىدۇر مىڭ نەچچە يۈز گەز.
كىمكى قورقسا ئۆركىشىدىن، قاينامىلىرىدىن،
تەشنالىقتا لەۋلىرىنى باغلايدىكەن گەز.

26

بېشىمىزدا كۆتىرىمىز يۇرتنىڭ بېشىنى،
غەم - غۇسسىدىن خالاس ئەتسە ئەلنىڭ بېشىنى،
ئەلگە غەمخور رەنىمالار ياشناپ كۆكەرسۇن،
ئەل بەختىدىن غەم يىمەسلەر يىسۇن بېشىنى!

27

ئاتامنىڭ مال - بىساتىدىن مىراس تەگدى ماڭا بىر ئوق①
باھاسىز ئىككى قامۇس، خاسىيەتلىك يا بىلەن بىر ئوق.
دىدىم: بۇندىن جۇدا بولسام ھاياتىم ھارۋىسى گۇمران،
دوزاقتا بولغۇسى تۇتروق شۇ ئان قوش چاق بىلەن بىر ئوق.

① ئوق — ئولۇش، ھەسسە.

# دىخان

### ئەنۋەر ئابلەت

دىسەم لاپ بولمىغاي زىنھار سېنى يەر زىننىتى، دىخان،
تىرەندۇر شۇ قەدەر دىلدا ساڭا ئەل ھۆرمىتى، دىخان.

تۆكۈپ شامۇ - سەھەر ساپ تەر ئوراپ چۆللەرنى گۈللەرگە،
ھاياتلىق يولدا بولدۇڭ ياشاشنىڭ قۇدرىتى، دىخان.

جاپا - مۈشكۈلگە باش ئەگمەي جېنىڭدەك ئاسرىدىڭ يەرنى،
قۇچاق ئاچتى شۇ غەيرەتتىن ھاياتنىڭ جەننىتى، دىخان.

جاھاندا قايسى كەسپ ئەھلى سېنى سۆيمەيدۇ چىن دىلدىن،
نە بولغاي بەرمىسەڭ ئاش - نان ھاياتنىڭ قىممىتى، دىخان.

پەزىلەت بابىدا چولپان كەبى پارلايدۇ ئوبرازىڭ،
ساڭا ھەم قوشكىزەك مەڭگۈ ۋەتەن، خەلق شۆھرىتى، دىخان.

### 12 - ساندا تۈزىتىش

| بەت | كالونكا | قۇر | | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| | | يۇقۇرىدىن | تۆۋەندىن | | |
| 29 | 1 | 3 | — | يېزىۋېتىمكە نەمىز | يېزىۋېتىمىز |
| 43 | 1 | — | 8 | چاۋاپ - چاتقاللاردىنمۇ | چاۋا - چاتقاللاردىنمۇ |
| 98 | — | — | 12 | شۇنداق | شۇنداقلا |
| 99 | — | 13 | — | قىلىۋاتقان | قىلىنىۋاتقان |
| 101 | — | 4 — 5 | — | ئىختىيارى | ئىقتىدارى |
| 101 | — | 9 | — | سۇنى | ئۇنى |
| 101 | — | — | 10 | قانۇنىيىتىنى | قانۇنىيە تلىگىنى |
| 106 | — | 7 | — | كوكتاتلىق تۇپراق | كۆكتاتلىق تۇپراق |
| 107 | — | 7 | — | تەسىراتنى، | تەسىراتىنى، |
| 109 | — | — | 14 | تەيىنلەيدۇ. | تەمىنلەيدۇ. |

# سەرگە

(ھكايە)

**مەتقاسىم ئابدۇراخمان**

ئاكام نىغمەتنىڭ دادامنىڭ شۇنچە
توسقىنىغا قارىماي ئالتۇن كانىغا چىقىپ كې-
تىشى كەنتىمىزدىكى ھەممەيلەننى ھەيران
قالدۇردى. دىمىسىمۇ، شەھەر بىلەن ئالاقى-
سى كەم، بىرسىنىڭ مۇشۇگى ئۆلۈپ قالسىمۇ
ئالاھىدە ۋەقە بولۇپ تۇيۇلۇدىغان بۇ خىل-
ۋەت جايدا ئۇنىڭ ئەترەت باشلىغىلىق ۋەزى-
پىنى ۋە تاۋارنىڭ گۇلدەك ھوسۇللۇق يېرى-
نى تاشلاپ، «نا ئۇمىت» ئىشقا ئۆزىنى ئۇ-
رۇشى تولىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئىدى.

بۇ يىل لەڭگەر دادۇيىدە نۇقتىلىق ئا-
ئىلىلەر تېز كۆپەيگەنلىكتىن، تېرىلغۇ يەر تو-
لىمۇ قىس بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ھەم-
مە كىشى كۆپرەك يەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن
ئىنتىلەتتى ۋە ھەربىر قەدەم يەرگە كانى-
دەك چاپلىشاتتى.

ئەزالار كېڭىشىدە بىر نەچچەيلەن «مەن-
مۇ بۇ يىل كەتمەننىڭ بىسىنى ئوبدان بې-
لەپ قويدۇم. رەسكالىغىممۇ ياخشى، 15 مو
يەر بېرىشڭلار كېرەك» دەپ تەلەپ قويۇش-
تى. يەنە بىر نەچچەيلەن ئاكامنىڭ ئالدىنى
توساپ: «ماڭا 10 مو يەر قوشۇپ بەرمەي-
دىغان بولساڭلار ناھىيىگىچە بارىمەن...»
دەپ غەۋغا قىلىشتى.

لېكىن بۇ ئىلتىماسلارنى قاندۇرۇشقا
بۇ يەردە مېنىڭ باشلىق ئاكاممۇ ۋە يەنە
باشقىسىمۇ ئامالسىز ئىدى. چۈنكى بۇ كىچىك-
كىنە كەنتنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي پاسىلىنى
كىچىكرەك ئىككى ئېقىن چەكلەپ تۇراتتى.
ئاياق تەرىپىنى ياۋا ئۆدەكلەر ئۇۇگا تۇتقان
قومۇشلۇق ئىگەللىگەن بولۇپ، بىر پۇڭمۇ يەر
ئېچىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى.

_ ئاكام بىر نەچچە قېتىم ئەزالار يىغى-
نى چاقىرىپ، شارائىتى بارلارنى ھەر خىل
كەسپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەپ باق-
تى. ئاكامنىڭ قارىشىچە، شۇنداق قىلغاندىلا
يەرنى تېجەپ قالغىلى، نۇقتىلىق ئائىلىلەرنى
يېتەرلىك يەر بىلەن تەمىنلىگىلى بولاتتى. لې-

كىن ئاكامنىڭ تەشەببۇسىنى قوللايدىغان ئادەم چىقمىدى. ھېچكىمنىڭ يەردىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئاخىر ئاكام بۇ ئىشتا ئۆزى باشلامچى بولۇش ئۈچۈن، گۆڭشېدىكى رەھبەرلەرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۈچ ئاغىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالتۇن كانغا چىقىپ كەتكەن ئىدى.

ئاكام كانغا ماڭىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئۇنىڭ بىلەن دادام ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى:

— سەن ئالتۇننى ئىزدىگىلىتىن چامغۇر قازغاندەك ئاسانلا تاپقىلى بولىدىغان نەرسە، دەپ ئويلامسەن؟ ئۇ، جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش، — دەيتتى دادام كاۋلىق قىلىپ، — ناۋادا كان بېسىۋالىدىغان بولسا، ئاستىدا تۇرۇپ «مەن تىرىك، قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!» دەپ قانچە ۋاقىرىساڭمۇ، ھېچكىم ئاڭلىمايدۇ. بولدى، بارما.

— سىزنىڭمۇ ئۆمرىڭىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى مۇشۇ ئىش بىلەن ئۆتكەنغۇ؟ مانا ھېلىمۇ ساق يۈرۈۋاتىسىز. بۇ نۆۋەت خۇدا ماڭىلا بىرەر خەۋپ-خەتەرنى توغرىلاپ قويمىغاندۇ؟

— كۇپرانە سۆزلىمە! ئاخىر ھېچنېمە تاپالمىساڭ نېمە قىلارسەن؟! ئۇ يەردە قۇمشېغىلنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقساڭمۇ، ھەپتە، ئايلارغىچە بىرەر تال كېپەك ئالتۇنغىمۇ ئېرىشەلمەيسەن.

— دادا، سىز بۇرۇن كان خوجايىنلىرىغا سەرلەپ-سەرلەپ ئالتۇن بەرگەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بېرىۋىدىڭىزغۇ؟ ئەمدى بىزگە كەلگەندە چىقمايدىغان بولۇپ قالارما؟

دادام ئەمدى ئاكامغا بىرەر ئورۇنلۇق سۆز تېپىپ بېرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى بولغاي، جىمغىنا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالدى.

— دادا، ھۆكۈمەت باي بولۇشقا چاقىرىق قىلغىلى نەۋاق. باشقا يۇرتلاردىكى دېخانلارنىڭ كىچىك كارخانىلارنى قۇرغانلىقىنى، شەھەر ئاتلاپ سودىگەرچىلىك قىلىپ، نۇرغۇن كىرىم قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزغۇ. لەڭگەردە بولسا، ھەممە كىشى كىگىز ئورنىچىلىك تېرىلغۇ يەرگە چۆمۈلدەك يېپىشىپ، ئەمگەك كۈچى بىلەن ۋاقتىنى زايا قىلماقتا. ئەگەر مۇشۇنداق بولۇۋېرىدىغان بولسا، ھەرگىزمۇ بېيىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكىلەر باي بولۇشنى خالىمامدۇ، ئەلۋەتتە خالايدۇ. لېكىن باي بولۇشنىڭ ئېپىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ...

ئاكامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى دادامنىڭ بۇلاق سۈيىدەك ئېتىلىشقا تەييار تۇرغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دولقۇنلىتىۋەتتى. ئۇ، ئاسمانغا قارىدى. ئاكامغا ۋە ماڭا بۇرۇن كۆرمىگەندەك ئۇزاققىچە تىكىلدى.

دادام قېرىلىقتىن سەل مۈكچەيگەن بولسىمۇ، تېنى ساغلام، ئۇستىخانلىق، مەگزىلىرىدىن تېخى قىزىللىق كەتمىگەن، كۆزلىرىدىن نۇر قاچمىغان ئادەم ئىدى.

— سىز دائىم: «يېنىمدا 500 كوي پۇلۇم بولسا، خەجلىمەيمۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم شىرىنلىشىپ ساناپ قويسام، ئارمانىم قالماتتى» دەيتتىڭىزغۇ، — دەپ سۆزىنى ئۇلىدى ئاكام، — ئەگەر بىزمۇ بىرەر چارە ئويلاپ تاپمىساق، 5-6 مو يەرگىلا يالىشىۋېلىپ ئولتۇرساق، سىزنىڭ بۇ ئارزۇيىڭىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، كېيىنچە تېخى كۈنىمىزنى ئالغىلى تەس بولۇپ قالار. دادا، بىز كانچىلىقنىڭ ئەلمى-تەلمىنى ئاز-تولا بىلىمىزغۇ، شۇنداق ئىكەن، دىلغۇل بولۇپ ئولتۇرماي، دەرھال ئىشقا تۇتۇنساق، تۆككەن تەرىمىزنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈشىمىز چوقۇم. ئۇ چاغدا سىز 500 يۈەن ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭدىن كۆپرەكىنى شىرىنلىشىپ سانىيالايسىز.

— دىگىنىڭغۇ دۇرۇس، كاننىڭ مۇشەق-
قىتىدىن قورقمىغان ئادەم، ئەلۋەتتە قۇرۇق
قايتمايدۇ. بىراق، سىنىڭ ئازغىنا بىر نەرسە
تاپقىنىڭنى ئاڭلىسا خۇددى باققالنىڭ سىۋى-
تىگە ياماشقان چىۋىنلەردەك، ئۇلەشكىلى كې-
لىدىغانلار كۆپ - تە!

— ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان ئۇ
زامانلار ئۆتۈپ كەتتى، دادا،— دىدى ئاكام
دادامنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ،— ھازىر
ھۆكۈمەت كاپالەت بەردى، كانچىلاردىن باج-
نى كەچۈرۈم قىلدى. باشقىلار يىراق جايلار-
دىن كېلىپ ئالتۇن كولايدۇ - يۇ، بىز كاننىڭ
قېشىدىلا تۇرۇپ نىمىشقا قاراپ تۇرۇمىز؟
دادا، مەن بۇ ئىشتا ئائىلىمىزنىڭ پايدىسىنىلا
كۆزلىگىنىم يوق. بۇ قېتىم چوڭ بەدەل تۆ-
لىسەمۇ مەھەللىدىكىلەرنى ھەر خىل ئىگىلىك
بىلەن شۇغۇللىنىشتىن توساپ تۇرغان بۇ
قەلئەدىن چوقۇم ئىشىك ئاچىمەن.

×

ئاكامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى پەقەت
چارلاش ئۈچۈنلا ئىدى. ئۇ، سەيدىن، شېرىپ
دىگەن ئىككى ئاغىنىسى بىلەن 2 كۈنلۈك يىراق-
لىقتىكى تومىيا دىگەن جايدىن 5 مىسقالچە
ئالتۇن تاسقىۋېلىپ كېلىۋىدى، ئۆيىمىزدىن
كەچ كىرگىچە كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.
ئاكام جۇدەپ قارىداپ قالغان بولسىمۇ، كەي-
پى خوشال ئىدى. ئۇ بەزىلەرنىڭ خالىس
نىيەت بىلەن ئەمەس، ئەھۋالنى تىلىڭ - تىڭ-
لاپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىگىنى پەملىگەچ-
كە، سىر ساقلىمايلا:

— تارتقان ئەجرىمىزگە يارىشا بىر نەرسە
تاپالمىساقمۇ، ئاخىر كاننى تېپىۋالدۇق، ئەمدى
بۇ قېتىم كېتەرلىك ئاش - ئوزۇق، سايمان
تەييارلاپ چىقما قچىمىز. ئەگەر بىزگە قوشۇلۇپ
چىقىدىغانلار بولسا، ياردەملىشىمىز. ھەر كىم-
نىڭ تاپقىنى ئۆزىنىڭ بولىدۇ،— دىدى ۋە
قويۇن يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى
ئېلىپ يەشتى. بىر پارچە لاتا ئۈستىدە ئىك-
كى چىمدىم كەلگۈدەك سېرىق مېتال يالت-
يۇلت نۇر چېچىپ تۇراتتى.

— 5 مىسقال،— دىدى ئاكام مېھمانلار-
غا قاراپ،— بۇنى كان ئېغىزىدىكى تەييار
توپىدىن تاسقىۋالدۇق. بۇنىڭدىن قارىغاندا،
ئىشىمىزدىن خېلى ئۈمىت بار.

ئەتراپتىكى مېھمانلار تەۋرەپ كېتىشتى.
بەزىلەر قۇلاقنى قۇلاققا يېقىشىپ پىچىرلاش-
ماقتا، 5 مىسقال ئالتۇننىڭ باھاسىنى پۇلغا
سۇندۇرۇشماقتا. قايسى كۈنى نىغمەت ئاكام-
نى كانغا بېرىشتىن توساپ، بىر ھازا نەسى-
ھەت قىلىپ كەتكەن يۈسۈپ كانچى بىردىنلا
سۆزلەپ كەتتى:

— ئەجرىمىزگە لايىق بىر نەرسە تاپال-
مىدۇق، دىدىڭما؟ نا شۈكۈرلۈك قىلما نىغ-
مەت، خۇدا بېرىپتىغۇ؟ 5 مىسقال ... 5
مىسقال... بۇمۇ ئاز نەرسە ئەمەس - تە.

— شۇنداق،— دىدى ئاكام پۇرسەتنى
ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىككە تىرىشىپ،— ئىشنىڭ ئې-
پىنى بىلگەن ئادەمگە ئامەت يىراق ئەمەس،
قانداقلا بولمىسۇن، ھالال پۇل تېپىپ قەد-
دىمىزنى كۆتەرسەك بولىدۇ، ھوسۇلنى ئوخشى-
تالىغانلار يەر تېرىسۇن!

يۈسۈپ كانچى ئاكامنىڭ گېپىنىڭ بې-
لىگە تېپىپ يەنە دىدى:

— بىزمۇ بۇ ئىشنى ئاللىقاچان كۆڭلى-
مىزگە پۈككەن، بىراق داداڭدەك بىر بىلەر-
مەننىڭ جىم بولۇۋېلىشى بىزنىڭ يولىمىزنى
توساپ تۇرۇدۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇ «مۇشۇ
يەردە ئالتۇن بار» دەپ بىرەر يەرگە قولى-
نى سوزسىلا شۇ يەردىن ئاز - تولا نەرسە
چىقماي قالمايدۇ. ھازىر بىز شۇنىڭغىلا قا-
راپ قالدۇق.

— دادام بۇ ئىشقا قارشى ئەمەس، ئۇ-

نىمۇ بىز بىلەن بىللە چىقىشقا كۆندۈرۈەمىز.
ناۋادا بىز بىلەن بىرگە چىقىشنى خالايدى-
غانلار بولسا، 5 مىسقالنىڭ يېرىمىنى ئۇيچى-
غا سايمان ئېلىشقا ۋە كاندا پاقلان كاۋىپى
قىلىشقا ئاتاپ قويدۇق.

ئاكام باي بولۇشنىڭ يوللىرىنى ۋە
ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەسىلەر ھەققىدىكى تەشەب-
بۇسلىرىنى ئۇلارغا ئېنىق ئىچۈرگەندەك تەپ-
سىلى چۈشەندۈردى. سۆھبەت ئاخىرلاشقاندا
مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خىيالغا پېتىپ قې-
لىشقان ئىدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن،
ئۇن نەچچە كىشى مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ،
كانغا چىقىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈشتى. ئاكاملار-
مۇ 3 كۈن ئىچىدە ھىلقى ئالتۇننى بانكىدا
پۇلغا تېگىشىپ ئەسۋاپ - سايمانلارنىڭ كەم
قىسمىنى تولۇقلىدى. بىر كۈنى كەچتە ئاكام:

— دادا، بۇ نۆۋەت بىز بىلەن بىللە
چىقىپ، بىرگە يېتەكچى بولۇپ بەرسىڭىز،
بۇنىڭ ئۆزىمىزگىمۇ، يۇرتقىمۇ پايدىسى بار، —
دېۋىدى، دادام خېلى ئۇزاققىچە جىم بولۇپ
قالدى. بىز ئۇنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولۇپ،
ئۈنچىقماي قاراپ ئولتۇردۇق. مەنمۇ تەتىل
پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كانغا چىقماقچى
بولغانلىغىم ئۈچۈن، دادامنىڭ بىرگە چىقىش-
نى بەك خالايتتىم.

ئۇزاق سوزۇلغان سۈكۈتتىن كېيىن
دادام جىددى قىلىپ مۇنۇلارنى دېدى:

— ئەمىسە، مەن باشتا شۇنى دەۋالاي،
ئالتۇن دېگەن يەردىن موككىدە ئۈنۈپ چىقىدى-
غان، ئاسماندىن توككىدە چۈشىدىغان نەرسە
ئەمەس، ئەگەر ئىشىمىز ئوڭغا تارتماي قۇرۇق
قول يانساق، تاپا - تەنە قىلىشمايسىلەر. يەنە
بىر گېپىم، ئاز - تولا بىر نەرسە تېپىۋالساق
دۇيگە مۇنچە پىرسەن، گۇگشىيغا مۇنچە پىر-
سەن تاپشۇرۇسەن دەپ قول تەڭلەپ كېلىش-
مىسۇن، ھەر كىم تاپقىنىغا ئۆزى ئىگە بول-
سۇن. مۇشۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالىساڭ، بوپ-
تۇ، بىللە چىقاي!

— خاتىرجەم بولۇڭ، گۇگشېدىكى رەھ-
بەرلەر بۇنىڭغا ئاللىقاچان كاپالەت بەرگەن.

ئاكام ھەممە تەييارلىقنىڭ پۈتكەنلىگى-
نى، دادامنىڭ ماقۇل دېيىشىگىلا قاراپ قال-
غانلىغىنى ئېيتقاندىن كېيىن، دادام:

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۆگۈنلۈككە باش توخۇ
چىللاش بىلەنلا يولۇپ كېتىمىز، — دېدى-دە،
يەكتىگىنى كىيىپ شام نامىزىنى ئوقۇش ئۈ-
چۈن مېچىتكە چىقىپ كەتتى.

×

بىر پەيشەنبە كۈننى سەپەرگە چىقىش-
نىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى، دەپ تالاپ، باش
توخۇ چىللاش بىلەن كەنتتىن يولۇپ كەت-
تۇق. پېشىن بولاي دېگەندە، مىشا ئۆتىڭىدە
غىزالاندۇق. ئات - ئۇلاقلىرىمىزنى ئوتقا قو-
يۇپ، دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن
كۆن چىقىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپ، ئىككى
يېنى ئېگىز چېقىلار بىلەن توسالغان جىرا
ئىچىدىكى چىغىر يولغا كىردۇق. بېشىمىزنىڭ
ئۈستىدىلا چوڭ - چوڭ قۇرام تاشلار ئېسىلىپ
تۇراتتى. ئېگىز قىيالارنىڭ يېرىقلىرىدىن
نۇشتۇدەك بىرەر تاش مىدىرلاپ كەتسە،
جىرا ئىچىنى قورقۇنچلۇق تاش بورىنىنىڭ
تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋازى قاپلاپ كېتەت-
تى. مەن ئۆمرۈمدە تاغ دېگەننى كۆرۈپ باق-
مىغانلىغىم ئۈچۈن ئېشىگىمنى دېۋىتىشتىنمۇ
ئېھتىيات قىلىپ، كۆزۈم ئالا - چەكمەن بولغان
ھالدا ئەتراپقا قورقۇنچ بىلەن قاراپ ماڭاتت-
تىم. دادامنىڭ «ئالتۇننى ئاسانلىقچە تاپق-
لى بولمايدۇ، بۇ، جان بىلەن ئوينىشىدىغان
ئىش» دېگەن سۆزى خىيالىمدىن نېرى كەت-
مەيتتى. لېكىن باشقىلار ھېچقانداق ساراس-
مىگە چۈشمەيلا پاراڭلىشىپ مېڭىشماقتا. ئاس-

تىمىزدىكى پاكار تاغ ئېشەكلىرى ھەر قەدەمدە ئۇچرايدىغان دۆمبەللەردىن مۆشۈكتەك يامىشىپ ئۆتمەكتە. ئېقىن كېچىپ يول تارايغان جايلاردا بىر كۆز پەسلىدە جەنۇپقا ئۇچقان قاقىرلاردەك سەپ بولۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتۇق، ئازادە مېڭىشقا مۇمكىن بولغان چاغلاردا تاغلىقلارنىڭ چېقىلىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك جايلىرىدىمۇ ياۋا كەپتەرلەرنى ئۇۋلايدىغانلىقلىرى، كەكلىك ۋە ئۇلار گۆشىنىڭ تەملىكلىگى، تاغ تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈكلىگى ھەققىدىكى پاراڭلىرى يەنە باشلىناتتى.

بىز ئىختىيارىمىزنى ئېشەكلەرگە بېرىۋېتىپ، ئالەم كۆن قىزىل بولاي دېگەندە، پىشكە دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. كەچتە دادام بىزنى پىشكە كەنتىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى گەمە ئۆيلەرنىڭ يېنىدا توختاتتى. بۇ يەردە ئىككى ئائىلىلىك كىشى بار ئىكەن. بىز ئۇلاقلىرىمىزنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، گەمىلەردە ئارام ئالدۇق. مېھماندوست ئۆي ئىگىلىرى بىزنى يۇمشاق ئارپا نېنى بىلەن قېتىقتا مېھمان قىلدى. ياتقۇغىچە ھەر كىم خالىغان جايلاردا دەم ئېلىپ، سەيلە قىلىپ يۈرۈشتى.

×

بىز تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرىلا كەنتتىن چىقىپ كېتىپ، چۈشكە يېقىن كانغا يېتىپ باردۇق. بۇ كانلار ئومىيا دەرياسىنىڭ تارىيىپ ئاققان جايىدىكى بىر قولتۇققا جايلاشقان ئىكەن. دادامنىڭ ئېيتىشىچە، ئالتۇن تولاراق دەريا تارىيىپ، ئەگىگەن جايلاردىن چىقىدىكەن، بۇ يەرنىڭ جەنۇپ تەرىپى كۆز يەتمەس ئىگىز چېقىللاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈستىدە ئاندا-ساندا پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار لەيلىشىپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئىشلىتىلمەي تاشلىۋېتىلگەن بىر نەچچە قۇدۇق بولۇپ، دادامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مۇشۇ تەييار قۇدۇقلاردا ئىشلەشكە پۈتۈشتۇق-تە، تاماقتىن كېيىنلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق.

ئاكامنىڭ پىلانى بويىچە، ئالدى بىلەن قۇدۇقلارنىڭ ئېغىزىغا 3 داندىن ياغاچنىڭ بېشىنى چېگىپ، جازا ياساپ، ئۇنىڭغا شارلىق غالتەكلەرنى بېكىتتۇق. بۇ، چىغىرىقتا قارىغاندا ئەرزان ھەم قۇلايلىق بولۇپ، 200 - 300 كىلوگىرام كېلىدىغان شېغىل تاغارلىرىنى ئانچە كۆچىمەيلا قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىشقا بولاتتى. دەسلەپ قۇدۇق ئىچىگە ئاكام، سەيدىن ۋە شېرىپلار چۈشۈپ ئىشلىدى. كېيىن يەنە بىر نەچچە يىگىت قوشۇلدى. دادامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بىز ئاۋال ھەممىمىز قۇدۇقتىن شېغىل تارتتۇق.

ئىككىنچى كۈنىمۇ ئىككى قۇدۇقتا بۆلۈنۈپ، چۈشكىچە شېغىل تارتتۇق، چۈشتىن كېيىن ئاكام شېغىللارنى ئون دۆۋە قىلىپ ئايرىپ، ھەر بىر كىشىگە بىردىن تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك شېغىلنى دەريا لېۋىدە توشۇپ يۇغدۇق. لېكىن بىز تېخنىكىنى ياخشى ئىگەللەپ ئالالمىدۇقمۇ ياكى كاننىڭ تومۇرىنى تاپالمىدۇقمۇ، ھېچكىمگە زەررىچىدەك بىر نەرسە ئۇچرىمىدى. بۇ ھال كانچىلارنىڭ روھىنى سۇسلاشتۇرۇپلا قالماستىن، ئاكامنىمۇ خېلىلا ئەندىشىگە سېلىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ، كىشىلەرگە مەدەت بېرىپ: «ئالتۇن دېگەن قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، تېخى ئەمدىلا ئىشنى باشلىدۇققۇ، ئۇنچىۋالا ئۆپكىسى تۆشۈك بولۇپ كەتمەڭلار...» دېدى.

ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، 3-كۈنى كاندا بىر كۆڭۈلسىز ۋەقە يۈز بەردى.

مەن بىلەن بىرگە ئىشلىگەن ياقۇپ دېگەن بالا بۇ قېتىم ئۆزى تەلەپ قىلىپ قۇدۇقتا شېغىل كولاشقا چۈشتى، يېرىم سا-

ئەتچە ئۆتمەي، ئادەم بېشىدەك بىر تاش قۇمۇرۇلۇپ، چۈشۈپ ئۇنىڭ يوتىسىنى ئېغىر زەخمەلەندۈرۈپ قويدى. بىز ئۇنى قۇدۇقتىن چىقىرىپ، ئوتاقتا ئاپىرىپ ياتقۇزدۇق. ئۇ خېلىغىچە ۋاي - ۋايلاپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلدى. بۇنى كۆرگەن بىر قانچە كىشى ئىشنى توختىتىپ: «نىمىشقىمۇ چىققان بولغىيدۇق. هاۋادىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يىگەندەك، نا ئۇمىت ئىشقا ئۆزىمىزنى ئۇرۇپتىمىز» دېيىشىپ خېلى غۇدۇراشتى.

ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، ئاكام دادامنى خالىراق بىر جايغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر هازاغىچە قۇلاقلاشتى - دە، ئاخىر كاننىڭ بىرسىگە دادام بىلەن سەيدىن، يەنە بىرسىگە شىرىپ بىلەن ئىككىمىز چۈشىدىغان بولدۇق، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇ، كانچىلارغا ئۈمىتلىك بولۇش توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆزلەپ قويۇپ، كانغا كىرىپ كەتتى. ئۈچ كۈنگىچە شۇ يوسۇندا شىغىل تارتتۇق. ئەتراپتا شېغىللار دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى. شۇندىن كېيىن شىغىلنى يەنە ئاۋالقىدەك بۆلۈپ، دەريادا چايقاشقا چۈشتۇق. بۇ قېتىم ئاكام دادام بىلەن ئۆز ئىشلىرىنى قويۇپ، باشقىلارغا شېغىل چايقاشنىڭ ئۇسۇللىرىنى قايتىدىن ئۆگەتكىلى تۇردى. ئاردىن يېرىم كۈن ئۆتە - ئۆتمەي هەممەيلەننىڭ چىرايىدا ئاستا - ئاستا شاتلىق جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. غۇدۇراۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىمۇ جىمىقىپ كەتتى.

— ماڭا خۇدا بەردى، — دەپ توۋلىۋەتتى «سادىر تۆگە» دەپ ئاتىلىدىغان ئېگىز بوي بىرسى جىلغىنى چاڭ كەلتۇرۇپ ۋاقىراپ، — ماياقچىلىك — ماياقچىلىك...

بىردەمدىلا هەممەيلەن سادىر تۆگىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئاپتاپتا تاۋلىنىپ، كۆزنى چېقىپ تۇرغان قوي مايىغىدەك ئالتۇن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ، بۇ يەرگە چىققانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئالەمچە ئۈمىت - ئىشەنچ پەيدا قىلدى. شۇ يېشىغىچە ئون كوي پۇلنى تاراقشىتىپ يانچۇغىغا سېلىپ باقمىغان سادىر تۆگە ئۆزىگە نېسىپ بولغان ئاشۇ كىچىككىنە، لېكىن ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىنى لاتىغا يۆگەپ تۆش يانچۇغىغا جايلىدى. ئاندىن كېيىن بىرگە مەغرۇر قاراپ قويۇپ ئىشىغا تۇتۇش قىلدى. ئەمدى بۇلارغا ئۈمىتۋار بولۇش، سەۋىر قىلىش توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ هاجىتى قالمىغان ئىدى. ئەنە، يوتىسى زەخىملەنگەن ياقۇپمۇ يوتقان - كۆرپە ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، جىددى ئىش بىلەن مەشغۇل بولماقتا. بەزىلەر ھەتتا كۆلكىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كالپۇكلىرىنى چىڭ چىشلىسىمۇ، ئاپپاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قىلىۋاتىدۇ. كونا كانچىلار ساۋۇر تۆگىدەك ساددا ئەمەس، ئۇلاردا ئالتۇن ئۇچرىسا كۆز - كۆز قىلماي قەتئى مەخپى تۇتۇدىغان ئادەت بار. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كونا ئۇستىلىرىنى دوراپ، قانچىلىك ئالتۇن تاپقانلىغىنى خۇپپىيانە تۇتۇپ، قويۇن يانچۇقلىرىغا مەهكەم جايلىماقتا.

×

ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، چىقارغان شېغىللىرىمىز تامام ئاخىرلاشتى. ئۇزۇق - تۈلۈكلەرمۇ تۈگەي دەپ قالغان ئىدى. كانچىلار ئون كۈن ئىچىدىلا ئىلگىرىكى ئون نەچچە يىللىق دارامىتىگە باراۋەر كەلگۈدەك ئالتۇن تاسقىۋالغان ئىدى. پەقەت كانغا چىقىشنى ئەڭ بۇرۇن هىمايە قىلغان ئوسمانغىلا تەقدىر بىر نەرسە ئاتىمىغان ئىكەن. ئاكام ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۆز يېنىدىن 3 مىسقال چىققۇدەك ئالتۇننى بېرىۋەتتى. مەن ئاكامنىڭ قەلبىنى ياخشى چۈشىنەتتىم. ئاكام نامرات لەڭگەر كەنتىنى بېيىتىش ئۈچۈن ئۈچ مىسقال ئەمەس، ئات كاللىسىدەك ئالتۇن بول-

سىمۇ، ئۇنى توغرا ئىشقا بەل باغلىغانلارغا بېرىۋېتەلەيتتى.

ئاكام ئۇزۇق-تۈلۈك ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كەنتكە قايتىشنى تەكلىپ قىلغاندا بەزىلەر ئۇنىماشمىدى. ئۇلار پېشكە يېزىسىدىن يىمەكلىك تېپىپ چىقىپ، داۋاملىق ئىشلەشنى ئېيتتى. ئاكام يەنىمۇ كۆپرەك ئائىلىلەرنى كانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا جەلپ قىلىشنى، نۇقتىلىق ئائىلىلەرگە كۆزلۈك تېرىلغۇدىن بۇرۇن يەر كوپەيتىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى. بۇ ئىشلارنى قىلىچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايتتى. شۇڭا ئۇ، كوپچىلىككە مۇراجەت قىلىپ:

— بۇندىن كېيىن بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارغا يول دائىم ئوچۇق. لېكىن هازىرچە قايتىپ، ئۆيدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك. كېيىنكى قېتىمدا ئوبدانراق تەييارلىق قىلىپ چىقايلى،— دېدى.

كۆڭۈللىرى ئۈمىدكە تولۇپ، شاتلىقتىن كۆزلىرى تاڭ چولپىنىدەك پارلىغان بۇ ئادەملەر بېيىش سەپىرىنىڭ دەسلىۋىدىلا ئۆزلىرىگە سەركە بولغان كىشىنىڭ گېپىنى يەرىشقا پېتىنالماي، دەرهال يۈك-تاقلارنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشتى.

×

بۇ قېتىم كانغا چىققانلارنىڭ ئامەتكە ئېرىشكەنلىكى پۈتۈن لەڭگەرلىكلەرنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئىشلىرىنى يېڭىۋاشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. كەنتتە چوڭدىن-كىچىككىچە هەممەيلەن ئالتۇن كان توغرۇلۇق پاراڭ قىلىشاتتى. كىشىلەر كانغا چىقىش ياكى باشقا بىرەر ئىشنىڭ يولىنى تۇتۇش توغرىسىدا ئاكامدىن مەسلىھەت ئېلىش ئۈچۈن بىزنىڭ ئۆيىگە ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىشكە باشلىدى. ئاكام ئۇلارنىڭ ئەمىلى ئەهۋالىغا قاراپ بەزىلىرىنى كانغا چىقىشقا، بەزىلىرىنى داۋاملىق دېخانچىلىق بىلەن شوغۇللىنىشقا، بەزىلىرىنى گىلەمچىلىك دۇكىنىنى ماڭغۇزۇشقا، بەزىلىرىنى چارۋا بېقىشقا ئۈندەيتتى.

ئاكامنى ئىش بېسىپ، بېشىنى تاتىلاشقىمۇ چولىسى تەگمەي قالغان بىر چاغدا، بىز بىلەن كانغا چىققان قاۋۇل ئاخۇن دېگەن كىشى ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

— نىغمەت، ئۇكام، شەهەردىن بىر كىشى ئالتۇن سېتىۋېلىشقا چىقىپتىكەن، هۆكۈمەت باهاسىدىن يۇقۇرىراق ئالىمەن دەيدۇ، شۇنداقتىمۇ سىزدىن بىر مەسلىھەت ئالاي دەپ كەلدىم،— دېدى ئۇ. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاكام سەل جىددىيلىشىپ قالدى.

— ئۇنىڭغا بىر مىسقالمۇ ئالتۇن بېرىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئالتۇننى دۆلەتكە سېتىپ بەرمەي، ئازغىنا پايدىنى دەپ ئەتكەسچىلەرنىڭ قولىغا تۇتتۇزۇپ قويىدىغان بولساق، ئاش بەرگەن قازاننىڭ تۈۋىنى چاققاندەك ئىش قىلغان بولىمىز. دۆلەت هازىر ئالتۇنغا ئېهتىياجلىق، شۇڭا، بىز دۆلەتنىڭمۇ، ئۆزىمىزنىڭمۇ مەنپەئەتىنى ئويلىشىمىز كېرەك.

مېنىڭ تەتىل ۋاقتىم توشۇپ قالغانلىقتىن، بۇ يېزىدا يەنە نېمە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي ئالدىراش مەكتەپكە مېڭىپ كەتتىم.

×

ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە كانكول مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە يېزامغا كەلدىم.

بىزگە كانكول بولۇشتىن سەل ئىلگىرى ئاكام ماڭا خەت يېزىپ، قول تىراكتورى بىلەن ياغ تارتىش ماشىنىسى سېتىۋالغانلىقىنى، ئەمدى يەنە توك تۈگمىنى ماڭغۇزۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر

(ئاخىرى 126 - بەتتە)

## ئەدەبىي تەنقىتتە

# خۇشپۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك

مەھەممەت زۇنۇن

ئەدىبىي تەنقىت — ئەدىبىي ئەسەرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدىكى بىر خىل تەقرىزدىن ئىبارەت. ئەدىبىي تەنقىتنىڭ ۋەزىپىسىنى كۆپ تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىنى لۇشۈننىڭ «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىشلا ئەمەس، خۇش-پۇراقلىق گۈللەرنىمۇ پەرۋىش قىلىش» دىگەن سۆزى بىلەن خۇلاسىلاشقا بولىدۇ.

ئەدىبىي تەنقىتنىڭ خۇشپۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش بىلەن زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ قايسى تەرىپىنى قانداق ئورۇنغا قويۇش ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتى ۋە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇۋاتقان شارائىتتا، ھەر خىل پۇتلىكاشاڭلارنى تازىلاپ، پۇرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىش ئۈچۈن ئەدىبىي تەنقىتنىڭ زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش ۋەزىپىسىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش تامامەن زۆرۈر ئىدى. «4-ماي» ھەركىتىدىن تارتىپ ئازاتلىققىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئەدىبىي تەنقىت ئىدىيىۋىي كۈرەش قورالى سۈپىتىدە ھەر خىل زەھەرلىك چۆپلەرنى، خاتا ئىدىيىلەرنى تازىلاپ، ئېلىمىز پۇرولېتارىيات ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان ئىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ 1979-يىلى 10-ئاينىڭ 30-كۈنى «جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4-قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك نۇتقى» دا: «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى 17 يىلدا ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى...»، «3 يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى ئەسلەيدىغان بولساق، مېنىڭچە، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسى ناھايىتى ئوبدان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن تارماقلارنىڭ بىرى»

دېگەن ئىدى. بۇ، ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئەت ئەھۋالىغا بېرىلگەن ئىلمىي باھا.

ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يېڭى ۋەزىيەت شۇكى، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ھازىرقى دەۋرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى تارىخىي دەۋر بولۇپ قالدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئىجادىيىتى مەيلى سان، مەيلى سۈپەت، مەيلى تېمىنىڭ كەڭلىكى، شەكىلنىڭ ۋە ئوبرازلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، دەۋر روھىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىلىنىشى جەھەتلەردە بولسۇن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىگە قوشۇلۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىگە يېڭى تۈس، يېڭى كەيپىيات ئېلىپ كەلدى. ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى يېڭى بوسۇش كۆپ ھاللاردا ئەنە شۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئالاھىدىلىك شۇكى، ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ، ئوبرازلىرى خىلمۇ-خىل. ئۇلار ھازىر پېرسوناژلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئىپادىلەشكىلا ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسىنى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىشكىمۇ كۈچ سەرپ قىلماقتا، پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى مۇرەككەپ، نازۇك توقۇنۇشلار ئىچىدە جانلاندۇرۇشقا تىرىشماقتا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ دەۋر روھى كۈچلۈك، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتنى دەۋر بىلەن بىللە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا يېڭى-يېڭى ئىزلىنىشلەرنى ئېلىپ بارماقتا.

بىزنىڭ ئەدەبىيات سېپىمىزدە مۇشۇنداق ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن يېتىلمەكتە، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن باي تۇرمۇشنىڭ ئىجادىيەتكە بولغان ھەل قىلغۇچ رولىنى بارغانسېرى چوڭقۇر تونۇپ، پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، بەدىئىي ماھارىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ يارىتىش يولىدا جاپالىق ئەمگەك قىلماقتا.

لۇشۈن ئەينى چاغلاردىكى ياش يازغۇچىلار توغرىسىدا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۈمىت مانا مۇشۇ تەرەپتە»، «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈۋاتقان ساغلام، يېڭى بىخلىرىنى سەگەك ئاڭ ۋە مۇستەھكەم شىجائىتى بىلەن يانتاق-تىكەن ئارىسىدىن نامايەن قىلماقتا.» («ئالا كۆڭۈل»). ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىمىزدىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇ خىل ياكى بۇ خىل كەمچىلىك ۋە نۇقسانلار داۋاملىق كۆرۈلۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىزلىنىشكە، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەتلىك بولۇشتەك جۇشقۇن روھى، ئۇلار ئىجادىيىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى نامايەن قىلىدۇ.

دېمەك، پۈتۈن مەملىكەت، جۈملىدىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئەدەبىيات-سەنئەت قوشۇنىمىز ئومۇمەن ياخشى قوشۇن، ياخشى ۋە بىر قەدەر ياخشى ئەسەرلەر كۆپ ساندا، ئىدىيىۋى خاھىشى ئانچە ساغلام بولمىغان ئەسەرلەر ئىنتايىن ئاز ساندا، جۈملىدىن، مۇنداق ئەسەرلەرنى نورمال، ئىلمىي ئەدەبىي تەنقىت ئارقىلىق توغرا نىشانغا قاراپ يېتەكلىگىلى بولىدۇ. ئەمەلىي پاكىت ئەنە شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي تەنقىتتە پۇراقلىق گۈل-

AltunOq

لەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ — دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، خەلقنىڭ تەلىۋى.

ئەدەبىي تەنقىتتە «پەرۋىش» قىلىش بىلەن «قىرقىش» بىر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولۇپ، «پەرۋىش» قىلىش بىلەن «قىرقىش» نىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدىن قارىغاندا، «پەرۋىش» قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەدەبىي تەنقىتتە پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى گۈللەرنى يېتىلدۈرۈپ مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. ئەدەبىي تەنقىتتە ئاز ساندىكى زەھەرلىك چۆپلەرنى ياكى ئىدىيىۋى ساغلام بولمىغان ئەسەرلەرنى قىرقىش، تەنقىت قىلىش يەنىلا پۇراقلىق گۈللەرنى تېخىمۇ ياخشى پەرۋىش قىلىشنى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئەدەبىي تەنقىتتە پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش — پارتىيىمىزنىڭ تەقدىرلەشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنىڭ ئەدەبىي تەنقىتتىكى كونكرېت ئىپادىسى، لېكىن مەسىلىنى مۇنداق قويۇش ھەرگىزمۇ ئەدەبىي تەنقىتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي پرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلغانلىق بولمايدۇ. ئەدەبىي تەنقىتتە پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە زەھەرلىك چۆپلەرنىمۇ، خاتا ئىدىيىلەرنىمۇ تەنقىتلەپ ئۇلارنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك.

ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» دېگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە «سولچىل» خاھىشنىڭ تەسىرى بىلەن ئەدەبىي تەنقىتتە «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش» ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ كەلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» جەريانىدا ئەدەبىي تەنقىتنىڭ پۇراقلىق گۈللەرنى پەرۋىش قىلىش ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەدەبىي تەنقىت بىر خىل كۈرەش قورالىغا ئايلىنىپ، ئاتالمىش «زەھەرلىك چۆپلەرنى قىرقىش» ئەدەبىي تەنقىتنىڭ بىردىن - بىر ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»دىن كېيىن، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوڭشىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىزدە يېڭى جانلىنىش مەيدانغا چىقتى. ئەدەبىي تەنقىت قوشۇنى شەكىللىنىپلا قالماي، ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن مۇنازىرىلىشىدىغان ئېچىلىپ - سايراش كەيپىياتى بارلىققا كەلدى. بۇ — قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ياخشى باشلىنىش. دەرۋەقە، بەس - مۇنازىرە ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ يوق ئەمەس.

بىزنىڭ بەزى ئەدەبىي تەنقىتلىرىمىزگە ساغلام بولمىغان كەيپىياتلار ئارىلاشقان بولۇپ، يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئادىل، دەل، توغرا باھا بېرەلمەيۋاتىدۇ. شەخسىي ھەۋەس ۋە شەخسىي مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن بەزى تەنقىتچىلەر بەزى ئەسەرلەرنى «مۇكەممەل تىپ يارىتىلغان»، «تۇرمۇشنىڭ نازۇك جايلىرىغا بۆسۈپ كىرگەن»، «يۈكسەك نامايەندە» دەپ مەدھىيىلەپ، ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كەمچىلىكلىرىنى تىلغا ئالمىسا، بەزى تەنقىتچىلىرىمىز «ناتۇراللىق خاھىشى بېسىم ئورۇندا»، «ئىدىيىۋى خاھىشى تۇتۇق»، «ساختا توقۇلما» دېگەندەك خىلمۇ - خىل قالپاقلار بىلەن ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىستېتىك قىممىتىنى يەڭگىللىك بىلەن ئىنكار قىلىۋاتىدۇ. ئەدەبىي تەنقىتتىكى بۇ خىل ئاددىلىق، قوپاللىقنىڭ تەسىرى

تېخى تۈگىتىلمىدى. بىزنىڭ بەزى ئەدەبىي تەنقىتلىرىمىزدە ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ جانلىق، كونكرېت، ھېس قىلغىلى بولىدىغان خاراكتېر توقۇنۇشى ئىچىدە مول ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى، كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرىدىكى ماھىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش تەلىپىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە شەخسىي ئىجاتچانلىق ۋە شەخسىي ھەۋەس، ئىدىيە ۋە فانتازىيە، شەكىل ۋە مەزمۇن ئۈچۈن كەڭ زېمىن بېرىلىدىغانلىقى نەزەرگە ئېلىنماي، بەزى بىر تەرەپلىمە، قاتمال نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىلمۇ-خىل رامكىلارنى بەلگىلەيدىغان، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلمىگەن سوبيېكتىپلىق پات-پات كۆرۈلمەكتە. بىزنىڭ يەنە بەزى ئەدەبىي تەنقىتلىرىمىز يازغۇچىنىڭ ئىزلىنىش روھىغا، بۆسۈپ ئۆتۈش جەھەتتىكى جاسارىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەرمەي، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارەت جەھەتتىن تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن سادىر قىلغان ئايرىم كەمچىلىك، نۇقسانلىرىنى ئومۇملۇققا كۆتۈرۈپ، قارا-قويۇق تەنقىتلەيدىغان، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى يېڭىلىقنى كۆرمەيدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ بەزى ئەدەبىي تەنقىتلىرىمىز كىتابخاننى ۋە يازغۇچىنى قايىل قىلالمايلا قالماي، بەلكى بەزى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقلارنىمۇ پەيدا قىلماقتا.

بۇ خىل ئىلمىي، نورمال ۋە ساغلام بولمىغان ئەھۋاللارنىڭ مەيدانغا چىقىشىدا ئەدەبىي تەنقىتنىڭ خاراكتېرىنى، ۋەزىپىسىنى ئەترابلىق چۈشەنمەسلىك قاتارلىق خىلمۇ-خىل سەۋەپلەر بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي تەنقىتكە بولغان يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سوبيېكتىۋىزىملىق، بىر تەرەپلىملىك ۋە ئىدىيىۋى قاتماللىقنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي تەنقىتتە نىشان، مەقسەت ئېنىق بولۇشى لازىم. ئەدەبىي تەنقىت — پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى مۇھىم ئۇسۇلى. ئەدەبىي تەنقىت ئوخشاشلا خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. تەنقىتچى خەلق مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى بولۇپ، ئۇ ئەدەبىي تەنقىت ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستېتىك خاھىشىنى ۋە تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم. بۇ — ماركسىزىملىق ئەدەبىي تەنقىتنىڭ تۈپ پرىنسىپى.

ئەدەبىي تەنقىت نوقۇل ھالدا ئەدەبىي تەنقىتچىنىڭ شەخسىي قابىلىيىتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى تەنقىتچىنىڭ شەخسىي تالانتىنىڭ دەۋر ۋە خەلق تەلىپىنى توغرا ئومۇملاشتۇرغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئەدەبىي تەنقىتتە تەنقىتچىنىڭ شەخسىي ئەمگىكى ئىنتايىن مۇھىم. تەنقىتچىنىڭ بىر ئەسەرنىڭ قىممىتى، ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى تەھلىلى تەنقىتچىنىڭ شەخسىي تونۇشى، ئەدەبىي تەربىيىلىنىشى ۋە تۇرمۇش قارىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ تېيىزلىگى ياكى چوڭقۇرلىغى، سەنئەتتىكى ئۆزگىچىلىگى تەنقىتچىنىڭ ئىجادىي تەسىراتى، ئىلمىي ئەمگىكى ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ، بۇ خىل تەسىرات ياكى ئىلمىي ھۆكۈم ماھىيەتتە، مەلۇم سىنىپ، مەلۇم تەبىقە ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي كۈچنىڭ ئىرادىسى ۋە مەنپەئەتىنىڭ گەۋدىلىنىشى، خالاس. ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا، ئاخىرقى ھېساپتا، ئەمەلىيەت، خەلق ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تەنقىتچى خەلقنىڭ تىلى ۋە ئاۋازى بولۇشى، دەۋر بىلەن بىللە ئالغا بېسىشى كېرەك. دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلقنىڭ تەلىپىنى ئاساس قىلماي، ئۆزىنى شەخسىي دائىرىدە ياكى تار گۇرۇھنىڭ ئارزۇ-ھەۋەس دائىرىسىگە قويغان تەنقىتچى ئەدەبىي تەنقىتنىڭ ھەقىقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ئاممىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ

قالدۇ. بۇ — تارىخىي ساۋاق.

ئەدەبىي تەنقىت ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتا قىلىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋەزىيىتىنى توغرا مۆلچەرلىشى لازىم. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش — ئەدەبىي تەنقىتنىڭ جان تومۇرى. ئەدەبىي ئەسەرگە باھا بەرگەندە ئابستىراكتنى نەزەرىيىۋىي ئۇقۇمنى ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەدەبىيات - سەنئەت ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق بولغاندا، ئەدەبىي تەنقىت پۇختا ئەمەلىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ، كىتاپخاننى ۋە يازغۇچىنى قايىل قىلالايدۇ، ئەدەبىي تەنقىتمۇ ئەمەلىيەتنىڭ، تارىخنىڭ سىنىغىدىن ئۆتەلەيدۇ.

ئەدەبىي تەنقىتتە يازغۇچىنىڭ ئىزلىنىش روھىنى، يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتىكى جۈرئىتىنى قىزغىن قوللاش ۋە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىش كېرەك. ئەدەبىي ئىجادىيەت — ئىجاتچانلىققا باي مەنىۋى ئەمگەك. ئىجاتچانلىق بولمىسا، بۆسۈپ ئۆتۈش بولمىسا، ئەدەبىيات - سەنئەتتە تەرەققىيات بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىمىز ئەدەبىي ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە ھەر خىل يېڭىلىقلارنى يارىتىۋاتىدۇ، كىشىنى خوشال قىلىدىغان يېڭى - يېڭى بۆسۈپ ئۆتۈش مەيدانغا چىقىۋاتىدۇ. تەنقىتچى ئەنە شۇ يېڭىلىقلارغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببەت باغلىشى، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا يازغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش، مۇستەقىل ئىزلىنىش روھىغا مەدەت بېرىشى لازىم. ئىزلىنىش، يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا ئۇ خىل ياكى بۇ خىل نۇقسانلارنىڭ كۆرۈلۈشى نورمالنى ئەھۋال. تەنقىتچى يازغۇچىنىڭ ئىزلىنىش روھىنى توغرا باھالىشى، مەسىلىگە تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قاراپ يازغۇچى ئىجادىيىتىنىڭ ئومۇمى يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەتتە داۋاملىق ئالغا بېسىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ.

ئەدەبىي تەنقىتتە توغرا ئۇسۇل بولۇشى لازىم. تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى. توغرا ئەدەبىي تەنقىت دوستانە، قىزغىن، سەممىي، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، مۇۋاپىق بولۇشى لازىم. خۇددى يولداش خۇ ياۋباڭ كۆرسەتكەندەك: «توغرا ئۇسۇل يەنىلا ئىككى: بىرى، كالتەكلىمەسلىك؛ يەنە بىرى، تەختىراۋانغا سېلىپ كۆتەرمەسلىك.» تەنقىتكىمۇ يول قويۇش، جۈملىدىن، قارشى تەنقىتكىمۇ يول قويۇش، ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا ئەركىن مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرىنى يولغا قويۇش لازىم. مۇنازىرە خاراكتېرىنى ئالغان ئەسەرلەرگە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ياخشى يېرىنى ياخشى، يامان يېرىنى يامان دېيىش، ھەرگىزمۇ بىر نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ، ھەممىنى ئىنكار قىلماسلىق ياكى ھەممىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك كېرەك. يازغۇچىنىڭ بىرەر ئەسىرىدە مەسىلە بولسا، شۇ يازغۇچىنىڭ ھەممە ئەسىرىدە مەسىلە بار، دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئايرىم ئەسەرلەردە مەسىلە چىقسا، بىر پۈتۈن ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەسىلە بار، دېگىلىمۇ بولمايدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىي تەنقىدىمىز توغرا، دەل بولۇشى لازىم.

بىز ئەدەبىي تەنقىتنى بىر پۈتۈن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشىنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىن «سولچىل» خاھىشنىڭ تەسىرىنى داۋاملىق تۈگىتىپ، ئەدەبىي تەنقىتنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن ئاساسىغا قۇرۇپ، تەنقىت ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىتنى توغرا قانات يايدۇرۇدىغان بولساق، يېڭىدىن بىخ ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئەدەبىي تەنقىدىمىزدە جەزمەن يېڭى ۋەزىيەت ياراتقىلى بولىدۇ.

# ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئىجادىيەت — جاپالىق مەن-
لەم ئىگىسىنىڭ ھالال قان تەرى
سۇلات، ئۆزىگە خاس ھۆسنى - جا-
رىغى بىلەن سەنئەت ئەھلىنى مەپ-
لقىنىڭ قەلبىگە گۈزەللىك نۇرى
ئىجادىيەتچى — يېپ - يېڭى،
مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچى، باش-
ىۋى ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، قە-
ياراتقان ئەڭ يېڭى مەنىۋى مەھ-
مالى، ئۆزىگە خاس خۇشبۇيى پۇ-
تۈن قىلىدىغان گۈل - غۇنچە، خە-
تۆكۈدىغان روھىي مەشئەل.
ئەلا سۈپەتلىك ۋە نەپىس مەنىۋى
قىلار تەرىپىدىن تېخى يارىتىلمىغان
روھىي ئوزۇقنى بەرپا قىلىش يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۆرەش قىلىدىغان جاپاكەش ئەمگەكچى، ئۆزىنىڭ ھەقىقى تۆھپىسى ۋە گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلىتى ئارقىلىق خەلقىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدىغان سۆيۈملۈك ئىنسان.

مۇستەقىل ئىجات قىلىش روھىغا ئىگە بولۇش — ھەر بىر قەلەم ئىگىسى جەزمەن ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم شەرتلەردىن بىرى. چۈنكى مۇستەقىل ئىجات قىلىش روھى ۋە ئەمەلىيىتى بولماي تۇرۇپ، ھېچقانداق نەرسىنى ئىجات قىلغىلى بولمايدۇ. ئىجادى-يەتچى ھەربىر پارچە ئەسەرنى تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈپ، ھەددى - ھېسابسىز ساپ يۈرەك قېنى بىلەن زېھنىي كۈچىنى سىڭدۈرۈپ، مۇستەقىل ھالدا يېزىپ چىقىدۇ، ھەتتا ئىجادىيەت يولىدا جان بېرىدۇ.

يازغۇچى، شائىرلار ئىجادىيەت بىلەن نام چىقىرىش، پۇل تېپىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خەلقتە ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى ياراتقان قىممەتلىك روھىي ئوزۇقلارنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلارنى گۈزەللىككە، يېڭىلىققا، تەرەققىياتقا ئىنتىلدۈرۈش ئۈچۈن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار ئەخلاقشۇناس ھېساپلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەتكە ئىگە بولمىغان كىشىنىڭ خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا گۈزەللىك ئۇرۇغى چېچىشى مۇمكىن ئەمەس. خەلقىنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، ئۇلار راست بىلەن يالغاننى، توغرا بىلەن ئوغرىنى ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە. باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئانچە - مۇنچە پەدەزلەپلا ئۆز نامىدا ئېلان قىلغان «ئىجادىيەتچى» لەر ئۇلارنىڭ ھەققانىي ئەيىپلىشىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. بۇ خۇددى ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئوغرىلىغان جىنايەتچىلەر قانۇنىنىڭ ئادىل جازاسىغا ۋە كەڭ جامائەت-چىلىكنىڭ كۈچلۈك نەپرىتىگە ئۇچرىماي قالمايدىغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

مەلۇمكى، جەمىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىمۇ، مەنىۋى بايلىقىمۇ جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق دۇنياغا كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزىنىڭ كەسپىي بۇرچىنى چۈشىنىدىغان ئىجادىيەتچىدە ئەمگەككە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بولىدۇ ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقى بەختىنى پەقەت ھالال ئەمگەك-تىن تاپىدۇ. خەلقنى نادان ھېساپلايدىغان، باشقىلارنىڭ جۈۋىسىدا تەرلەپ ئۆگىنىپ قالغان

كىشىلەر بولسا، ھامان جاپالىق ئەمگەكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تەييارغا ھەييار بولۇپ ياشاشقا ياكى خوشنىلىرىنىڭ بېغىدا پىشقان شىرىن مېۋىلەرنى ئوغرىلاپ، بازارغا ئېلىپ چىقىپ سېتىپ جان بېقىشقا ئۇرۇنىدۇ، ھەتتا بىر تامچە قان - تەرمۇ ئاققۇزماي تۇرۇپ، «چېۋەر باغۋەن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشىشنى تاما قىلىدۇ، ھالبۇكى، دۇنيادا مۇنداق ئوڭاي ئىش يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە تەييارتاپلىق، رەڭۋازلىق، ئالدامچىلىق قىلىپ جان بېقىشقا ۋە شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنۇشتەك پەسكەش قىلىقلار جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە ئىجتىمائى ئەخلاق پىرىنسىپلىرى تەرىپىدىن قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەكنىڭ ھەر ئىككىلىسى قەدىرلىنىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكى ۋە گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلىتى بىلەن قەدىرلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار مەيلى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسۇن، مەيلى ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئوخشاشلا جەمئىيەت ۋە خەلق ئۈچۈن بايلىق يارىتىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك ياراتقان ماددىي مەھسۇلاتلار بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ياراتقان مەنىۋىي مەھسۇلاتلارنى ئوغرىلاپ جان باقىدىغان كىشىلەر بولسا، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا، بولۇپمۇ ياش - ئۆسمۈرلەر ئارىسىغا ساختىپەزلىك ۋە تەييارتاپلىق ئۇرۇقى سېپىدۇ.

مەنىۋىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ئىجادىي ئەسەر يازالمايغان كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە ئوغرىلىق قىلىپ جان بېقىشىمۇ، شۆھرەت قازىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىمۇ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغان ئوغرىلىقتىن ئىبارەت بۇ پەسكەش قىلىقنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدىغان ئەڭ ئۆتكۈر قوراللاردىن بىرى. شۇڭا ئۇ «ئىجادىيەت ئوغرىسى» غا قىلچە يۈز - خاتىرە قىلمايدۇ. ئوغرىنىڭ باشقىلارنى توغرىلىققا باشلىشىمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش. بىزنىڭ بۈگۈنكى كىتابخانلىرىمىزمۇ باشقىلارنىڭ بېغىدىن ئوغرىلانغان مېۋىنى بازارغا سېلىپ پۇل تاپىدىغان كىشىلەرنىڭ مەيدىسىگە شان - شەرەپ گۈلىنى تاقاپ قويىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس. شۇڭا ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئوبدانراق دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان كەسىپنى تاللاپ، ھالال ئەمگەكنىڭ شەربىتىنى ئىچكىنى ئەۋزەل. دۇنيادا ئىنسانىيەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ھۈنەر - كەسىپ ئاز ئەمەس. ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىقمۇ، مەنىۋىي مەھسۇلات يارىتىشنىڭ باشقا ساھەلىرىدە تۆھپە يارىتىش ئارقىلىقمۇ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزگىلى ۋە كىشىلەرنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن قان - تەرى ياراتقان مېۋىنى ئوغرىلاپ، دەككە - دۈككە ئىچىدە ياشىغاندىن ياكى تۇتۇلۇپ قېلىپ، يەرگە قارىغاندىن تۈمەن مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ!

چۈشىنىش كېرەككى، باشقىلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوغرىلاپ ئۆگىنىپ قالغان ياكى خېلىدىن بۇيان مۇشۇ يولدا مېڭىپ مەلۇم ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشىپ كەلگەن كىشىلەرنى،

AltunOq

ئۇلار ھەرقانچە ئۇستىلىق ئىشلەتكىنى بىلەنمۇ، كەڭ جامائەتچىلىك ھامان بىر كۈنى ئېنىق سېزىۋالىدۇ. بىر قانچە كىشىنىڭ كۆزىنى باغلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا كەڭ ئاممىنىڭ باشقىلار تىكلىگەن مۇنارىنى ئانچە-مۇنچە سىرلاپلا «مەن ياسىدىم» دەپ ئىگەللىۋالغان كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى بىر مەزگىل ئاشكارا ئەيىپلىمەي، سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقىغا قاراپلا «بۇ جان بېقىشقا بولۇدىغان يول ئوخشايدۇ» دەپ خام-خىيال قىلىشقا بولمايدۇ.

پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بارلىق ئەسەرلەر مۇقەررەر ھالدا ئەمەلىيەتنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ. نەتىجىدە، ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ھەقىقى ئىگىلىرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، باشقىلارنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرىنى تالان-تاراج قىلغۇچىلار خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ خىل ئاقىۋەت ئەسەر ئېلان قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ.

بەزى يولداشلار ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاتالمىش «ئىجادىيەتچى» لەرنىڭ ئايرىم «ئەسەرلىرى» نى ئوقۇشماي ئېلان قىلىپ قويغان تەھرىر بۆلۈملىرىنى قاتتىق ئەيىپلەشكە بەكمۇ ئامراق. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى بىرئاز ئەتراپلىقراق تەھلىل قىلىپ كۆرگەنىنىڭ زىيىنى بولمىسا كېرەك.

مەلۇمكى، تەھرىر بۆلۈم — ئۆز زىممىسىگە ئېغىر ھەم شەرەپلىك كەسپىي ۋەزىپە يۈكلىگەن كوللېكتىپ، ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىدە ئىشلەۋاتقان كەڭ مۇھەررىرلەر ئىنتايىن جاپالىق مەنىۋى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇلارمۇ خۇددى كەڭ كىتاپخانلارغا ئوخشاشلا ئىجادىيەت ئوغرىلىرىدىن ئىنتايىن قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ساختا ماللىرى بازارغا سېلىنىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىدۇ، لېكىن ھازىر ھەر قايسى تەھرىر بۆلۈملەرگە كېلىۋاتقان ئەسەرلەرنىڭ سانى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ، مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمىتى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەھرىر بۆلۈمگە كەلگەن چوڭ-كىچىك ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىرمۇ-بىر كۆرۈپ چىقىپ، ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئادىللىق بىلەن توغرا بىر تەرەپ قىلمىسا بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار چەتئەلدە ۋە ئېلىمىزدە نەشر قىلىنغان ۋە ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىنىۋاتقان سان-ساناقسىز ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار ئاپتورلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا، ئاڭلىقلىقىغا، ئۆزلىرىنى ھەم كەڭ كىتاپخانلارنى ئالدىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك گېزىت-ژۇرناللارنىڭ تەھرىر بۆلۈملىرىدە جاپالىق ئەمگەك قىلىۋاتقان مۇھەررىرلەر ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئالداشقا ئۇرۇنغانلىقىنى تونۇپ يەتسىلا، ئۇلارنىڭ بۇخىل ناچار ئىستىلىغا قارشى پرىنسىپال كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوغرىلىق قىلغانلىقى پاش قىلىنغان ماقالىلارنى باشلامچىلىق بىلەن ئېلان قىلىپ، كەڭ ئاپتورلار بىلەن كىتاپخانلارنى ئۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىشقا تەربىيىگە ئىگە قىلىدۇ. يېقىندىن بۇيان، بەزى گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئايرىم «ئىجادىي ئەسەر» لەر توغرىسىدا يېزىلغان ئەدەبىي تەنقىت ماقالىلىرىنىڭ دەل ئاشۇ گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئۆزىدە ئېلان قىلىنغانلىقى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشكەنلىكى بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز بۇ ماقالىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ،

تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئېنىق ھېس قىلدۇقكى، بەزى كىشىلەر باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرىنىڭ مازمۇنىنى ۋە ئۇنىڭدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپلا، ئاشۇ يازغۇچىلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ نامىنى يېزىۋالغان. بۇ خىل غەلىتە ھادىسە ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. ئەسەر، يەر ۋە ئادەم ناملىرىنى ئۆزگەرتىپ قويسىلا، باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسىرى قۇراقچىلىق قىلغۇچىلارغا تەئەللۇق بولۇپ قالامدۇ؟! ئوغرىلىق قىلغۇچىنىڭ قولىدىكى ئىجادىي ئەسەر باشقىلارنىڭ قولىدا يوقمۇ؟! بەزى يازغۇچىلار ۋاپات بولۇپ كەتكىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەددى - ھېساپسىز ساپ قان - تەر سىڭدۈرۈپ يازغان مەشھۇر ئىجادىي ئەسەرلىرى جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى يۈز مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشاپ كېلىۋاتىدىغۇ؟! دۇنيادا ئۇلۇغلارنىڭ ئىجادىيىتىنى ئوغرىلىغان ئادەممۇ ئۇلۇغ سانىلىدىغان غەلىتە ھادىسە تېخى يۈز بەرگىنى يوق!

بەزى كىشىلەرنىڭ جامائەتچىلىكنىڭ پايدىلىق تەنقىدىي پىكىرلىرىگە پەرۋا قىلماي، رەڭۋازلىق قىلىدىغان يامان ئادەتنىڭ كەينىگە داۋاملىق كىرىۋاتقانلىغى كىشىنى قاتتىق تەئەججۈپلەندۈرىدۇ. ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار ئەدەبىي ئىستىلنى بۇزىدىغان، ئىنتىزامنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، ئىجتىمائىي مۇھىتنى بۇلغايدىغان، ياش - ئۆسمۈر ھەۋەسكارلارنى ئازدۇرىدىغان بۇ خىل ناچار قىلمىشنىڭ ئۈزلۈكسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە يامراپ كېتىشىگە ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. يېقىندىن بۇيان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بۇ مەسىلىگە قاتتىق كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىغانلىغى كىشىنى خۇشال قىلىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە كېلىۋاتقان ماقالا ھەم خەتلەرگە، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ بىۋاستە تەسىراتلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا، مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئوغرىلايدىغان يامان ئادەتنىڭ كەينىگە كىرىپ قالغانلار بىلەن ئۇنى يوقىتىۋېتىشقا باشلىغانلار بىر - ئىككىلا ئادەم ئەمەس ئىكەنلىكىنى تولۇق مۆئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇڭلاشقا «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 1983 - يىللىق 7 - سانىدا مۇشۇ ھەقتە بىر ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاشۇنداق ناچار ئادەتكە گىرىپتار بولۇپ قالغان كىشىلەرنى جىددىي ئاگاھلاندۇرغان ئىدى، لېكىن بەزى كىشىلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ جىددىي ئاگاھلاندۇرۇشىغا قۇلاق سالمىدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1984 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەدەبىي ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك» دېگەن ئەدەبىي تەنقىت ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلار بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنىۋى مەھسۇلات ئوغرىلاشنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتىدىن تا ھازىرغىچە تېگىشلىك ساۋاق ئالماي، ئۆزلىرىنىڭ يامان ئادىتىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى بەكمۇ چېۋەر ھەم ئەپچىل ھېساپلاپ، چاندۇرۇپ قويمايدىغانلىغىغا قاتتىق ئىشىنىپ، چوتىنى خاتا سوقۇۋاتىدۇ. ھالبۇكى، كەڭ ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلار ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. جامائەتچىلىكنىڭ بىر مەزگىل سۈكۈت قىلغانلىغى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىغىنى ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەنلىكىدىن ياكى ئۇلارغا يۈز - خاتىرە قىلىۋاتقانلىغىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت ئاشكارا تەنقىت قىلىشنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك مەسىلىسىلا مەۋجۇت.

ئەمەلىيەت يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تۇيۇق يولغا كىرىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئوغرىلاش دەرىجىسى، ئوغرىلاش ئۇسۇلى ۋە ئوغرىلاش ماھارىتى ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چەتئەل ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوغرىلايدىغانلىرىمۇ، ئېلىمىز ئاپتورلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوغرىلايدىغانلىرىمۇ، ھايات ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوغرىلايدىغانلىرىمۇ، ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوغرىلايدىغانلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆتكەندە چەتئەل يازغۇچىلىرىنىڭ مەلۇم ئەسەرلىرىنىڭ ۋە ئۇلاردا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار بىلەن يەرلەرنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپلا، ئۇ ئەسەرلەرنى شۇ پېتى ياكى بىر قىسمىنى كېسىۋېلىپ، ئۆز نامىدا ئېلان قىلدى. بەزىلەر جۇڭگو ۋە چەتئەللەردىكى باشقا مىللەت ئاپتورلىرىنىڭ يۇمۇرلىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئۇيغۇرچە ئات قويۇپلا، ئۇنى «ئۆزەمنىڭ ئىجادىيىتى» دەۋالدى. بەزىلەر ئۆز سەپداشلىرىنىڭ پۈتۈن شېئىرلىرىنى ئوغرىلىسا، بەزىلەر ئۇنىڭ ئايرىم كۇبلېت ياكى مىسرالىرىنى ئوغرىلىدى. بەزىلەر باشقىلارنىڭ شېئىر مەسەللىرىدىكى ھايۋاناتلارنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇپلا، ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. بەزىلەر باشقىلارنىڭ ئەدەبىي ئوبزورلىرىدىكى تەييار تەھلىل ۋە سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئەسەر «باھالىدى». بەزىلەر باشقىلارنىڭ نەسرلىرىنىڭ بېشىغا ئۆزىنىڭ نامىنى يېزىۋالدى. باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ۋەقەلىك، خاراكتېر، پىكىر، ئوبرازلىق تىل ئوغرىلايدىغان نورمالسىز ھادىسىلەرمۇ كەينى - كەينىدىن يۈز بەردى. بۇ ژورنالدىن ئوغرىلاپ، ئۇ ژورنالغا ئەۋەتىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقى سېزىلدى.

بەزى كىشىلەردىكى بۇ خىل روھىي كېسەل ئىجادىيەت سېپىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئايرىم ياش ئاپتورلارغىمۇ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە يۇقۇۋاتىدۇ. بۇ ھال كەڭ ئاپتورلار بىلەن كىتابخانلارنى قاتتىق نارازى قىلماقتا. ئەگەر بىز ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، بولۇپمۇ ئەدەبىي تەنقىتنىڭ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، بۇ خىل تەتۈر شامالنى قەتئىي چەكلىمەيدىغان بولساق، ئۆزىمىزنى ئاغرىق ئادەم بىلەن كارى بولمايۋاتقان مەسئۇلىيەتسىز دوختۇرنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان بولىمىز.

ئەلۋەتتە، يېزىقچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەن بەزى ياشلار دەسلەپكى چاغلاردا دوراپ - چىلىقتىن، تەقلىتچىلىكتىن ئۈزۈل - كېسىل خالى بولۇپ كېتەلمەسلىكى ناتايىن. بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ساختىلىق يولىغا قاراپ ماڭىدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر مەزگىل قاتتىق ئىزلىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشىق قىلىپ، مۇستەقىل ئىجات قىلىش يولىغا قاراپ دادىل قەدەم تاشلايدۇ، ھەتتا بارا - بارا پىشقەدەملەرنىمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا دوراپچىلىق بىلەن ئەسەر يېزىپ يۈرگەن ياش ھەۋەسكارلارغا بولغان ئىجابىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى باشتىنلا ئۆزىگە ئېغىر تەلەپ قويۇپ، جاپالىق ئىجادىي ئەمگەكنىڭ ھالال نېنىنى يەيدىغان توغرا يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلارغا شۇنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەككى، جىسمانىي ئەمگەك ياراتقان بىر خىل ماددىي مەھسۇلاتلارنى ماگىزىنغا قاتار تىزىپ قويسا، ھېچكىمنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرىمايدۇ، لېكىن ئىجادىي ئەمگەك يارىتىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر بىر خىل

بولۇپ قالسا، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ پىكرى توغۇلۇدۇ، ئۇلار ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئەڭ يېڭى مەنىۋى ئوزۇقلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ باي ھەم كۆپ تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قىممىتىمۇ ئاساسلىقى، ئۇنىڭ يېڭىلىقى ھەمخاسلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. خاسلىقتا، يېڭىلىقتا ئىگە بولمىغان «ئەسەر» نى «ئىجادىيەت» دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھەر قانداق بىر ياش ھەۋەسكارنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشى ئۈچۈن، مەلۇم بىر جەريان كېرەك بولۇدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بەزىبىر سۈپەتسىز، خام ئەسەرلەرنى يېزىشىمۇ مۇمكىن، ئەگەر ئۇ ئەقىل - پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، ئۈزلۈكسىز مەشىق قىلسىلا، سۈپەتلىك، پىششىق ئەسەرلەرنىمۇ ۋۇجۇتقا چىقىرالايدۇ، لېكىن ئۆز مېڭىسىنى ئىشقا سالماي، پەقەت باشقىلارنىڭ ئەقىل جەۋھەرلىرىنى ئوغرىلاش بىلەنلا ھەپىلەشىدىغان كىشىلەر بۇ يولنى نەچچە ئون يىل باسسىمۇ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئورتاق ئېتىراپ قىلىشىغا ئىگە بولغۇدەك، مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالىغۇدەك بىرەر پارچە ئىجادىي ئەسەرنىمۇ يېزىپ چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىزدە «ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلغان بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى سېتىپ پۇل تېپىش نومۇسسىزلىق ھېساپلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ ساپ نىيەتلىك كىتاپخانلىرىمىز ياش دوستلارنىڭ بۇنداق يولدا ماڭماسلىقىنى سەممىي ئۈمىت قىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، مەلۇم بىر ئاپتورنىڭ باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالمىغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئادىل، ئېھتىياتچان، راستچىل بولۇشقا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سوبيېكتىپ قىياسنى، پەرەزنى، مۆلچەرنى، گۇماننى، شەخسى غەرەزنى پاكىتلارنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەندە، ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، بىگۇنا ئاپتورلارنى ئورۇنسىز ئەيىپلەيدىغان نورمالسىز ھادىسىلەر يۈز بەرمەي قالمايدۇ. ئاق - قارىنى ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىتاپخانلارنى قايىل قىلالمىغان، ئاساسسىز، قارام تەنقىدنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي قىممىتى بولمايدۇ، جۈملىدىن، ئاپتورلارغىمۇ ئەمەلىي پايدىسى تەگمەيدۇ. بىزنىڭچە، ناچار ئەدەبىيات ئىستىلنى پەقەت تولۇق پاكىتلارغا ئاساسەن توغرا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئىلمىي ئۇسۇل ئارقىلىقلا ئۈنۈملۈك چەكلىگىلى بولۇدۇ.

ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق يولداشلار، ئۆزىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ، بىر بىرىدىن يېڭى، بىر بىرىدىن سۈپەتلىك، بىر بىرىدىن ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى ئىجات قىلىپ، سۆيۈملۈك خەلقىمىزگە تەقدىم قىلايلى!

---

(بېشى 87 - بەتتە)

15 مىنۇتقىچە يەتمىدى. مەن ھاشىم بوۋامنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ 10 قەدەممۇ ماڭمىغان ئىدىم، كۆچلۈك بىر قول كېلىپ قولۇمنى قايرىدى، ۋاقىراي دېيىشىمگە ئاغزىمغا لۆڭگە تىقىلدى، ئاندىن چەمبەرچەس قىلىپ باغلاندىم.

— ئىككىڭلار بۇ ھارامزادىنى ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى بىرسى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھوشۇر ئىكەنلىكىنى تونۇدۇم.

(داۋامى بار)

# شېئىرلار

## قۇربان ئىمىن

بارمۇ دۇنيادا مۇرات ـ ئارمانىغا يەتكەن كىشى،
تاش چېپىپ، ئۆستەڭ ئېلىپ بوستانىغا يەتكەن كىشى؟
يوق ئىكەن ئىشق ئەھلىنىڭ داستانىنى ۋاراقلىسام،
تارتىسىمۇ مىڭ بىر جاپا، جانانىغا يەتكەن كىشى.
بىزدە بار ئارزۇ گۈلى گۈللەپ ئېچىلغان قەھرىمان،
بەختىيار بولدى بۇ ھۆر دەۋرانىغا يەتكەن كىشى.
كىمكى سۆيسە كەسپىنى ئاخىر مۇرادى ھەل بولۇر،
قەدرىنى بىلگەي كېرەك دۇردانىغا يەتكەن كىشى.
بىر پىيالە چاي بىلەن قىلدى تەشەككۈرنى بايان،
بۇ سائادەت پەيتىدە مېھمانىغا يەتكەن كىشى.

## بۇلبۇل ناخشىسى

ھاياتىم ئۆتتى سەرسانلىق ۋە سەرگەردانلىقتا، غۇربەتتە،
چېلىپ كەلدىم ساتارىمنى رىيازەتتە، مۇھەببەتتە.
مۇقامىم ياڭرىدى قەشقەر، خوتەن، يەركەن دىيارىدا،
تېرىقچە كۆرمىدىم راھەت ئاقاردى چاچمۇ كۈلپەتتە.
ياشانغان چاغدا مەن يەتتىم سائادەتنىڭ باھارىغا،
گۈلىستان بۇلبۇلى كۈلدى سەھەردە — ياخشى پۇرسەتتە.
خوشالمەن خەلق بىلەن بىللە، ۋەتەنگە بارلىقىم تەقدىم،
باسارمەن ئەل بىلەن بىللە يەنە ئالغا داۋامەتتە.

## باھار كاككۇكى

(ناخشىچى ئايشەم ئىبراھىمغا مەدھىيە)

ئېيت ناخشاڭنى، ئەي كاككۇك، سۆزلىرىڭ ئىپار ـ ئەنبەر،
تاغلار ئاڭلىسا تەۋرەر، دەريادا كۆلەر كەۋسەر.
بۇلبۇل گويا كۈلگەندەك ئېيتساڭ ناخشا يېقىملىق،

رىتىمىدىن ئازغاندەك خۇشال تېپەر - يۈرەكلەر.
ئەككى قولۇم كۆكسۈمدە، رەھمەت دىدىم يىراقتىن،
ناخشىلارنىڭ بۇيىدىن دىلىم بولغاچ مۇئەتتەر.
ناخشاڭنىڭ خېرىدارى، خۇشتارى، ھەۋەسكارى،
ھەم ئوتلۇق پىداكارى — مەنمۇ كۈن - تۈن، تاڭ سەھەر.
ناخشا ئېيتىپ تۇغۇلدۇم، ناخشا ئېيتىپ ئۆلەرمەن،
ناخشاڭ بىلەن كۈلەرمەن، كۈلسەم جاھان تەڭ كۈلەر.
سېنىڭ ناخشاڭ يۈرەكتە دولقۇنلايدۇ بۆلەكچە،
شۇنداق نەپىس، مەردانە ... خەلقىم شۇڭا بەك سۆيەر.

## يېقىملىق

(ياش ناخشىچى ھەبىبە ئىبراھىمغا بېغىشلايمەن)

تورغاي دىسەم سەھەردە سايرىشىڭىز يېقىملىق،
قەلبىم بېغىدا ھەر كۈن يايرىشىڭىز يېقىملىق.
سىز ئېيتقاندا ناخشىنى قۇلاق سالۇر يەرۇ - كۆك،
كەلگەي زىمىن لەرزىگە، ئاۋازىڭىز يېقىملىق.
ئۇزۇمزاردا تۇرۇپسىز، بەزمە - مەشرەپ قۇرۇپسىز،
ناخشىلار ئاسماندا پەرۋازىڭىز يېقىملىق.
خېلى چاغدىن خۇمارمەن ناخشىڭىزغا بۆلەكچە،
يۈرەكلەرگە ئوت سالغان ئەشئارىڭىز يېقىملىق.
سىزنىڭ ھەر بىر ناخشىڭىز جانغا ھوزۇر - ھالاۋەت،
روھىي ئوزۇق ئالامەت، مۇزىكىڭىز يېقىملىق.
ناخشىڭىزنى تۇرپاننىڭ كىشمىشىگە ئوخشاتتىم،
دىلدا قالدى تاتلىغى، ئىجادىڭىز يېقىملىق.
ئېلىڭ ئىجات كانىدىن ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىر،
بولسۇن ئىلىم - بىلىمگە بەرداشىڭىز يېقىملىق!
رۇناق تېپىڭ ئەي گۈزەل، غەيرەت قىلىپ ھەممىشەم،
سالام يازدى قەشقەردىن قۇربانىڭىز يېقىملىق!

# غەزەللەر

### روزى سايىت

(1)

**يار** جامالى ئايغا ئوخشايدۇ، يۈزى كۈنگە گويا،
كۆزلىرى ئاھۇ، لېۋى، مەڭزى قىزىلگۈلگە گويا.

بېقشى جاننىڭ ھۇزۇرى، كۆلكىسى بۇلبۇل مەسەل،
قەلبى ئوخشايدۇ بەئەينى پەسلى گۈلگۈنگە گويا.
مېھرىنىڭ ئىللىقلىغى — چاڭقاق يۈرەكنىڭ شەرۋتى،
بۇسەسى بىمارغا مەلھەم، بەھرى مەجۇنگە گويا...
تاپتى پەرۋىش يار مېنىڭدىن، مەن ئۇنىڭدىن، راست بۇ گەپ،
ئەسلىدە ئوخشايتتى ئۆتمۈش ھالىمىز تۈنگە گويا.
ھە، شۇڭا يار - جان ۋەتەننىڭ يارىمەن، يارىم ۋەتەن،
سۆيگۈ مېھرىم ئايلىنار ئىشقىدا كەلكۈنگە گويا.

(2)

بەھرى ئاپتاپ نۇر - زىيىاسى ياغىرىدى،
تاڭدا بۇلبۇللار ناۋاسى ياڭرىدى.
كۆلدى كۆكلەمگە ئېرىشكەن جان - ھايات،
يۇرتتا شاتلىقنىڭ ساداسى ياڭرىدى.
«كەلدى بۇ يىل باشقا يىللاردىن بەلەن»
ھەر لەۋىزنىڭ شۇ باھاسى ياڭرىدى.

تولدى ئەتراپ شات گۈلگە لىققىدە،
ئالغا ئۆرلەشنىڭ جاكاسى ياڭرىدى.
چۇشتى دۇلدۇللار چېپىشقا - بەيگىگە،
غەلبە كۈيى ئىپتىداسى ياڭرىدى.
يولدا كارۋان، تەۋرىدى شەرق ئالىمى،
كۈيچىنىڭ ھەمدۇ - ساناسى ياڭرىدى!

(3)

سەن ئۆزەڭنى «شايى، ئەتلەس» كۆرۈۋسەن،
ئەلنى ئىلماي كۆزگە بەك «پەس» كۆرۈۋسەن
قويۇسەن ئۈستۈن ئەمەلنى بارچىدىن،
ئەمىلىڭدىن باشقىنى «خەس» كۆرۈۋسەن.
ۋا دەرىخ! مەنسەپ تەمەننا كېسلى،
شۇ كېسەل كۆزنى توسۇپ تەس كۆرۈۋسەن.
بولسا گەپ خىزمەت، پىلان، ئىش ھەققىدە،
داققۇ - دۇق ئاڭلاپ ئۇنى «نەس» كۆرۈۋسەن.
گەر خوشامەت رومكىسىدا كەلسە مەي،

ئىچىلىپ چېھرىڭ، بولۇپ مەس، كۆرۈۋسەن.
سەن خەلقنىڭ چاكىرى — ئەلگە ۋەكىل،
ئاينىساڭ بولمايتتى ھۆددەس①، كۆرۈۋسەن.
بىل، ئەمەل - چەن مەنىدىن خەلق خىزمىتى،
«ئىمتىياز» قىلساڭ ئۇ رەت، بەس، كۆرۈۋسەن.
دەۋرىمىز كەمتەرگە ئامراق، ئەستە تۇت،
غادىيىپ ئالساڭ بۇ ئەتكەس، كۆرۈۋسەن.
ساقلا پاك، ئادىل، زېرەك ئەسلىڭنى سەن،
بولما بىر «كەسمەس» ۋە «ئۆتمەس» كۆرۈۋسەن.

(4)

ئانىجان، مەن تاۋاپ قىلدىم زەرەتگاھىڭنى،
يېشىم يۇدى تۇپراق بېشىك — قەۋرىگاھىڭنى.
خىتاپ قىلدىم: بولساڭ ئىدى بۇ كەمدە ھايات،
بىلىدىكەن زامان تۆھپەڭ ھەم باھايىڭنى،
توزۇپتىكەن ئۆمرۈڭ گۈلى مەزگىلىدىن بۇرۇن،
كۆمۈپ دىشۋار قۇيۇنلىرى ئىزۇ - پايىڭنى.
مۇھتاجلىقنىڭ يۈكى ئۇ چاغ بېسىپ يەلكەڭدىن،

① ھۆددەس — مۇتلەق.

بۇغۇچلىغان چوڭ «داشقازان» ئىشتىھايىڭنى.
مانا، ئەمدى ئەمگەكچىگە باقتى زامانە،
دەۋران رىئال قىلدى ئۇمىت ـ مۇددىئايىڭنى.
بۇ كەملەردە كۆرمەيدىغان بولدۇق ئانىجان،
سىنىڭ تارتقان مۇھتاجلىغىڭ، مۇڭ، جاپايىڭنى.
ئېسىڭدە بار، بىر كۈنى مەن يىغلىسام «نان!» دەپ،
دىدىڭ: «بالام، كىممۇ ئاڭلار ئەرز ـ سادايىڭنى.
ئۆيدە ئاش يوق، قولدا پۇل يوق، ئاناڭ ئامالسىز،
ئەزمە دىلنى، بولدى، بەس قىل ئاھۇ ـ ۋايىڭنى.
دىخان خەقنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوڭشىلار بىر كۈن،
يەرمىز توقاچ، سەن ئىچەرسەن قەندۇ ـ چايىڭنى ... »
بىلگەندەكلا دەپتىكەنسەن راست چىقتى گىپىڭ،
ئىقتىسادىي سىياسەتتە كۆردۈم رايىڭنى.
ئەپسۇس، ئانا، بولماي قالدىڭ بەختىيار كۈندە،
تىڭشايدىكەن زامان ئەمدى ئىلتىجايىڭنى.
بالاڭ بۇ دەم «ئون مىڭ جىڭچى» ـــ ھۆسۇلدار دىخان،
قوش قاتلايمەن ـــ ئون مىڭ جىڭ ئاز كۆرگىن غايەمنى.
ئارزۇغا ماس كۈنلەر كەلدى ـــ ماختايمەن شۇڭا،
مەڭگۇ تىنماي پارتىيىنى ـــ قىبلىگاھىمنى.

# ئىپتىخاردىم

## ھەبىبۇللا ئوسمان

(رەسسام غازى ئەھمەتنىڭ چوڭ تىپتىكى ماي بوياق رەسىمى «مۇقام»
نى كۆرگەندىن كىيىن)

سىزىپسىز، ئەي چىۋەر رەسسام، «مۇقام» نامىدا جەۋھەرنى،
قىزىپسىز تەكتىگە شۇڭغۇپ دىڭىزدىن ئۈنچە گەۋھەرنى.

گويا بىر ماھى چولپاندەك ئۇنىڭ ھۆسنى قىلۇر مەپتۇن،
قارايمەن بىقارار ئاشىق كەبى دىيارىغا ھەر كۈن.

«مۇقام» رۇخسارىغا باقتىم، بولۇپ ھەيرانە ـ ھەيرانە،
سىزدىپ جەننەت ھوزۇرىنى قىلىپ سەيلانە ـ سەيلانە.

مۇقامدۇر خەلقىمىز سۆيگەن، باھاسىز غەزنىمىز بىزنىڭ،
جاھان ئەھلىگە تارىختىن ئاياندۇر بەزمىمىز بىزنىڭ.

نامايان ئەيلىگەن رەسسام، باھاسىز غەزنە — كانىمنى،
چىكىپ ئۆتتى جىمى ئەل - يۇرت كەبى، ئىلھام تارىمنى.

ئەنە، سازەندە ھۆرمەتلىك مۇقامچى پەشۋا ئەجدات،
ئۇلاردۇر ھەمنەپەس، ھەمدەم مىراسخور ئىز باسار ئەۋلات.

ساتايۇ، قالۇنۇ، تەمبۇر ئاڭا جۆر داپ بىلەن دۇتار،
غىجەكۇ ھەم راۋاپ بىرلە جاراڭلار مەۋج ئۇرۇپ خۇشتار.

چېكىپ چاڭ تارىنى جانان، تۈمەن بۇلبۇلنى ئويغاتتى،
مۇقام، مەشرەپى، مەرغۇللار ساماغا ئەلنى ئويناتتى.

ئەنە، چالماقتا جۈپ پالۋان مىراس چالغۇ — قوشۇق، تاشنى،
بولۇپ جۆر ناغرىغا سۆنەي قىلۇر مەپتۇن جىمى ياشنى.

مۇقاملار ئەۋجى ئىشقىدا ساپايى تەڭكىشى جۇشقۇن،
ئەزىم دەريا كەبى كۆيگە بولالماس ھەر بالا توسقۇن.

كېزەرمەن ھەر قېتىم كۆرسەم سېنىڭدىن گۈل دىيارەمنى،
باسالماسمەن غۇرۇرىمدىن بۇ چەكسىز ئىپتىخارەمنى.

ئىجات تولغان ئىپار ئوخشاش قويۇق مىللى پۇراقلارغا،
ئاتا قىلغان تىرىك ئوبراز، بىرىپ زىننەت بوياقلارغا.

ئىسىلدىك پايتەختىمنىڭ تۆرى كۆرگەزمە زالىغا،
جۇلا ئەيلەپ چېقىپ كۆزنى، بولۇر مەپتۇن نىگارىغا.

ۋەتەن، ئەل ئەيلىدى تەھسىن، ئۇنىڭسىز يوق پانا ھەرگىز،
ئىجات - مېھنەت ھامان ئۆچمەس تۈمەن ئەۋلات ئارا ھەرگىز.

## شېئىرلار

**مەتىمىن بارى**

### تۇرپان

تۇرپان — ئەلگە مەشھۇر ئويمانلىق،
بەك ئۆزگىچە ئۇنىڭ تۆت پەسلى.

ۋاراقلىساق تارىختا ئۆتكەن
باتۇرلارنىڭ شۇ يەردە نەسلى.

## ئەتىياز

تۇرپانلىقنىڭ چىۋەرلىگىنى
تۇلپارلارغا قىلدىم مەن قىياس.
تەكنى ئىچىپ باراڭ ياسايدۇ
ئوغۇت بېرىپ كەلسە ئەتىياز.

## يازدا

هارارىتى گويياكى تونۇر
گەر بارسىڭىز تۇرپانغا يازدا.
جانغا راھەت كارىز سۇلىرى
بەك ئوخشايدۇ ئۈزۈم ۋە پاختا.

## كۈزدە

سەيۋە، كىشمىش پەۋەس ئىپسلغان
ئىگىز - ئىگىز مۇناردەك چۇنچە.
مەرۋايىتتەك تۇرار پارقىراپ،
كۆزلىرىڭىز قامىشار شۇنچە.

## قىشتا

ئاياللىرى ئۈزۈم پارلايدۇ
تىنىم تاپماس ئەرلىرى ئىشتا.
ماي پۇتۇنلەي قازان - چۆمۈچى،
گەر بارسىڭىز تۇرپانغا قىشتا.

## كارىز

سىرغىپ كىرىلەر تاغنىڭ تەكتىدىن
چەشمە زۇمرەت كارىزنىڭ سۈيى.
ئوت يۇرتىنىڭ تومۇرلىرىغا
ئۈزۈلمەستىن سىڭەر يىل بويى.

## سۇ ئىچكەندە

زەم - زەم سۇنى قىنىپ ئىچكەندە
ئۇنۇتمايلى قۇدۇق قازغاننى.
خەلق ئۇچۇن تۆھپە يارىتىپ،
پاك قىنىدا تارىخ يازغاننى.

## قۇم

تۇرپانغا مەن نەچچە رەت باردىم،
قۇملىرىدىن شىپالىق ئىزلەپ.
مەنلا ئەمەس قۇمغا كۆمۈلۈپ
ساقايغانلار بار ئىكەن يۈزلەپ.

## قىزىل دەيۋە سۈرىتىگە بېغىشلىما

تۆردىن ئورۇن ئالغان سۈرەتكە
نەزەر تاشلاپ تىكىلسەم قاچان،
مەي باغلىغان بىر ساپاق ئۈزۈم
كۆز ئالدىمدا بولار نامايان.
يېشىل ياپراق، تاۋلانغان ئۈزۈم
يەيدۇ گويا كۆزنىڭ يېغىنى.

ئۆي - ئۆيلەردە شۇ نەپىس سۈرەت،
ئەسلىتىدۇ تۇرپان بېغىنى.
ئەتىۋالاپ شۇڭا مەن ئۇنى
ئىلىپ قويدۇم ئەينەك رامكىغا.
ئەكس ئەتكەچ ئەجرى باغۋەننىڭ
قىممىتىدۇر ئۇنىڭ بىباھا.

## بۆگۈن

ئەسلى تۇرپان يېپەك يۇرتىنىڭ
تارىخلاردا بولغان تۆگۈنى.
گەر پۈتمىسەڭ كېلىپ كۆرۈپ باق،
شۇنچە گۈزەل ئۈنىڭ بۆگۈنى.

# چىرايلىق

### ھەجەرگۈل قاسىم

گۈزەللىك بابىدىن ھەر كىشى سېنى
ئوخشىتار چاقنىغان چولپان يۇلتۇزغا.
قاشلىرىڭ ئەسلەتسە بەرگى قىياقنى،
چاچلىرىڭ ئوخشايدۇ قارا قۇندۇزغا.

كۆرگەندە ئەينەكتە نۇرلۇق چىرايىنى،
پەرىلەر شاھى مەن ھەرگىز دىمىگىن.

تۇرۇسەن ھەر سەھەر ئەينەك ئالدىدا،
بۇنى سەن «ئەجىر» نىڭ مىۋىسى دىگىن.

پەرىلەر باغدا بولساڭمۇ سولتان،
پەقەت سەن ۋاقىتلىق گۈزەل بىربەندە.
خالىساڭ مەڭگۈلۈك گۈزەللىكنى سەن،
دىلىڭنى بېزىگىن ئىلىم ۋە پەندە.

# شېئىرلار

### مۇھەممەت ئىمىن ئەخەت

## نۇر قەسىدىسى

ئۇپۇق گۈلگۈن، ئۇپۇق گۈزەلدۇر،
گۈزەللىگى جەننەتكە ئەنداز.
جۇلالايدۇ ئوتقاشتەك يۈزى،
كېلىنچەكتەك قىلىپ جىلۋە - ناز.

ئۇپۇق تۇغدى شۇدەم قۇياشنى،
ھارارەتلىك نۇر تۆكتى قۇياش.

كەڭ كائىنات نۇرغا تەشنادۇر،
ھايات نۇرسىز مەڭگۈ ياشالماس.

پەرۋانىمەن نۇرنىڭ ئىشقىدا،
ھوزۇر ئالغاچ نۇرنىڭ ۋەسلىدىن.
بىلسەڭ ئەگەر، ئەزىز دوستلىرىم،
ئەجدادىمىز قۇياش نەسلىدىن.

## ئېتىز

ئىخ، ئېتىز — يالقۇنلۇق مېھنەت قاينىمى،
سەن ھەردەم قوزغايسەن دىللاردا شاتلىق.
قاينىغان باغرىڭدا ھايات بايرىمى،
سەن بىلەن ياشىرار، گۈللەر ھاياتلىق.

سەندۇرسەن پاك تەرنىڭ گۈزەل ئاشناسى،
ئىنسانلار كۆكسۈڭگە تاقايدۇ بىزەك.
سەن گويا دىخاننىڭ ئەزىز رەناسى،
ھاياتلىق سەن بىلەن مەڭگۈ قوشكېزەك.

سېخىلىق بابىدا ھاتەمسەن گويا،
ھەر چىمدىم توپاڭمۇ تۇتىيا ــ ئەزىز.

قوينۇڭدا تەر تۆكۈپ پاك ئەجرىم بىلەن،
بايلىغىم، بەختىمنى تاپىمەن چەكسىز.

## تامچى ۋە شائىر

تامچى ئۇستام خىشلارنى قويۇپ،
ئارقىدىنلا ئۆينى سۇۋايدۇ.
شائىرلىقتا بەزەن دوستلىرىم،
شۇ ئۇستىنى قويماي دورايدۇ.

چاپلاپ قويساڭ تامچىدەك سۇۋاق،
تامدەك تۇرار يازغىنىڭ بىر خىل.

خىش تىزغاندەك تىزىپ قويسىلا،
قاپىيىلەر بولماس شېئىر، بىل!

شېئىر دېمەك ــ يۈرەك يالقۇنى،
ھېسسىياتنىڭ قاينام بۇلىغى.
گەر بولمىسا ئۇندا ھېسسىيات،
شېئىرىڭنىڭ نېمە كېرىكى؟

# ئىككى شېئىر

زەينەپ تۆمۈر

## ئانا ئارزۇسى

ئۇماق قىزىم شىرىنئاي،
سەندىن ئايلىناي.
بۇدرۇقىنە يۈزۈڭنى،
دەيمۇ تولۇنئاي.

دەۋرىڭ بۈگۈن بەرگەچكە
ھۆرلۈك، پاراغەت.
ئۇرغۇپ تۇرار سېنىڭدە،
ئەقىل ـ پاراسەت.

كۆزلىرىڭدۇر خۇمالىق،
چىشلىرىڭ ئۈنچە.
لەۋلىرىڭدۇر گوياكى
ئېچىلغان غۇنچە.

ئېلىپ باراي، جان بالام،
سېنى مەكتەپكە.
مەرىپەتنىڭ ئۇچىغى،
مىسلى جەننەتكە.

بۇلۇت ئوخشاش دولقۇنلۇق
قاپ ـ قارا چېچىڭ.
ئالتە يىلنى بېسىپ ئۆتتى
ئەمدىلا يېشىڭ.

ئۈمىدىم كۆپ سېنىڭدىن،
ئوقۇپ بىلىم ئال.
جەمىيەتكە يارامىلىق،
ئادەم بولۇپ قال.

## گۈل

گۈل ئۈستۈردۈق تاشتەكتە،
رەڭمۇ ـ رەڭ ئەڭ خىلىدىن.

ھوزۇرلاندى دىماقلار،
گۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن.

ئېلىپ قويدۇق تەكچىگە
قۇياشتىن نۇر ئەمسۇن دەپ.
جۇلالىنىپ چىرايلىق،
ئۆيگە زىننەت بەرسۇن دەپ.

قىش كۈنىمۇ شۇ گۈلدىن
ياز ھۆسنىنى كۆرۈمىز.
بۇلبۇل ناۋا ئەيلىگەن
باغ پەيزىنى سۈرۈمىز.

# سەھەر تەسىراتى

**مۇتەللىپ مەھەممەت**

پۈركەندى ئالتۇندەك نۇرغا كائىنات،
تاڭ سەھەر ئۇپۇقتىن چىققاندا قۇياش.
ياپراقلار مەڭزىدە چاقنايدۇ زىبا،
بۇلۇتلار رەڭلەنگەن، مىسالى ئوتقاش.

بۈركۈتلەر پەي سىلكەر قارلىق چوققىدا،
تىكىلگەن يىراققا ئۆتكۈر كۆزلىرى.
زاۋۇتلار گۈدۈگى مىسالى ناخشا،
يايرايدۇ مەكتەپتىن ئۇستاز ئۈنلىرى.

سۆيۈدۇ يۈزلەرنى يۇمشاق شاماللار،
باغلاردىن خۇش پۇراق ھىدلارنى توشۇپ.
كېلىدۇ كاككۇكلار ئۈنى بوستاندىن،
تورغايلار سايرايدۇ ئېتىزنى قۇچۇپ.

ياپ - يېشىل مايسىلار جىلۋىدار شۇنچە،
قۇياشنىڭ ئوت تەپتى چۈشكەچ غولىغا.
بۇلبۇلغا ئىشقىنى سۆزلەيدۇ غۇنچە،
بارچە جان چۆمۈلگەن شاتلىق قوينىغا.

# رۇبائىيلار

**كېرىم مىجىت**

باغۋەنلەر ئەجرىدىن ئۇلغايدى بىلىم،
غەيلەتتىن ئويغىنىپ ياشاردى دىلىم.
بىر ئۆمۈر ئۈگەنسەم ئەلگە نەپ بەرسەم،
لالىدەك گۈللەرگە پۈركەنسە ئېلىم.

×

مۇشەققەت تاغىنى كەزگەندە دۇلدۇل،
مەرىپەت باغىدا سايرايدۇ بۇلبۇل.
باغۋەنلەر تېرىدىن ئالماي ھىد بوياق،
چىمەندە ئېچىلماس خۇش پۇراقلىق گۈل.

×

بۇرادەر، چاچلىرىڭ ئاقاردى دىمە،
بىلەمسەن، تېنىم ساق. مەندىن غەم يىمە.
يەلكەمگە ۋەتەننىڭ يۈكىنى ئارتىپ،
ئوكياندا كاراپتەك ئۈزۈمەن يەنە.

×

كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭ لەۋزىمگە ئىشەن،
يالغاندىن سالمىغىن تىلىمغا كىشەن.
ياغلىما تىللارنىڭ قولى كۆكسىدە،
ھۇشيارمەن ئۇلارغا قىلمايمەن پىسەنت.

×

بەزىلەر كېلىدۇ تولىمۇ سەگەك،
ۋە لېكىن كۆڭلى تۈز، سىرىنى بەگەك.
باپلايدۇ ئۇلارنى تۈيدۇرماي تۇرۇپ
دائىما ھەسەلنىڭ قىلىنى تەگەك.

×

ساختىلارنىڭ ئۆمرى بارماس ئۇزاققا،
تاپان تاراپ بىر كۈن چۈشەر توزاققا.
باشقىلارغا ئورا كولاپ ئۆتكەنلەر
ئۆلمەي تۇرۇپ بولار بەندە دوزاققا.

×

ئىش دىسە كاززاپلار مۆكەر دالدىغا،
راھەتنى كۆرسە گەر چىقار ئالدىغا.

غۇلاچتا گەزلەيدۇ غىرىچ ئىشنى،
باشقىنى ئىتتىرىپ كۆتەك پالتىغا.

×

ھەركىمدە ھەر ياڭزا ئارزۇ ۋە تىلەك،
ھەل بولۇر كۈتكىنى تۇرگەندە بىلەك.
تەشناغا بىر چىنە سۇنى بېرىشچۈن
ھەرپەت بۇلغىدىن توشقازغىن چىلەك.

# ۋەتەننى گۈلگە پۈركەيلى

**دىلبەر جۈمە**

**(ئوقۇغۇچى)**

كىشگە بىر قېتىم كەلگەي ئۆمۈرنىڭ گۈل چېغى ياشلىق،
ئۇنى سەن مەنىلىك ئۆتكۈز، بىھۇدە قىلما بەگۋاشلىق.

ئۆمۈر گوياكى ئاتقان ئوق، كېتىپ قالسا يېنىپ كەلمەس،
نادانلار ئۆتكۈزۈپ سۇدەك، ئۆمۈرنىڭ قەدرىگە يەتمەس.

كىشىنىڭ ياشلىغى نۇرلۇق، سەھەرنىڭ چولپىنى ئوخشاش،
ھايات پارلايدۇ ئۆچمەيدۇ، بىلىمنى قىلسا چىن يولداش.

كىشى ئۆلمەي، ياشاش مەڭگۈ ئەمەس مۇمكىن بۇ دۇنيادا،
ئىجاتچى ئۆلسىمۇ ئاخىر، ياشايدۇ نامى دىللاردا.

خىيالىمدۇر مېنىڭ دائىم ئۆگەنسەم كۆپ ئىلىم ـ پەننى،
ئىجادىمدىن رىزا قىلسام، سۆيۈملۈك جان ۋەتەن ـ ئەلنى.

ماڭا ھاجەت ئەمەس ھەرگىز، ياسانچۇقلۇق بىلەن پەداز،
ئىرادەم شۇ قانات قاقسام قىلىپ پەن كۆكىدە پەرۋاز.

بىلىمنىڭ يوللىرى مۇشكۈل، ئاڭا لازىم چىدام ـ غەيرەت،
بۇ يولدىن زادى قايتمايمەن، جاپاسى مەن ئۈچۈن راھەت.


كېلىڭلار، ئوت يۈرەك ياشلار، بىلىمدە ئالغا ئۆرلەيلى،
زامانلاشماق ئۈچۈن جەڭدە، ۋەتەننى گۈلگە پۈركەيلى.

## ئەدىبلەر مۇنبىرى

تەھرىر ئىلاۋىسى:

تەھرىر بۆلۈمىمىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ، «ئەدىبلەر مۇنبىرى» سەھىپىسى ئاستىدا سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇئەييەن تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلارنى داۋاملىق تونۇشتۇرۇدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سەھىپىسى ئالدى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىغا بېغىشلىنىدۇ.

### تالانتلىق يازغۇچى ۋە دراماتورگ — زۇنۇن قادىر



زۇنۇن قادىر 1912 - يىلى 6 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ دۆربىلجىن ناھىيىسىدە شەھەر كەمبەغەلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 3 ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسى غۇلجا شەھرىگە كۆچۈپ بارغان. 1919 - يىلى ئۇ دىنىي مەكتەپتە ئىككى يىل ئوقۇپ، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلىغان. 13 ياشقا كىرگەندە، دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەن، شۇندىن ئېتىبارەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا چارىسىز قېلىپ، تاكى 1935 - يىلىغىچە، بىر تەرەپتىن، دادىسىدىن مىراس قالغان بىر ئاز يەردە ھاللىق دېخانلار بىلەن ئوتاقچىلىق قىلغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەرنىڭ ئىشىگىدە ئۇششاق - چۈششەك، يۈگۈر - يېتىم ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان. 1935 - يىلى يازدا غۇلجىدا ئېچىلغان ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىدا بىر يىل ئوقۇپ، ئاندىن غۇلجا شەھرىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1937 - يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە 2 يىل، ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك ئالىي تېخنىكومىدا 3 يىل ئوقۇغان. ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا خۇاڭ خوچىڭ، لىن جىلۇ قاتارلىق يولداشلار يېتەكچىلىگىدىكى «فەندىخۇي» (جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئۇيۇشمىسى)غا قاتنىشىپ، يېڭى مەدىنىيەت ھەركىتىدە ئاكتىپ رول ئوينىغان. 1941 - يىلى غۇلجىغا بېرىپ، ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارمىقىدىكى سانائى نەپىسە (سەنئەت ئۆمىكى)دە ئارتىست، ئىجادىيەتچى، رېژىسسور، دېكراتور ۋە قوشۇمچە ئىجادىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، مائارىپ بۆلۈم باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى پارتلىغان كۈنلەردە ھەربى مۇخبىر

AltunOq

بولغان. 1945 - يىلدىن باشلاپ «ئىنقىلاۋىي ياشلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئورگان ژورنىلى «كۆرەش»، «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى»نىڭ ئورگان ژورنىلى «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت - ژورناللاردا مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1951 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە غۇلجا قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1954 - يىلدىن ئېتىۋارەن ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئىجادىيەت بۆلۈمىدە ئىشلەشكە كىرىشكەن. 1957 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ — ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

زۇنۇن قادىر كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى، مەددالارنىڭ قىسسە ۋە جەڭنامىلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىغان. خەت - ساۋادى چىققاندىن كېيىن ناۋايى، مەشرەپ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇشقا كىرىشكەن، ئوبۇلقاسىم پىردەۋسىنىڭ «شاھنامە»، شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان، پۇشكىن، ل. تولستوي، گوگول، چېخوپ قاتارلىق رۇس كىلاسسىكلىرى بىلەن ئۇلۇغ پرولېتارىيات يازغۇچىسى ماكسىم گوركىنىڭ تاتار ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى، سەدرىددىن ئەينى، ئابدۇللا توقاي، ئۆمەر مۇھەممەدى، نۇر ئىسرايىل قاتارلىقلارنىڭ رومان، پوۋېست ۋە ھېكايىلىرىنى ئوقۇغان. بۇ ھال ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن.

زۇنۇن قادىر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە 1936 - يىلدىن باشلاپ كىرىشكەن. مەرىپەتچىلىك تەرغىب قىلىنغان «جاھالەتنىڭ جاپاسى» ناملىق 3 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى ئۇنىڭ جامائەتچىلىككە تۇنجى تەقدىم قىلغان ئىجادىيەت مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇنىڭ «غۇنچەم»، «گۈلنىسا»، «ئۇچراشقاندا» قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق دىرامىسى ئارقا - ئارقىدىن ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇندىن تاشقىرى «غېرىپ - سەنەم» 1943 - يىلى غۇلجا سەھنىلىرىدە ئوينالغاندا، زۇنۇن قادىر ئۇنىڭغا «شىكار ئۈستى» ۋە «مەكتەپ» قاتارلىق 2 پەردە ۋە بىر قانچە كۆرۈنۈشلەرنى قوشۇپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن. 1956 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تىياتىر كۆرىكىدە ئۇنىڭ 1954 - يىلى يېزىلىپ، 1955 - يىللىرى شىنجاڭ سەھنىلىرىدە ئوينالغان «توي» ناملىق دىرامىسى 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر سەھنە ئەسىرى بولۇپ باھالىنىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

1945 - يىلدىن باشلاپ زۇنۇن قادىر دىراما ئىجادىيىتى بىلەن بىللە يەنە ھېكايە، مەسەل ۋە شېئىرىيەت بىلەنمۇ ئىزچىل شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلغار سىياسى، ئىستىتىك قاراشلار سىڭدۈرۈلگەن ئەدەبىي، سىياسى ئوبزورلىرىمۇ جامائەتچىلىك ئىچىدە خېلى چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان.

ئازاتلىقتىن كېيىن زۇنۇن قادىرنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ، ئۇن يىلغا يەتمىگەن قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە سەرگۈزەشتە خاراكتېرلىق «غەزەپ» ناملىق رومانىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل لايىھىسىنى، «غېرىپ - سەنەم» دىرامىسى ۋە «غېرىپ - سەنەم» كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ چىققان ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ ئەسەرلەر 10 يىللىق مالىمانچىلىقتا يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئىككى دىراما، 10غا يېقىن ھېكايە يېزىپ، سوتسىيالىستىك

مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئون يىللىق مالىمانچىلىققا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، زۇنۇن قادىر ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يەنە كىرىشىپ 1981 - يىلى تېيىپجان ئېلىيوپ، ئېلى ئېزىز قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىرلىكتە، «غېرىپ - سەنەم» كىنو سىنارىيىسىنى يېزىپ چىقتى، 3 پەردىلىك سەھنە ئەسىرى «گۈلنىسا»نى 5 پەردىلىك قىلىپ ئۆزگەرتىپ قايتىدىن ئىشلىدى، كىنو رىژىسسورى يولداش ئابدۇللا بىلەن بىرلىشىپ «غۇنچەم» دىرامىسىنى سىنارىيىلەشتۈردى. 1984 - يىلى 6 - ئايدا 18 باپلىق «ئەسلىمىلەر»نى نەشرگە بەردى. يېقىندا يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن پايدىلىنىپ، ئىجادىي رەتلىگەن چۆچەكلەر توپلىمىنى ۋە ئىككى مىڭدىن ئارتۇق تېپىشماقتىن تەركىب تاپقان «تېپىشماقلار» توپلىمىنى نەشرگە تەييارلاشقا كىرىشتى.

زۇنۇن قادىر بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ ھەممە تۈرىدە دېگۈدەك ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ھېكايىچىلىق ئاساسلىق ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتى 40 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغا كەلگەندە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن يۈكسىلىپ، رېئالىستىك پىروزىنىڭ ئىزىغا چۈشتى، زۆرۈر بەدىئىي ۋاستىلارنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈپ، رېئاللىقنى ئۆز قىياپىتى بويىچە يورۇتۇپ بېرىشنىڭ يېڭى پەللىسىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇ، ئاشۇ يىللاردا ئېلان قىلغان «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ئىككى بارمىغىم بىلەن»، «كۆچۈككە ھۇجۇم»، «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىلىرىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رېئال، ماھىيەتلىك زىددىيەتلىرىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئەدەبىياتىمىزدا رېئالىستىك پىروزىنىڭ شەكىللىنىش ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. ئۇ يازغان ھېكايىلاردا يارىتىلغان باقى، مەتنىياز قاتارلىق بەدىئىي تىپلار ھازىرقى زامان ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ ئۆچمەس مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

يولداش زۇنۇن قادىر ئەدەبىياتىمىزغا رېئالىستىك پىروزىنى ئېلىپ كىرگەن، دىراماتورگىيىمىزدە بىرىنچى بولۇپ رېئال ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇشنى باشلاپ بەرگەن تالانتلىق يازغۇچى ھەم دىراماتورگ، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن ۋە پېشقەدەم ۋەكىللىرىدىن بىرىدۇر.

---

(بېشى 102 - بەتتە)

قىلغان ئىدى. ئەمما مەن كەنتىمىزنىڭ بۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن. مانا، لەڭگەر كەنتىنىڭ يوللىرىدا موتوتسىكىلىتلار قويۇندەك ئۇچۇشۇپ يۈرمەكتە، ئۆي - ئۆيدە ئۈنئالغۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلانماقتا. بۇ ۋاقىتقىچە ئەسكى - تۈسكى يېڭگەكلەرگە يۆگىنىپ يۈرگەن دېخانلار ئەمدى نىلۇن، تاۋار-دۇردۇنلەرگە ئورۇنۇپ نوچىلىشىپ كېتىپتۇ. چوكانلارمۇ قۇلاقلىرىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىلارنى سېلىشىپ، گۈلدەك ياسىنىپ يۈرۈشۈپتۇ.

مەن پۈتۈن كەنتنى ئايلىنىپ مېڭىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن ۋاقتىمدا، بىر مۇخبىر دادامنى سۈرەتكە تارتماقچى بولۇپ تۇرغان ئىكەن. بىراق دادام سۈرەتكە چۈشۈشنى رەت قىلىپ، مۇخبىرنى تەڭلىككە سېلىپ قويۇپتۇ.

— بىزنىڭ لەڭگەردە مەندىن نەچچە ھەسسە بېيىپ كەتكەن ئائىلىلەر بار، ئەڭ ياخشىسى، ئاشۇلارنىڭ سۈرىتىنى ئالغانلىرى تۈزۈك. بولمىسا، نىغمەت بالامنىڭ سۈرىتىنى ئالسىلىمۇ بولىدۇ. بۇ ئىشتا نىغمەتنىڭ ھىممىتى چوڭ، ئۇ پۈتۈن كەنتتىكىلەرگە سەركە بولدى.

مۇخبىر خوشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپ، ئاكامنى ئىزلەپ كېتىپ قالدى...

## شائىر ۋە دراماتورگ ـــ مەمتىلى زۇنۇن



مەمتىلى زۇنۇن 1939 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ساقىيە مەھەللىسىدە ئوتتۇرا ھال تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ، 1952 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى، 1955 - يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى، 1959 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1961 - يىلغىچە قەشقەر يېڭىشەھەر 1-ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ كەسپىي ئىجادىيەتچىسى.

مەمتىلى زۇنۇن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە 1952 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان كىچىك چاغلىرىدىلا كىرىپ كەلگەن. شۇ يىلى «جەنۇبىي تيانشان گېزىتى»دە ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. 1956 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ھېسسىيات ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇرغا باي، تىلى راۋان، ئاممىباپ ھەم ئوبرازلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، كىتابخانلارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاشقا باشلىغان.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى شائىرنىڭ «كارۋان ناخشىسى»، «ۋەسال سەھەرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن «گۈلمېھرى» ناملىق داستانىنى نەشر قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە مەدەت ۋە ئىلھام بەردى. شائىرنىڭ «قۇچاقلا، ئۇ ـــ سېنىڭ داداڭ» ناملىق شېئىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىغا سوغا قىلىنغان ئەسەرلەر قاتارىدا باھالىنىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ۋە مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «گۈلمېھرى» داستانى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 30 يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

مەمتىلى زۇنۇن قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە ئالمىشىپ بارغاندىن بۇيان يازغان 200 پارچىدىن كۆپرەك ناخشا تېكىستى، ئېيتىشىش ۋە لەپەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇزىكىغا سېلىنىپ سەھنىلەشتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭ خەلق رادىيو ئىستانسىسى، شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە مەركىزىي خەلق رادىيو ئىستانسىسى تەرىپىدىن

ئاڭلىتىلدى ۋە داۋاملىق ئاڭلىتىلماقتا. ئۇ ئىجات قىلغان 40 پارچىغا يېقىن مۇزىكىلاشتۇرۇلغان ناخشا تېكىستى مەملىكەتلىك پىلاستىنكا زاۋۇتىدا پىلاستىنكىغا ئېلىنىپ، مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا تارقىتىلدى. «كارۋان ناخشىسى»، «گۈزەل ئارزۇ»، «بادام دوپپا»، «ئاينىڭ بالىسى دەيدۇ؟» قاتارلىق ناخشا تېكىستلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئارتىستلىرى تەرىپىدىن پاكىستان، تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ سەھنىلىرىدە ئېيتىلىپ، چەتئەللىك دوستلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەمتىلى زۇنۇن 1979 - يىلىدىن باشلاپ دىراماتورگىيە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىشقا باشلاپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىراماتورگىيىسىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ كېلىۋاتقان ئۇستىلىك دىراماتورگلارنىڭ بىرسى. ئۇ دەسلەپ يازغان «ھەسسىڭكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟» ناملىق بىر پەردىلىك دىراما تاماشىبىنلار ئىچىدە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. بۇ دىرامىنى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىمۇ لېنتىغا ئېلىپ، پۈتۈن شىنجاڭغا تارقاتتى. ئۇ، 1980 - يىلى يازغان «مەسلىھەت چېيى» ناملىق ناخشا - مۇزىكىلىق دىراما قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى تەرىپىدىن ئوينالدى. مىللىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى بىرقەدەر توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ دىراما سەھنىدە ئارقا - ئارقىدىن 147 قېتىم ئوينىلىپ، ئويۇن كۆرگۈچىلەرنىڭ سانى ئىككى يۈز مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ كەتتى. مەمتىلى زۇنۇن شۇ يىلى كىلاسسىك شائىرىمىز ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق داستانىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان «رابىيە - سەئىدىن» ناملىق ئوپېرامۇ تاماشىبىنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۇ ھازىر رادىيو ھەم تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە بېرىلىدىغان پروگراممىسىدا جامائەتچىلىك بىلەن پات - پات يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇدۇ. مەمتىلى زۇنۇن يەنە 1982 - يىلى «كېچىككەن توي»، «قايچا قۇدا» ناملىق ئىككى كومېدىيە ۋە «ھېيتكا تۇمانلىرى» ناملىق بىر تارىخىي تىراگېدىيە، 1983 - يىلى «جىگدە يىغىلىقى» ناملىق بىر تارىخىي ئوپېرا، «مۇقام ئۇستازى» ناملىق ناخشا - مۇزىكىلىق دىراما ۋە 1984 - يىلى «ھىجران» ناملىق بىر ئوپېرا يازدى. بۇلاردىن «مۇقام ئۇستازى»، «قايچا قۇدا»، «كېچىككەن توي» ناملىق ئەسەرلەر سەھنىلەردە ئوينالماقتا.

ئۇ 1983 - يىلى يازغان «ئۈچ ياش» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن يېقىندا ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەندى.

مەمتىلى زۇنۇن ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. 1957 - يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ «سۆيگۈ خەتلىرى»، «ئۇچراشقاندا»، «بىر سېۋەت ئەنجۈر»، «ئىككى ئوقۇغۇچىم»، «باشلىقىمىكىن دېسەم» ناملىق بىر قىسىم ھېكايىلىرى ئېلان قىلىندى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى يېقىندا ئۇنىڭ ھېكايىلار توپلىمىنى نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزدى.

مەمتىلى زۇنۇننىڭ كەڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە شېئىرىيەت بىلەن دىراماتورگىيە يەنىلا ئاساسلىق ئورۇن تۇتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ كېيىنكى يىللاردا ئۆزىنىڭ جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق بىرقەدەر ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر دىراماتورگىيىسىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇپ، بۇ ساھەنىڭ جانلىنىشىدا مۇئەييەن رول ئوينىماقتا.

بىز كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرىمىز ۋە ئۇستىلىك دىراماتورگىمىز مەمتىلى زۇنۇننىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

## چۈنكى، مەن — ئادەم

### تاھىر تالىپ

بىمار بوپ ئانا يەرگە يىقىلغاندا،
پۈركىدى دەل ئاستىمدىن ئانا سۈتى.
خىزىر بوپ تۇپراقتىكى كىندىك قېنىم،
تۇرغۇزدى مېنى يۆلەپ ساغلام پېتى.
شۇڭا يۇرت پايخان بولسا ماڭا ماتەم،
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم.

بىھۇدە بوزەك قىلسا كىچىكنى چوڭ
ۋە ياكى مۇتەھەممەلەر پالۋان بولسا،
كۆز يۇمۇپ يۈرەلمەيمەن، ئازغان ئۈچۈن —
ناتاۋان لەيلىقازاق قۇربان بولسا.
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
ھوقۇقۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

تەلۋىلەر چەيلەپ ئۆتسە گۈل چىمەننى
ئۆرۈلەر قىر بېشىغا سەۋرى قاچام.
قەھرىمدىن ئوق ئۈزۈمەن قۇزغۇنلارغا،
چىمەنگە قانات يېيىپ مەن ھەرقاچان.
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
گۈزەللىك پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

ئېتىقات ـ ئەقىدەم بار ئۆزەمگە خاس،
خەلقىمنىڭ رايىنى كۈچ، قانات قىلغان.
ئەقەللى كۆزۈمدىن ئوت، ئۇچقۇن يانار،
ئەتىۋارلۇق ئىرادەمگە بولسا سۇلتان.
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
ئەقىدەم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

دىلبىرىم قويى كۆزىدىن سۇ ئىچىمەن،
دىلىدىن دىلىمغا نۇر — يورۇق ئېلىپ.
جاھالەت ھامىلىرى چاڭ توزۇتسا،
سانچىيمەن قوۋۇرغامنى پىچاق قىلىپ.
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
مۇھەببەت پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

مەن كوممۇنىست! ئىنسانىيەت چاكىرىمەن،
لېكىن ھېچ بىرەر زاتنىڭ قۇلى ئەمەس.
ئۆز كاللام ھامان مەھكەم ئۆز بويىنۇمدا،
جەڭچىمەن، بىرەر كىمنىڭ قولى ئەمەس!
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
خىسلىتىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

رەقىپنىڭ مۇشتى ماڭا ھېچگەپ ئەمەس،
ھەتتاكى قىلىچقا تىك بارالايمەن.
چېقىلسا لېكىن ئىززەت ـ ھۆرمىتىمگە
ھەتتاكى ئەۋلىياغا يانالايمەن.
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم،
غۇرۇرۇم پايخان بولسا ماڭا ماتەم.

غەزەلخان خەلقىم ئۈچۈن يازدىم قوشاق،
ئىلھامنى ئاتا قىلغاچ خەلقىم — ئانام.
غەزەلسىز ياشىمايدۇ بۇلبۇل دىگەن،
يۇرتۇمدا ھەربىر غەزەل بىر ئىمتىھان.
غەزىلىم پايخان بولسا ماڭا ماتەم،
چۈنكى، مەن ھىسسىياتلىق ھايات ئادەم.

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1982 - يىللىق 5 - سانىدىن ئېلىندى).

AltunOq

# خلۋەتتكى چوغلۇق

(ھكايه)

قاسم سدىق

1

كچىك ۋاقتىمدا ناھايىتى چىرايلىق بالا ئىكەنلىگىمنى، مەھەللىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھەتتا تونۇمايدىغانلارنىڭمۇ «مۇنۇ بالا ئەجەپ چىرايلىق چوڭ بوپتا!...» دېيىشكىنىنى تالاي ئاڭلىغانمەن. ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە: «مېنىڭ چىرايلىق قوزام، نىمە بولغانسەن، ھەي... ئاچ كىرىپتۇ - دا» دەپ، كىپەكنى قوسىغىمغا دوملاپ، ئالدىمىلەرنىدۇ ئوقۇپ ئاچلىغانلىغىنى، ئۆزەمنىڭمۇ تىكلىمە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چىرايلىقلىغىمغا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەنلىگىمنى ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق!...

كىشىلەرنىڭ چىرايىمغا قاراپلا قىلغان مۇئامىلىسى مېنىڭ گۆدەك قەلبىمدە «ئادەم ئۈچۈن چىراي ئەڭ مۇھىم نەرسە» دېگەن تۇيغۇنى ئۇندۇرگەن ئىدى. بىر پارچە ئاق يەرنى كۆرسىلا ئۆزىگە قىلچە لازىمى بولمىسىمۇ، ھەر خىل ئۇرۇقلارنى سېپىپ قويۇپ كېتىدىغان خالىس يولوچىلارنىڭ ماڭا قىلغان بۇ ئىلتىپاتىدىن كېيىن، قانداق روھىي ئەلەم ۋە ۋىجدانىي جازالارنى كۆرگەنلىگىم خالايىقتا ئەلۋەتتە مەلۇم ئەمەس. ھازىر ھەر ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە، مەنمۇ چىرايىمدىن كەلگەن مۇكاپات ۋە جازالارنى ئەسلەش بىلەن ئاۋارىمەن...

2

8 - سىنىپقا كۆچكەن ۋاقتىلىرىمىز ئىدى، سىنىپ تەربىيىچىمىز بىزنى پارتىلارغا ئورۇنلاشتۇردى.

— سىز، — دىدى ئۇماڭا قاراپ، — ئوتتۇردىكى رەت 6 - پارتىدا گۆلبەھەرەم بىلەن ئولتۇرۇڭ.

مەن كۆرسىتىلگەن جايدا ئولتۇردۇم. «گۆلبەھەرەم دېگىنى كىم بولغىيدى؟» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، بويىي ئىنتايىن پاكار، سېمىزلىگىدىن ئىگەكلىرى قاتلىشىپ كەتكەن بىر

قىز ئۆدەكتەك ئىغاڭلاپ كەلگىنىچە قېشىمدا ئولتۇردى. مەن ئورنىمىدىن دەس تۇرۇپ كەتكىلى تاس قالدىم. بۇنداق سەت قىز بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇش نىمە دېگەن نومۇس - ھە؟... مەن قىزدىن خېلى ئارىلىق تاشلاپ، دوەسىيىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ساۋاقدىشىم ئەيسا ماڭا قاراپ، قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى.

— بۇياققىراق ئولتۇرۇڭ، ئۇنداق ئولتۇرۇپ قانداق خەت يازىسىز؟ — دېدى ئۇ قىز مەيۈس ھالدا.

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ سېمىزلىگىڭىزگە كۆپىرەك ئورۇن قالدۇرۇۋاتىمەن، — دېدىم مەن.

— رەھمەت، سىزگە...

گۈلبەھرەم يەنە نىمىلەرنىدۇ دېمەكچى ئىدى - يۇ، لېكىن نىمە ئۈچۈندۇ ئېغىز ئاچمىدى. ئۇنىڭ چىرايى بەك غەمكىن ئىدى.

ئوقۇش يىلى تەستە پۈتتى. مەن تەتىلگە قويۇپ بېرىلگەنلىكتىن شۇنىچە سۆيۈندۈم.

كېيىن «مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى» بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن، داشۆگە بېرىش خىياللىرىم يوققا چىقىپلا قالماي، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تۈزۈك پۈتتۈرەلمىدىم.

مەن چىرايىمنىڭ ماڭا سۇنغان ھەددىبىلىرىگە مەسخۇش بولۇپ، كۈن بويى كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرەتتىم. ئاپام بىچارە مېنى ئۆيلەش ئۈچۈن لايىق تېپىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— جېلىلاخۇن ئاكاڭنىڭ قىزى خۇرشىدەم، — دېدى ئۇ بىر كۈنى، — ئەجەپ ياخشى قىز بوپتۇ، بالام. ئۆيى ئىشىغا شۇنىچە پىششىقكەن، شۇنى ساڭا...

— قويە، ئۇ تومپايىنى!...

— نۇراخۇن ياغاچچىنىڭ قىزى خېلىچەم ئەدەپلىك ئوبدان قىز، جۇمۇ! ئەقلىلىك بولسا، شۇنى زادى قولدىن چىقارما...

— ئاپا، ئادەم تېپىلماي، ئەمدى ماڭا ئاشۇ قارىڭايىنى سايى قىلىۋاتامسىنا؟!...

— نازىلەم...

— بولدى، بولدى! سۆزلەۋېرىدىكەنسەن، نەدىكى سەتلەرنى!...

— ۋۇي جۇگايىنمەك، قاچانغىچە سۆرۈلۈپ يۈرۈسەن؟ ئاسماندىكى ھۆر - پەرىلەرنى ئالاتتىڭمۇ - يا؟ نىمانچە يوغانچى بولۇپ كەتتىڭ؟!... بىر ئېغىز گېپىمنىمۇ ئالمايسەنغۇ؟ تېخى سىلكىشلەيسەنا؟!... بىلەمسەن، سەندەك چىرايلىقنىچۇ، يەنىلا مەندەك سەت خوتۇن تۇققان!...

بۇنداق تالاش - تارتىشلار بىزنىڭ ئۆيىدە تولا بولۇدىغان بولۇپ قالدى، كۆڭۈل دېگەن نەرسە بىرەرسىگە سوقمىسا بىكاركەن. ئاپامنىڭ تاپقانلىرىمۇ بولۇدىغان قىزلار ئىدى، بىراق ئۇ چاغلاردا مېنىڭ كۆڭلۈم پاتىگۈلگە بەكرەك سوقاتتى. پاتىگۈل ئوقۇمۇشلۇق قىز، بەك چىرايلىق، بەك چىرايلىق!... ئىككىمىزنىڭ توپى بولۇدىغانلىغىغا زادى گۇمان قىلمايتتىم!...

مۇشۇ كۈنلەردە ساۋۇت ماڭا نىمە ئۈچۈندۇ، بۆلەكچە قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ — «ئىسيانچىلار سىلكىبۇسى»نىڭ سىلكى، ئۇنىڭ ئەيسراخۇن ئوۋچىدىن تارتىۋالغان قوش ئېغىزلىق مىلتىغىمۇ بار. مىلتىق ئەسلى ھۆكۈمەت تۇتۇدىغان نەرسە بولغاچقا، ئۇنىڭ تارتىۋېلىشى يوللۇق. بىراق ئۇ، ماڭا نىمىشقا گۈلىيىپ قارايدۇ، مەن ئۇنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇدۇممۇ؟ مانا بۇ — يولسىزلىق - تە!

بىر كۈنى كوچىدا كېتىپ بارسام، ساۋۇت باشلىق ئالتەيلەن ئالدىمنى توردى، ئۆزەمگە ياراشقان كەپكەمنى تارتىۋالدى - دە،

«چەتئەلنىڭ نۇسخىسى» دەپ يىرتىپ تاشلاپ، يەرگە ئاتتى. ئاندىن بۇدرە چېچىمغا قايچا سالغىلى تۇردى.

ـــ ئالجىپ قالدىڭمۇ، ساۋۇت؟ ـــ دېدىم مەن غەزەپلىنىپ.

ـــ نېمە دەۋاتىسەن، هەي، ئەبلەخ؟!... كونىلىقنى يوقىتىشنى «ئالجىش» دەمسەنا؟!

ـــ مەن كەپكىنى هۆكۈمەتنىڭ دۇكىنىدىن نەق پۇلغا ئالغان!...

ـــ سېلىڭلار! ـــ دېدى ساۋۇت يېنىدىكى چاپارمەنلەرگە بۇيرۇق بېرىپ، ـــ ئۇبدان ئۇچۇغداپ قويۇش كېرەك.

تۆت ـ بەش چاپارمەن مېنى ئوبدان ئۇچۇغداپ بولۇپ، يوللىرىغا راۋان بولۇشتى. مەن ئەلەمگە چىدىيالماي، ئارقىسىدىن تىل سالدىم:

ـــ ئالدىرىماي تۇر، ساۋۇت! كۆرگىلىگىڭنى كۆرسەتمىسەم، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، هوي قاراقچى!...

ـــ تىلىڭنى چاينىما! ـــ دېدى ساۋۇت ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋاقىراپ، ـــ سەن ئىنقىلاپ قىلىشنى قاراقچىلىق، دەيسەنا؟! هىلى بىكار، مۇشۇ مىلتىق بىلەن ئېتىپ، يۈز ـ كۆزۈڭنى توخۇ چوقۇلىغان شاپاقتەك قىلىۋېتىمەن!

يىگىرمە قەدەم نېرىدا تۇرۇپ گۆكىرەۋاتقان بۇ پوچىنى مەن ئوبدان بىلىمەن. مېنى ئېتىۋېتەلەيدىغان يۈرەك ئۇنىڭغا تۇساتتىن قانداق پەيدا بولۇپ قالسۇن؟ پوپوزىسىنى قارىمامدىغان...

ـــ قۇشقاچنى ئېتىپ باقارسەن! ـــ دېدىم مەن.

ـــ نېمە؟! ـــ دېدى ئۇ مىلتىقىنى تەڭلەپ، ـــ هېلى جېنىڭنى ئالىمەن!

ـــ پو ئاتما، هوي!...

ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقا ـ چىقمايلا «گۇم» قىلىپ قالدى ـ دە، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىدى، پېتىر چاچراندىلىرى يۈز ـ كۆزۈمنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. ئاغرىق ئازاۋىدىن تولغىنىپ، يەرگە يىقىلدىم.

ئۇ مېنى راستىنلا ئېتىۋەتتى. بىر مەھەللىدە ئۆسكەن، هېچقانداق ئاداۋىتىمىز بولمىغان ئاشۇ توخۇ يۈرەك ساۋۇت بىر يىل ئىچىدىلا مانا شۇنداق باتۇر ساۋۇتقا ئايلانغان ئىدى.

3

جاراھەتلىرىم ساقايدى، لېكىن بىر كۆزۈم قارىغۇ بولۇپ قالدى. دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈشكە ئاشۇ بىر كۆزۈممۇ يېتىپ ئاشىدۇ. بىراق چىرايلىق يۈزۈم «پېتىر توغاچ»تەك چوقۇر بولۇپ قالدى. ئەپسۇسكى، بۇ هۆسنۈن پەقەت ئاشۇ مايلىق پېتىر توغاچقىلا يارىشىدىكەن، ماڭا سېلىنغان «چەككۈچ»لەرنىڭ پېتىر توغاچتىن زادىلا قىلىشمايدىغانلىقىغا قارىماي، شۇنچە خېرىدارسىز نەرسىگە ئايلاندىمكى، قويۇڭلار!

پاتىگۈلگە بىر كۈنى ئۇچۇق گېپىمنى قىلدىم:

ـــ پاتىگۈل، ئىككىمىزنىڭ باش قاتۇرۇدىغان ۋاقتى كەلدى، قانداق دەيسىز؟...

ـــ مۇمكىن ئەمەس! ـــ دېدى پاتىگۈل كەسكىن رەت قىلىپ.

ـــ نېمە، ئىككىمىز شۇنداقمىدۇق؟... نېمىشقا مۇمكىن ئەمەس!

ـــ نېمىشقىلىغىنى سورىماڭ، ئۇنى ئۆزەم بىلىمەن.

ـــ سىز بىلىدىغاننى مەنمۇ بىلىپ قالاي...

ـــ سىز مۇمكىن ئەمەسلىكىنىلا بىلىسىڭىز بولىدۇ. دۇنيادا ھەممە نەرسىنى بىلىپ بولالمايسىز.

ـــ ياق، بۇنداق دېمەڭ، رەھىمدىل

بولۇك!...

— يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ! — پاتىگۈل زەردە بىلەن شۇنداق دېدى-دە، كېتىپ قالدى.

يۈرىكىم «جىغ!» قىلىپ قالدى، مەن ماڭىدىغان زادى قانداق يولدۇ؟ شۇنىڭغىچە نېمىشقا ئۇنى سەزمىگەن بولغىيدىم؟ ئىسىت!...

كېيىنچە بىلدىمكى، ساۋۇتنىڭ ئۆچمەنلىكى بىلەن پاتىگۈلنىڭ «مۇمكىن ئەمەس»لىرى بىر تۇققان ئىكەن. ئۇ ئىككىسى ئاخىرى توي قىلىشتى. توي قىلسىمۇ مەيلى ئىدى، «نىكالىنىش گۇۋانامىسى» ئالغىلى رايونغا كېتىپ بارغاندا، مېنى ئۇچرىتىپ، پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى-دە، كوچىنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئۇلار ئەلۋەتتە، مېنى زاڭلىق قىلىشتى، بۇنىڭدا گەپ يوق، چىرايىم سەت بولغان بىلەن ئۆزەم بەك چېچەن. مەن بىلىپدىم، ئۇلار مېنى...

ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە گەپ؟ بۇ نېمە ھاقارەت؟ مەن چوڭ كوچىدا كىرپىكلىرىمنىڭ ئىختىيارسىز نەملەشكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. كىشىلەرنىڭ كۆزىچىلا ياش تۆكۈشكە جۈرئەت قىلىش پاك ئەقىدىگە ھەم ئۇنىڭ قۇربانىغا مەنسۇپ. شۇنداقتىمۇ كۆز-ياشلىرىمنى كىشىلەردىن يوشۇرۇپ، قولياغلىقىمنى ئېلىپ كۆزۈمنى سۈرتتۈم. شۇ چاغدا بىلدىمكى، بۇ پاتىگۈل سوغا قىلغان مىسلىقى كەشتىلىك ياغلىق ئىكەن. مەن ئۇنى ئاسفالت كوچىنىڭ چېتىدىكى ئېرىققا تاشلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئېقىپ كېتىپ بارغانلىقىغا قىيالمىغاندەك قاراپ قويدۇم.

4

ئۆمۈرۋايەت ئۆيلەنمەيمەن، قىزلارغا پاراڭمۇ قىلمايمەن، دېگەن ئىدىم. «كۆڭۈل» دېگەن بۇ شەيتان مېنى يەنە ئازدۇردى. بىرقانچىسىگە گەپ قىلدىم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن كېلىشتۈرۈپ پەشۋا يېدىم.

ئۇچراشقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ماڭا ھىجىيىشىپ قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. كۆزۈمچە زاڭلىق قىلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. ئەزەن چىللاپ قويۇلغان ئازىلىق ئىسمىمنىڭ كەينىگە ئادەملەر ھەق تەلەپ قىلمايلا، «يەكپاي» دېگەن سۆزنى قېتىپ قويدى، ئاخىرى، «ئابلەھەت يەكپاي»مۇ ئەمەس، «ئەھەت» يەكپاي بولۇپ قالدىم. تېخى تۈنۈگۈنلا مەن بىلەن سىلىق مۇئامىلە قىلىدىغانلار بۈگۈن قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇشۇۋالدى. ئادەملەرنىڭ بۇ ئىشىنى چۈشىنىپ قىلىۋاتقان ياكى چۈشەنمەي قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن. ھېلىقى 8-سىنىپتا بىر پارتىدا ئولتۇرغان گۈلبەھرەمۇ بىر كۈنى بازاردا يولۇقۇپ قېلىپ، زاڭلىق قىلغاندەك ھىجىيىپ قويۇپ، سالامىمغا جاۋاپ بەرمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى بۇ سەتكىمۇ ھال تېگىپتۇ!... كىشىلەرغۇ بىر گەپ، ئاپاممۇ ماڭا بۇرۇنقىدەك قىپكەتمەيدىغان، ھەتتا سىڭلىممۇ بىر قىسىملا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ياشلىقىمنى ھالقىپ كەتتىم، تېخىچە ئۆيلەنمىدىم؛ مەن پەقەت بۇ ئۆيگىلا ئەمەس، بەلكى دۇنياغىمۇ ئۇقۇشماي كېلىپ قالغان ئادەمدەك غەمكىن ۋە بۇرۇختۇم كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. ئەينەككە شۇنداقلا قارىسام، كىشىلەردىن يامانلاشقا ھەددىمنىڭ يوقلىقىنى چۈشىنىمەن-دە، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىمەن.

5

دۇنيادا توغرا، خالىس كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلار بىرولار ئۈچۈن قايغۇرۇشقا ۋە خوشال بولۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ روزغارى ساڭا بېقىنمىسىمۇ، لېكىن ساڭا قەرزدار ئادەمدەك ياخشىلىق قىلىدۇ ياكى ياخشىلىق قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ، ئەگەر بۇ ۋەدىلىرى ئورۇنلانماي قالسا، خىجىل بولۇپ سېنىڭدىن ئەپۇ سوراپلا قالماي، يەنە تېخى بۇ «كەم-

چىلىك» نى تۈزىتىش ئۈچۈن ئالىلقانداق ياخشىلىقلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىشقا يول ئىزلەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن لەززەتلىنىشكە ئۈگەنگەن ۋە بۇنداق لەزەتنىڭ خۇمارىغا قانمايدىغان بولۇپ قالغان. مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى بىر تام خوشنىمىز ئابدۇراخمان ئاكا ئىدى.

ئابدۇراخمان ئاكا مېنى كىچىكىمدىن تارتىپلا بىلەتتى، ئۇ ھازىرمۇ مېنىڭ بارلىق روھىي - ئازاپلىرىمنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇئامىلىسى مېنىڭ «چىرايلىق» ۋاقتىمدىكى مۇئامىلىسىدىنمۇ يېقىملىق ئىدى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ئۇ مېنى ئۆيىگە چاقىردى. ئىككىمىز يالغۇز مۇڭداشتۇق.

— ئۇكام ئابلەھەت، سىز ناھايىتى ياخشى بالا، جۇمۇ! (ئۇ، گەپنى ھەر دائىم شۇنداق باشلايتتى)، بىراق خۇدانىڭ تەقدىرى، شۇگىنچە ئۆيلەنمەي كېلىۋاتىسىز، سىڭلىڭىزمۇ چوڭ بولۇپ قالدى، چوڭلاردىن قالغان جامائەتچىلىك قائىدىسى بويىچە، مېنىڭ مەسلىھەت كۆرسىتىش ھەققىم بار...بۇنداق ئۆيلەنمەي يۈرۈشتە نىمە توسالغۇ بار زادى؟...ئۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلايلى. سىلەر ياشلار تولا ئىلغاپ كېتىسىلەر، ۋاپادار قىزدىن تېپىش كېرەك، جاھاندا خاتىرجەملىك ئەۋزەل، ئۇكام.

مېنىڭ كۆڭلۈم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. ئابدۇراخمان ئاكا نەملەشكەن كىرپىكلىرىمگە قاراپ بىئارام بولدى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ماڭا ئېگىلدى - دە:

— نىمە بولدىڭىز؟ قويۇڭ، خۇدا نېسىپ قىلغان بولسا، «ياق» دىمەس، — دىدى. مەن بېشىمنى كۆتىرىپ، ئۇنىڭغا «ئۇ كىم؟» دىگەندەك، سوئال نەزىرىم بىلەن قارىدىم.

— سىز، بىلىسىز خېلىچەم يامان ئەمەس قىز (بۇ — مەن ياراتمىغان ھىلىقى خېلىچەم ئىدى)، دادىسى نۇراخۇنمۇ ناھايىتى مۆمىن ئادەم. سىزگە شۇنى تېپىۋاتىمەن. قانداق دەيسىزكىن، ئۇكام؟...

مەن يەڭگىل ئۇھ تارتتىم ۋە چىرايىمدا ئابدۇراخمان ئاكا چۈشىنەلمەيدىغان رازىمەنلىك تۇيغۇسىنى ئىپادىلىدىم. سەت يۈزۈمدە ئۆزەمگە خاس كۈلكە ئالامىتى پەيدا بولدى. بۇ، خۇددى كەمپىت قەغىشى قىلىپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ كەمپىتكە ئېرىشكەن ۋاقتىدىكى كۈلكىسىدەك، ساددا ۋە ساغلام كۈلكە ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇراخمان ئاكا ماڭا كوچىدا يولۇقۇپ قالدى، ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلاتتى، نىمىشقا ئۇنداق قىلىدىكىن، ياكى ھىلىقى گەپ چاك باسمىغانمىدۇ؟

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى ئۇ مېنى يەنە چاقىردى. ئۆيىگە كىردىم، ئابدۇراخمان ئاكا تەستە ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، ئۇكام ئابلەھەت، سىز ناھايىتى ياخشى بالا، جۇمۇ!...مەن سىزگە ياخشىراق ئويلاشمايلا ھىلىقى گەپنى قىلغان ئىكەنمەن، كېيىن يالتايدىم، ئويلاپ كۆرسەم، ئۇ قىز لايىغىڭىز ئەمەسكەن!...

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئابدۇراخمان ئاكا بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ:

— مەن سىزنى بىر ئۆيگە باشلاپ بارماقچى، سىز كىتاپ ئوقۇشقا بەك قىزىقىسىز. ئۇ ئۆيدە كىتاپ ناھايىتى كۆپ، ئۆي ئىگىلىرى ئەسلى مۇشۇ شەھەردە خىزمەت قىلاتتى. ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۆتكەنكى «ئىنقىلاپ» ۋاقتلىرىدا نىمە بالا بولدى، قېقىلىپ سوقۇلۇپ، يېزىغا «تۆۋەنگە» چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ كۈنى تۇغۇپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى. ھازىر يەنە بۇرۇن

Altun0q

قىدەكلا ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ. قۇرۇق خىياللارنى قىلغاندىن كۆرە، كىتاپ ئوقۇغان ياخشى، ئۇكام، — دېدى.

«توۋا، مۇنۇ ئادەمنى، بىردەم باشنى ئوڭلاڭ دەيدۇ، بىردەم كىتاپ ئوقۇڭ دەيدۇ. گېپىنىڭ زادى تۇتامى يوققۇ» دەپ ئويلىدىم مەن.

— ئابلەھەت، خالىسىڭىز، ھازىرلا بارايلى، يۈرۈڭ بولمىسا...

مەن ئۇنىڭ كەينىدىن خۇشياقمىغاندەك سوكۇلداپ كېتىپ بارىمەن. ئاخىرى كۆزلىگەن يەرگىمۇ يېتىپ كەلدۇق.

— خۇش كەپسىلەر، — دەپ قارشى ئالدى ئاپپاق باش ياشانغان ئەر-ئايال ئۆي ئىگىلىرى. ئۇلار ناھايىتى يېقىملىق كۆرۈنەتتى ،ئۇلار ئادەت بويىچە داستىخان سالدى، ئىززەت-ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلدى، گەپ-سۆزلىرىمۇ ناھايىتى جايىدا ئىدى، ئۇلار ھەققىدىكى غەيرى خىياللىرىم ئورنىنى ياخشى تەسەۋۋۇرلار ئىگەللىدى.

— بۇ بالا، — دېدى ئابدۇراخمان ئاكا ئۆي ئىگىلىرىگە مېنى تونۇشتۇرۇپ، — بىزنىڭ خوشنىمىز بولۇدۇ. ئىسمى ئابلەھەت، ئۆزى كىتاپ ئوقۇشقا بەك ھېرىس. سىلەرنىڭكىدە ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان كىتاپلار نۇرغۇن بولغاچقا، تونۇشتۇرۇپ قوياي، دېدىم قاراڭ سادىقجان.

سادىقجان ئاكا خۇشخۇي ھالدا:

— ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، كىتاپ دېگەن ئەقىلنىڭ ئوزۇقى دەيدۇ، بەك ياخشىلىرىدىنمۇ يوق، تولىسى كۆيدۈرۈۋېتىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بارىنى خالىغانچە ئوقۇڭ، — دېدى.

چايدىن كېيىن، بىر ياندىكى كىچىككىنە ئۆيگە چىقتۇق. ئۆي ئىچى لامپۇچكا يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن ئىدى. يېزىش ئۈستىلىدە زىلۋاغىنا كەلگەن، چاچلىرى ئۇزۇن، غۇنچە لەۋ ئاق يۈزلۈك، كېلىشكەن بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇزۇن كۆينىكى مودىدىن قالغان بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە شۇنچە ياراشقان ئىدى. ئۇ قىز نىمىنىدۇ يېزىپ ئولتۇراتتى. بىزنىڭ كىرىپ كەلگىنىمىزنى كۆرۈپ، ئورنىدىن يېنىككىنە تۇردى-دە، ئەدەپلىككىنە جىلمىيىپ، باش لىڭشىتىپ ھال سورىغاندەك قىلدى. ئەپسۇسكى، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى.

— مېنىڭ قىزىم بولۇدۇ، سائادەت، — دېدى سادىقجان ئاكا، — سىز بۇنىڭ گەپ قىلمىغانلىغىنى كۆرۈپ باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ، تەقدىر-ئىرادە، تۇغۇلۇشىدىلا تىلسىز بولۇپ قالدى. ئۇنى ئائىلىدە ئۆزىمىز ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇق. ئۇ كىتاپ بىلەن دوست. خۇدا بەختىنى بەرسە، چوڭ شائىر بولۇپ كېتەمدۇ، تېخى! ھا... ھا... ھا!...

سادىقجان ئاكىنىڭ بۇ ئۈمىتۋار، ھوزۇر بەخش كۈلكىسى ماڭىمۇ تەسىر قىلدى.

سادىقجان ئاكا قىزىغا كىتاپتىن بىرنى بېرىپ تۇرۇش زۆرۈرلىگىنى ئۇقتۇردى. قىز جاۋەندىكى كىتاپلاردىن بىرنى ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنى ئېلىشقا تەمشەلگەندە، قىز كىتاپنى ۋاراقلاپ، ئىچىدىن خەت يېزىقلىق بىر پارچە قەغەزنى ئالدى-دە، ئۈستىلىدە يېيىق تۇرغان كورولېنكونىڭ «تىلسىز» دېگەن كىتاۋىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ھېلىقى كىتاپنى ماڭا بەردى. قارىسام، چېرنىشېۋسكىنىڭ «نىمە قىلىش كېرەك» دېگەن ئەسىرى ئىكەن.

بىز قايتماقچى بولدۇق، قىز ئاسماننى بىر كۆرسىتىپ قويۇپ، قولىنى پۇلاڭلاتتى.

— كېلىپ تۇرۇڭ، دەۋاتىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ماڭا سادىقجان ئاكا.

مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ، قىزغا قاراپ ھۆرمەت بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

6

سائادەت بىلەن ئوبدانلا دوست بولۇپ قالدىم، تەبىئەتنىڭ مەرتلىگى ئۇنى شۇنداق گۈزەل قىلىپ ياراتقان بولسا، نامەرتلىگى تىلسىز قىلىپ قويغان ئىكەن. مۇبادا سائادەت بىلەن تونۇشمىغان بولسام، جىسمانىي ئەيۋى بار كىشىلەردە گۈزەل قەلبىنىڭ بولۇدىغانلىغىغا ئۆمۈرۋايەت ئىشەنمەي ئۆتۈپ كېتەر ئىكەنمەن.

ھىلىقى «تىلسىز» دىگەن كىتاپنىڭ ئىچىدىكى قەغەزدە نىمە بار بولىغىدىكىن؟ مۇشۇ خىيال مېنى خېلى كۈن بەنت قىلىپ يۈردى.

كېيىن بىر كۈنى كىتاپ ئالماشتۇرغىلى بارسام، سائادەت يوق ئىكەن، ئاپىسى مۇقەددەسخان ھەدە مېنى خۇشخۇي قارشى ئالدى. ئۇ خالىغان كىتاپتىن ئېلىپ كېتىشىمنى بۇيرۇدى. مەن ئۇدۇل بېرىپ «تىلسىز» نى ئالدىم - دە، ئۆيگە قايتتىم.

ئۇلارنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىپلا كىتاپنى ۋاراقلاپ، ئىچىدىن ھىلىقى قەغەزنى تېپىۋالدىم. ئۇ سائادەتنىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىلغان شېئىرى ئىكەن:

«دىلىمنى چۇلغىدى چەكسىز خىيالەت،
ئۆزەمگە خىلۋەتنى ئەيلىدىم ئۇلپەت.
خىلۋەتتىن تاپمىدىم رەنجىمگە شىپا،
ئەكسىچە قەلبىمدە قوزغىدى ھەسرەت.
تۇراتتى خىلۋەتتە چۈنكى بىر چوغلۇق،
مۇڭلىنىپ، تاپالماي بىرەر ھەمسۆھبەت.
تەئەججۇپ ئىلكىدە تاشلىدىم سوئال،
«نىمىشقا چېكىسەن مۇنچە ئەلەم - دەرت؟
نىمىشقا گۈلشەننى تەرك ئەيلىدىڭ،
رەنجىڭگە سەۋەپچى قايسى بىر نامەرت؟»
ۋە لېكىن ئاچمىدى لېۋىنى چوغلۇق،
سوكۇتكە ئايلاندى يالجىماي سۆھبەت.
ئاھ، ئۇنىڭ ھۆسنىدە ئەكسىمنى كۆردۈم،
باراۋەر ئىكەنغۇ بىز ئۈچۈن قىسمەت.
قەلبىمنى ھىسداشلىق يالقۇنى قۇچتى،
تەقدىرداش گۈزەلگە قىلدىم نەسىھەت ...»

.......................................

مانا شۇنداق ئىكەن. تىلسىز سائادەتنىڭ شېئىرى ماڭا ئۆمرۈم بويى خىيالىمغا كېلىپ باقمىغان ھىسسىياتلارنى تەقدىم قىلدى: مەن ئۇنىڭ گۈزەل، ئەمما سىقىلغان قەلبىنى كۆردۈم، شۇ قەلبىنى تەنتەنە قىلىۋاتقان، ھەقىقى ئىنسانغا خاس ئىپتىخار - مەردانىلىقنى كۆردۈم، بۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمدا بىر ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولۇپ قالدى. ئوچۇقراق ئېيتسام، ئۇنىڭغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى...

شۇ شېئىر يېزىلغان قەغەزنىڭ كەينىگە يۈرۈگۈمنى قاپتەك قىلىپ تۇرۇپ، ئوشۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، دەل تۆۋەندىكى سۆزلەرنى يېزىپ قويدۇم:

«سائادەت، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈمەن!»

كىتاپنى قايتۇرۇپ ئېلىپ بارغىنىمدا، ئىچىگە قەغەز سېلىنغان كىتاپنى ئەتەي ئېلىپ كەتكەنلىگىمنى سائادەت بىلىپ قالغان بولسا كېرەك، بىر مۇنچە كايىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مەن «تەرجىمان» سىزمۇ ئانچە - مۇنچە چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم. سائادەت كىتاپنى كۆرسىتىپ، ئىچىدىكى قەغەزنى ئېلىپ نوقۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا كۆرسەتكۈچ بارمىغىنى ئېلىپ باردى - دە، ئوماق لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى. ئاندىن ماڭا قولىنى تەڭلەپ، كىتاپنى قولتۇغۇمغا قىسىپ ئىشىك تەرەپكە مېنى دوراپ قەدەم تاشلىدى. بۇ ئۇنىڭ: «كىتاپنى مېنىڭ ئىجازىتىمسىز، ئەتەي مەن يوق ۋاقتىمدا ئېلىپ كېتىپسىز» دىگىنى ئىدى. ئاندىن ئۇ يەنە كۆرسەتكۈچ بارمىغى بىلەن

مېنى كۆرسىتىپ چىمەلتىگىنى چىقاردى. بۇ ئەلۋەتتە مېنىڭدىن رەنجىگەنلىكى ئىدى.

ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن ھىلىقى مەن يېزىپ قويغان سۆزگە چۈشتى. مەن ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدىم. سائادەتنىڭ نازۇك قەلبى ئويىنىشىدىغان قەلب ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزىرىپ كەتتى. بۇ خىلۋەتتىكى چوغلۇق مېنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

ئۇ بىر ئازدىن كېيىن مېنى قايتىپ كېتىڭ، دەپ شەرەت قىلدى. ئۇ يەردىن ئۇستۈن قارىمايتتى.

مەن قايتىشقا تەمشەلدىم، ئۇ مېنى يەنە توختاتتى-دە، يەنە بىر كىتاپ بەردى. ئېھتىمال، بۇ كىتاپنى ئەدەپ يۈزىسىدىنلا بەرگەندۇ... مەن ھاماقەت ئىشنى بۇزۇپ، شۇ دەرىجىگىچە ئەكىلىپ قويدۇممۇ، ئاخىر؟!...

7

بۇ ئۆيگە كىرمەي بولمايتتى. ئەمما ھودۇقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۆزەمنى تۇتۇپ ئىشىكنى ئاچتىم، سائادەت ئادەتتىكىدەك قارشى ئالدى، پەقەت كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى.

ئادىتىم بويىچە ئالدىغىنىمنى ئېلىپ قايتتىم، كىتاپ ئىچىدىن يەنە بىر نەرسە چىقىپ قالارمۇ، دىگەن خىيال مېنى كىتاپ ۋاراغداشقا ئالدىرىتاتتى. كىتاپنى ۋاراقلىسام، دەرۋەقە، ئىككى ۋاراق خەت چىقتى:

«ئابلەھەت:

سىزنى ئېھتىمال، رەنجىتىپ قويغاندۇرمەن، كەچۈرۈڭ. مەندە كىشىلەرنى رەنجىتىش ئەمەس، پەقەت تولۇق چۈشىنىش نىيىتى بار. ئۆتكەن كۈنى، تېز قايتىپ كېتىڭ، دىگەن ئىشارىنى كۈتۈلمىگەن «ھۇجۇم» غا يولۇققانلىغىمدىن قىلدىم. چۈنكى سىز تەسادىپى ھالدا ھىلىقى گەپنى قىلدىڭىز، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلدىڭىز، مەن ھازىرمۇ سىزنى ياخشى كۆرۈمەن ياكى يامان كۆرۈمەن، دەپ ئېيتالمايمەن. سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى مەنمۇ سورۇشتۇردۇم، مېنىڭ تىلىگىم — پاك قەلب ئىزلەش.

سىز مېنى «ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دىدىڭىز، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا پەقەت تۇنجى قېتىم يىگىتلەر تەرىپىدىن ئېرىشكەن ئىلتىپاتمۇ ئەمەس. ماڭا ئوخشاش تىلسىز قىزلار بۇ قەدەمنى ناھايىتى ئېھتىياتلىق بىلەن باسىمسا، ئەبىدى ئەلەم چېكىدۇ! تەبىئەت تىلسىز، قارغۇ، توكۇر، سەت، قىسقىسى، مېيىپ يارىتىپ قويغان قىزلار ئۆز ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن، كۆپىنچە، روھىي قۇۋۋەت بىلەن ياشايدۇ. ئۇلارنى چىراي جەھەتتە جازالىغان تەبىئەت، يەنە ئۇلارنى كىچىك پېئىل، تارتىنچاق، كەمسۆز مىجەز بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. دۇنيادا ياشاش ئۈچۈن يىمەك-ئىچمەكلا كېرەكمىدى؟ روھىي ئوزۇقمۇ كېرەك!... ئەلىشىر ناۋايىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنسان ئۈچۈن تاج كىيىمەك شەرت ئەمەس، لېكىن نومۇس ۋە ۋىجدان ئىگىسى بولۇش شەرت. تەبىئەت تەرىپىدىن نۇقسانسىز يارالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، ئاز بىر قىسمى ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىغى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ياشايدۇ. چىراي بەزىلەر ئۈچۈن گويا ئالاھىدە بىر خىل تاۋار. شۇنداقىمۇ كىشىلەر باركى، ئۇلار ئەتىگەندە بىرسى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ، ئاخشىمى ئادا-جۇدا بولۇدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلچە پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مەن ھازىر سىزنىڭ ھىلىقى گېپىڭىزگە جاۋاپ بېرەلمەيمەن، بۇنىڭ سەۋەۋىنىمۇ ئەسكەرتتىم. ئالدى بىلەن، سىزمۇ مېنى ئوبدان چۈشىنىڭ، مەنمۇ سىزنى ئوبدان چۈشىنەي...

بەختىڭىزنى تىلەپ:
هۆرمەت بىلەن سائادەت.»

خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرالماي قالدىم. تونۇشقان ۋاقتىمدىن تارتىپلا بۇ قىز مېنىڭ ئۇستازىم سۈپىتىدە، ماڭا هاياتقا توغرا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەتتى. روهىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلدى. ئەمدى ئۇ هازىر مېنىڭ قەلبىمدە بىردىن-بىر هۆكۈمرانغا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئەمدىكى گەپ ئۇنىڭ نىمە دىيىشىدە قالدى.

8

سائادەتلەرنىڭ ئىشىگە يېتىپ كېلىپ قالغىنىمنى سەزمەپتىمەن. كىرسەم ئۇ كىتاپ ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنىڭ هايالسىزلا يەنە كەلگەنلىگىمگە ئەجەپلەنىدى بولغاي، قاراپلا قالدى. مەن نىمە دەپ غەرىزىمنى ئۇقتۇرسام بولار، قانداق ئىشارە قىلاي دەپ ئويلىدىم-دە، ئالقىنىمنى لېۋىمگە تەگكۈزۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ناهايىتى خىيالچان ۋە مىسكىن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، ئىختىيارسىزلا كۆزۈمدىن ياش چىقىپ كەتتى، بېشىمنى يېزىق ئۈستىلىگە قويىدۇم، قولۇم بىلەن كۆزۈمنى ئېرتىشقا باشلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن، بىرسىنىڭ يۇمشاق قوللىرى بېشىمنى ئاستا قايرىدى، ۋۇجۇدۇم سىماپتەك ئېرىدىپ، تىترەشكە باشلىدى، بۇ سائادەت ئىدى. ئۇ ئاپپاق قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، مېهرىلىك قەلبىدىن تەسەللى بەردى. ئۇنىڭغا قاراپ غەمكىن كۈلۈمسىرىدىم. ئۇ مېنى ئاخشىمى كىنو كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

بىر ۋېكتور گيوگونىڭ «پارىژدىكى بۇۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» دىگەن فىلمىنى كۆرۈپ قايتتۇق.

سائادەتلەرنىڭ ئىشىگى ئالدىدا بىر ئېرىق سۇ ئاقاتتى، مەجنۇنتاللار راسا باراقسان بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئىشىك ئالدىدا تاختايدىن ياسالغان ئورۇندۇق بولۇپ، مەن سائادەتنى ئولتۇرۇشقا ئىشارە قىلدىم، بىز ئاستا ئولتۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇردى. مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادىمىڭ بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش نەقەدەر لەززەتلىك-هە؟!... بىراق سائادەت تېخى ماقۇل دىمىدى. مەن ئۇنى نوقۇدۇم. ئۇ، ماڭا قاراپ، «نىمە؟» دىگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. مەنمۇ، مېنىڭ سوئالىمغا نىمە دەيسىز؟ دىگەندەك قىلىپ، بېشىمنى لىڭشىتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ ئۇزۇن تىكىلدى-دە، ئاندىن قوللىرىنى ئاستا ئاپىرىپ لېۋىگە تەككۈزۈپ، شۇ قولى بىلەن مەڭزىمنى سىلىق سىلىدى. ئاي نۇرىدا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىگە قونغان ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم، مەنمۇ ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى مېهرىۋانلىق بىلەن سۈرتتۇم. ئۇمۇ ئاستا ئەكىلەپ كۆكسۈمگە بېشىنى قويدى...

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1982 - يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى.)

# ئەينەك

تېيىپجان ئېلىيوپ

## كىرىش سۆز

بەدىئىي ئەدەبىيات ئىجتىمائىي ھايات ئەمەلىيىتىنىڭ بىر خىل (ئوبرازلىق) ئىنكاسى بولغىنىدەك ئۇنىڭدىكى ھەر خىل ژانىر ۋە شەكىللەرمۇ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىستېتىك زوقلىرىنىڭ خىلمۇ-خىللىغى (ئاشۇ خىلمۇ-خىللىقنىڭ تەلەپ ۋە ئېھتىياجى) دىن تۇغۇلغان بەدىئىي خۇسۇسىيەت ياكى بەدىئىي ئامىل. مەزمۇن شەكىل تاللايدۇ. ھەرقانداق شەكىل مەلۇم مەزمۇنغا ئۇيغۇنلاشقاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولۇدۇ.

جىسمىگە قاراپ ئىسىم بولۇدۇ،
بەستىگە قاراپ پىچىم بولۇدۇ.

لېكىن خىلمۇ-خىل، مول مەزمۇنغا ئىگە ئىجتىمائىي ھايات ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن ھەر قانداق ئەدەبىي ژانىر ۋە شەكىل چەكلىمىلىككە ئىگە. شۇڭلاشقا بىز مەلۇم بىر خىل ژانىردا يېزىلغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەردە يەنە بىر خىل ژانىر ئامىللىرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىگىنى ئۇچرىتىپ تۇرۇمىز. دېمەك، ژانىرلار بىلەن ژانىرلار ئوتتۇرىسىدا زادى ئۆتكىلى بولمايدىغان مۇتلەق چېگرا يوق. شۇڭا ھەتتا ئۇ خىل ژانىر بىلەن بۇ خىل ژانىر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ئەبجەش ژانىرلارمۇ بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن: ئۇلۇغ پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ «گۈلىستان»، جياۋشۇلىنىڭ «لى يۈ-سەينىڭ قوشاقلىرى»غا ئوخشاش ئەسەرلەر ئەنە شۇنداق (نەسرىي ھەم شېئىرىي ژانىرنىڭ بىرىكمىسى بولغان) ئەبجەش ئەسەرلەر.

مەن ئاساسەن شېئىر بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىمەن (راستىنى ئېيتقاندا، مېنىڭ بۇ جەھەتتە ئىگەللىگەن ھۈنىرىممۇ چاغلىق)، ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن، كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەن ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بەزىبىر مەنىلىك ۋەقەلەرنى شېئىرىيەت بىلەن ئىپادىلەشتە قىيىنلىنىپ قېلىپ، باشقا ژانىرلارنىڭمۇ مۇۋاپىق پايدىلىنىش زۆرۈرىيىتىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، ئەبجەش ژانىردا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى كۆرۈپ، بولۇپمۇ يولداش رەجارى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «گۈلىستان» نى تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ خىل شەكىلگە خېلىلا قىزىقىپ قالدىم، نەتىجىدە، بۇرۇن قانداقچە يازسام بولار، دىگەن بەزى نەرسىلەرنى مۇشۇ شەكىلدە يېزىپ بېقىۋىدىم، كۆرگەن يولداشلار خېلى قىزىقتى، بۇنىڭ ئىلھامى بىلەن شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى داۋاملىق يېزىپ، ئاخىرى «ئەينەك» ناملىق بىر كىتابچە تۈزۈپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. ھازىرچە 20 پارچىدەك يازدىم ۋە كىتابخانلارنىڭ رايىنى سىناپ بېقىش مەقسىدىدە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى «تارىم» ژورنىلىغا سۇندۇم. ئەگەر بۇ نەرسىلەر كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ مەلۇم ئالقىشىغا ئىگە بولالىسا، داۋاملىق يازىمەن.

شائىر دوستۇم، سۆزۈڭگە بارمۇ خېرىدار،
گەر خېرىدار بولمىسا، زورۇقما ياساپ.
سۆزلىمىگىن بازاردىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ،
«توغرا كەلمەس بازارغا ئۆيدىكى ھېساپ.»

×

تەقلىت قىلار ئادەمگە مايمۇن،
ئادەم ئۇنى قىلغايمۇ ئۈلگە!

راس گەپ قىلىپ پەگادا ئولتۇر،
يالغان سۆزلەپ چىققىچە تۆرگە.
تۆرگە چىقىپ ئالغىنى بىلەن،
ئادىل قازى بولالماس تۈلكە.
يالغان كۈلكە قىلار دىلنى غەش،
يالغان يىغا قوزغايدۇ كۈلكە.

بۇ مىسرالار ئالدى بىلەن ئۆزەمگە ئاگاھلاندۇرۇش.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتقۇم كېلىدۇ: بۇ «ئەينەك» تە (مەيلى، ‹بۇرۇن بولغان ئىكەن› دىگەن ھېكايىلار بولسۇن ياكى ھازىرقى رىئال ھاياتىمىز ھەققىدە توقۇلغان ھېكايىلار بولسۇن) ئىجتىمائى ئىللەتلەرنى (رەزىللىكنى) سۆكۈدىغان نەرسىلەر خېلىلا بار. بۇنداق نەرسىلەر ھەققىدە ھازىرمۇ گۇمان بىلەن قارايدىغان كىشىلەر يوق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «كونا ھېكايىلارنى ئېيتىش بانىسىدا ھازىرقى زامانغا دارىتىپ ھۇجۇم قىپتۇ» ياكى بەزىلىرى: «پالانى ئوبراز ئارقىلىق پۇس-تانى رىئال شەخسكە سانچىۋاپتۇ» دىيىشى مۇمكىن. دىسە دەۋەرسۇن، ھەر كىمنىڭ ئاغزى ئۆزىنىڭ. لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇنداق «دارىتىپ ھۇجۇم قىلىش» ياكى «سانچىۋېلىش» نىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىگىنىڭ ئۆلچىمى ئۇنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە تېپىك نەرسە بولۇش-بولماسلىغىدا. ئەگەر ئۇ ئىجتىمائى ئەھمىيەتكە ئىگە، ياكى ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك تىپ بولۇدىكەن، بۇ ھەقتە گۇمانخورلارنىڭ پوپاڭ كۆتىرىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. بۇ خىل تېپىك ئىللەت كىمدە بولۇدىكەن، ئىللەتنى ئەيىپلەش نەشتىرى ئۇنىڭغا سانچىلىپ كەتسە، بۇنىڭ نىمە زىيىنى؟ شۇنداق دىيىش مۇمكىنكى، كىمكى بۇ خىل ئەيىپلەش ئالدىدا سەكرەپ كەتسە، يازغۇچىمۇ خوشاللىقتىن تاقلاپ كېتىدۇ.

×

كىتاپخان دوستۇم، قولۇمدىن كەلسە،
شۇنداق بىر ئەينەك ياسىسام دەيمەن.
ئۇنىڭدا ئادەم رەڭگىلا ئەمەس،
ھەتتا قەلبىمۇ كۆرۈنسە ئەينەن.
قىزىقتۇرسا كۆرگۈچىلەرنى،
ئۇنىدىكى ھەر خىل خىسلەت سۈرىتى.

زوقلاندۇرسا ئېزگۈ پەزىلەت،
يىرگەندۇرسە ئىللەت سۈرىتى.

×

كىتاپخان دوستۇم، ئەينىگىم مۇشۇ،
مەن سەندىن يەنە ئەينەك تىلەيمەن.
ئاشۇ ئەينەكتە كۆرۈپ ئۆزەمنى،
ئىللەتلىرىمگە بەرھەم بېرەي مەن.

## خوشامەت مەستانىسىنىڭ ئاقىۋىتى

بۇرۇن بىر پادىشا بار ئىدى. ئۇ خو-شامەتتىن بەكمۇ لەززەتلىنەتتى. شۇڭا ئوردا ئىچى خوشامەتچىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. پادىشا خوشامەت كەيپىدىن، خوشامەتچىلەر ئىنئامىدىن ياپىرىغانىسېرى، يۇرتنىڭ ئاھۇ - زارى كۈچەيدى.

بۇ ئەھۋالدىن بىزار بولغان ئاقىل ئاتلىق ۋەزىر مۇنداق بىر شېئىر يېزىپ، پادىشاغا سۇندى:

«سەگىمەس مەستلىككە قىلار گىرىپتار،
خوشامەت ساقىسى ئۇزاتقان شاراپ.
تەلەپكار بولسا شاھ بۇنداق شاراپقا،
ئۇزۇن ئۆتمەي تەختتىن چۈشۈدۇ غۇلاپ.»

بۇ شېئىرنى ئوقۇغان پادىشا قەھرى - غەزىۋىنى باسالماي، ئاقىل ۋەزىرنى ئوردىدىن ھەيدەپ، يىراق بىر جەزىرىگە سۈرگۈن قىلىۋەتتى.

ئاقىل بۇ جەزىرىدە بىر غارنى ماكان تۇتۇپ، تېرىقچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى...

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بىر كۈنى غارنىڭ ئالدىدا جۇل - جۇل جەندىگە ئورالغان بىر دىۋانە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاقىلنى كۆرۈپلا، ئايىغىغا يىقىلىپ، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىغىلى تۇردى. ئاقىل ئۇنى تونۇدى، بۇ بايىقى پادىشا ئىكەن. ئاقىلنىڭ:

— نىمە ئىش بولدى؟ — دىگەن سوئالىغا پادىشا:

— يۇرت غەلىيان كۆتىرىپ، ئوردىغا باستۇرۇپ كىردى. ماڭا ئېگىلىپ توققۇز تازىم قىلىدىغان، بۇ ئەجرى ئۈچۈن ئىنئام - مۇكاپاتقا غەرق بولغان ئوردا ئەئيانلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈدى. مەن جېنىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، دىۋانە قىياپىتىگە كىرىپ، ئوردىدىن ئاران قېچىپ چىقتىم، — دەپ جاۋاپ بەردى-دە، بىردىنلا ئارقىسىغا قاراپ، غالىلداپ تىترەپ ۋاقىراپ كەتتى، — ۋاي جان، يائاللا، غەليانچىلار مېنى ئىزلەپ بۇ يەرگە بېسىپ كەلمىگىدى!...

ئاقىل ئەھۋالنى چۈشىنىپ پادىشانى يۆلەپ تۇرغۇزدى - دە:

— بۇ يەرگە غەلىيانچىلارنىڭ ئەمەس، بەلكى ھىلىقى تازىچىلارنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن خۇدا ساقلىسۇن. چۈنكى باشلىرىغا كەلگەن بۇ پالاكەت خوشامەتچىلىك ۋە خوشامەت مەستانىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ، — دىدى.

پادىشا نىمە دىيىشىنى بىلەلمەي، ئىچ- ئىچىدىن چوڭقۇر ئۇھ تارتتى...

×

خوشامەتچىلەرنىڭ ئېگىلگەن قەددى،
پەزىلەت ئەھلىگە كۆرۈنىدۇ يا.
ئۇلارنىڭ شۇنچە «تۈز» ياغلىما سۆزى،
شۇ ياغا تارتىلغان زەھەر ئوق گويا.

شاھنىڭ خوشامەتكە خۇشتار بولىشى —
ئۆزىنى شۇ ئوقتا تۇتۇپ بەرگىنى.
خوشامەتچى كۆلسە، يىغلايدۇ پۇخرا،
پالاكەت باسىدۇ چوقۇم ئوردىنى.

×

كىم چىقالىغان ئاسمانغا ئۇچۇپ،
خوشامەتچىلەر بەرگەن يەل بىلەن.
داشقال ھىچقاچان ئالتۇن بولالماس،
سىرتىغا بەرگەن يالغان ھەل بىلەن.
يەيسەن پۇشايمان، پەرق ئېتەلمىسەڭ،
رىياكارلىقنى راست ئەمەل بىلەن.

×

خوشامەتچى ئادەم زەھەرلىك،
تەلەپكارى ئاندىن خەتەرلىك.

## مەنسەپ خۇمارى

بىر چاغدا مەن قەشقەر شەھرىدىكى «دوغا بەگ كۆل بېشى» دىگەن مەھەللىگە بېرىپ، بۇ غەلىتە نامنىڭ تارىخىنى سۈرۈشتۈردۈم. بىر مويسىپىت ئادەم بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھىكايىنى سۆزلەپ بەردى:

«بۇرۇن بۇ مەھەللىدە بىر دوغا بەگ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ئۇزۇن يىل مۇشۇ مەنسەپتە تۇرۇپ، كىشىلەرگە بۇيرۇق قىلىشقا بەكمۇ ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ، بۇ مەنسىۋىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ، بىراق دوغا بەگلىكتىن سىڭىپ قالغان بۇيرۇق قىلىش ئادىتىنى تاشلىيالماپتۇ. شۇڭا ئۆز ئۆيىدە بىردەم ‹بۇنى بۇنداق قىل›، بىردەم ‹ئۇنى ئۇنداق قىل› دەپ ئۆي ئىچە-

دىكىلىرىنى بەكمۇ بىزار قىلىۋېتىپتۇ. شۇڭا بىر كۈنى خوتۇنى: «بېگىم، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇپ بۇيرۇق قىلىۋەرگىچە، ئىشىك ئالدىدىكى كۆل بېشىغا چىقىپ، سۇ ئالغىلى كەلگەن ئادەملەرگە بولسىمۇ بۇيرۇق قىلىپ، ئىچ پۇشۇقلىرىنى چىقارسىلا بولمامدۇ؟» دەپتىكەن، شۇندىن كېيىن بۇ سابىق دىۋا بەگ ھەر كۈنى كۆل بېشىغا چىقىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە سۇ ئالغىلى كەلگەن ئەر-ئاياللارغا: «ھەي، سەن سۇنى مەيەردىن ئال»، «ھەي، سەن سۇنى ئاۋۇ يەردىن ئال» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىرى «دوغا بەگ كۆل بېشى» دېگەن ئاتاقنى ئاپتۇ. گەرچە بۇ مەسخىرىلىك نام بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە خېلىلا تەسەللىي بېرىدىكەن. بارا-بارا بۇ مەھەللىنىڭ نامىمۇ «دوغا بەگ كۆل بېشى» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ. بىر ھىساپتا، بۇ نامنى خەلقنىڭ مەنسەپخۇمارلارغا بولغان مەسخىرىسىنىڭ بىر خاتىرىسى دېسەكمۇ بولىدۇ...»

بۇ ھېكايە راست تارىخىي پاكىتمۇ-ئەمەسمۇ، بۇنى قايتا ئىنچىكىلەپ تەكشۈرمىدىم، لېكىن مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، مەن بۇنى بەكمۇ مەنىلىك ھېكايە ئىكەن دەپ خاتىرىلىۋېلىپ، بۇ ھەقتە بۇنداق تەسىراتلارنىمۇ يېزىپ قويدۇم:

مەنسەپ جاندىن ئەلا مەنسەپخور ئۈچۈن،
ئاچىدۇ شۇنىڭدىن يولنى تۆر ئۈچۈن.
مەنسەپ بەرگۈچىنى ھاياتبەخش ساناپ
جېنىنى تىكىدۇ تەشەككۈر ئۈچۈن.

×

دوغا قامچىسىدىن ئايرىلىپ قالسا،
ئالىدۇ قولىغا تاشنى بولسىمۇ.
چامى يەتمىگەندە ئادەم ئۇرۇشقا،
كۆڭلى ئارام تاپار ئىتنى ئۇرسىمۇ.

×

ئاغزى بۇيرۇققا ئۆگەنگەن ئادەم،
ئۇنىڭسىز تىلىنى ئالىدۇ چىشلەپ.
كۆڭلىنى خۇش قىلار، بولمىغاندا ئۇ،
توخۇنى «تاخ» دەپ، مۈشۈكنى «پەش» دەپ.

×

ھايانكەش بولىدۇ زەھەر يۇتقاندەك،
چاندۇرسا، يا كاسات بولسا بازارى.
ئۇنىڭدىن ئېغىرراق كۈنىگە قالىدۇ،
مەنسەپتىن ئايرىلغان مەنسەپ خۇمارى.

## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

بۇرۇن بىر كاززاپ بار ئىدى. پۇل بەرسىلا ھەر قانداق يالغان گەپ قىلىشتىن، ھەر قانداق يالغان گۇۋالىققا ئۆتۈشتىن يانمايتتى. ئۇقۇشماي تېگىپ قالغان نومۇسچان خوتۇنى ئۇنىڭ بۇ خۇي - پەيلىدىن ئۆلگۈدەك بىزار بولۇپ، ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسىمۇ، زادىلا خېتىنى ئالالمىدى. ئۇ خوتۇننىڭ دەردىدىن خەۋەر تاپقان بىر ئەقىللىق ئادەم ئۇنىڭ ئېرىدىن ئاجرىشىپ، ئازاپلىق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدۇ - دە، بىر كۈنى بىر دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ، ھېلىقى كاززاپنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا قىرىق تەڭگىنى تەڭلەپ:

— سەن يالغان گەپ قىلساڭ، مۇشۇ پۇلنى بېرىمەن، — دېۋىدى، كاززاپ دەرھال:

— بولىدۇ، پۇل بەرسەڭلا، ھەر قانداق يالغان گەپنى قىلىشقا تەييارمەن! — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، قېنى، يالغاندىن «خوتۇنۇم ئۈچ تالاق» دەپ باققىنا!

— دىمەي نىمىسى بار، خـوتۇنۇم ئۈچ تالاق! ئەكە پۇلنى.

كاززاپ 40 تەڭگىنى ئېلىپ، خوشاللىق-تىن قىن - قىنىغا پاتماي قالدى.

هايال ئۆتمەي، ھىلىقى ئەقىللىق ئادەم دوستى بىلەن بىللە بېرىپ، بۇ ئىشنى قازىغا ئەينەن مەلۇم قىلدى.

قازى ئادىل ھەم تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ئۇ، بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، كۈلۈپ كېتىپ، مۇنداق دىدى:

كاززاپلارنى رەسۋا قىلىشنى
ئەقىللىق ئادەم بىلمەس نومۇس دەپ.
يامانغا يامان جاۋاپ بەرگۈلۈك،
«ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دەپ.

ئاندىن دەرھال ھىلىقى كاززاپنى چا-قىرتىپ سوراققا تارتتى. كاززاپ بايا دىگەن سۆزنى «مەن دىمىگەن» دەپ تېنىۋالماقچى بولۇۋېدى، قانۇن ئېتىراپ قىلغان ئىككى گۇ-ۋاچى ھازىر بولغانلىغى ئۈچۈن ئامالسىز قال-دى - دە:

— يالغاندىن دەپ قويغان ئىدىم، — دەپ قۇتۇلماقچى بولدى.

— توختا، ئالدىرىما، — دىدى قازى كاززاپقا، — يالغانچىلىغىڭ ئۈچۈن ئالدىغان «مۇكاپاتىڭ» باشقا. ئالدى بىلەن مۇنۇ ھۆ-كۈمنى ئاڭلا: مەيلى راستىن، مەيلى يالغاز-دىن دىگىن، ئاغزىڭدىن «خوتۇنۇم ئۈچ تا-لاق» دىگەن سۆز چىققان ئىكەن، شەرىئەت ھۆكمى بويىچە خـوتۇنۇڭ ئەمدى ساڭا راۋا ئەمەس!

كاززاپ بۇ ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈر-گەن ئىدى، قازى:

— بەس! تېخى يەنە بىر ھۆكۈم بار، — دىدى - دە، پەششاپنى چاقىرىپ بۇيرۇق قىل-دى، — بۇ كاززاپقا 40 دەررە ئۇرۇڭلار. يېنىدىكى قىرىق تەڭگىنى ئېلىپ، ھازىرلا ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىڭلار. بۇنىڭدىن باشقا، يالغان ئېيتىپ تاپقان پۇللىرىنى قايتۇرمىغىچە زىنداندا ياتسۇن!

كاززاپ پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى سېتىپ، جازا سېتىۋالدى.

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەپ يېزىپتۇ:

كىمكى كاززاپلىقنى گەر كەسىپ ئەيلىسە،
ئۆزۈدۇ نومۇس - ئۇياتتىن رىشتىنى.
راست گېپى يوق كىشىنىڭ،راست دوستى يوق،
دۈشمىنى كۆپ، ئۆزى ئەڭ چوڭ دۈشمىنى.

## ياخشى جاۋاپ

بىر خادىم باشلىقىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— كۆڭلۈمگە بىر ئىش بەك ھار كېلىپ، ئۆزلىرىگە دەرت ئېيتقىلى كەلدىم. ئىدارىمىز-دىكى بەزىلەرمۇ مېنى «ماڭقا» دەپ ھاقارەت-لەپ، كۆڭلۈمگە ئازار بېرىۋاتىدۇ. مەسىلەن:...

ئۇ ئۆزىنى «ھاقارەتلەپ ئازار بېرىۋات-قانلار»نىڭ نامىنى بىر بىرلەپ ئاتاپ، باش-لىقتىن ئۆزىگە ھىسداشلىق جاۋاپ كۈتتى.

باشلىق ئۇنىڭ بۇرنىغا سەپ سالدى: يەنىلا قاسماق باغلاپ كەتكەن پېتى تۇرۇپ-تۇ. «توۋا، — دىدى باشلىق ئىچىدە، — ئۆزى ماڭقا بولۇشنى ھار ئالماي، كىشىلەرنىڭ «ماڭ-قا» دىگىنىنى ھار ئالغىنى قىزىق.»

شۇنداق بولسىمۇ باشلىق يەنە بۇ شە-كايەتچىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— بۇرادەر، كىشىلەرنى ھاقارەتلەش ياخشى قىلىق ئەمەس...— دىيىشىگە، شىكايەت-چى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، «ھاقارەت قىلغۇچىلار»نى دەرھال جازالاشنى تەلەپ قىلدى.

— مەن سۈرۈشتۈرەي، — دىدى باشلىق ھەم خاتىرە دەپتىرى ئىچىدىن بىر ۋاراقىنى ئۈزۈپ، — بىر چاغدا بىر شائىر دوستۇم

(ئاخىرى 156 - بەتتە)

# يۇمۇر ۋە ساتىرا

## ئىككى قۇشقاچ

ئابلىكىم باقى

ئىككى قۇشقاچ بالىسى
بىللە ئۇيناپ يۈرۈپتۇ.
ئىگىز دەرەخ ئاستىدا
قىزىق بىر ئىش كۆرۈپتۇ.
كەپتۇ كىچىك بىر بالا،
يوغان داسنى كۆتۈرۈپ.
ياغاچ تېرەك تىرەپتۇ،
ئېسىنى دۈم كۆمتۈرۈپ.
داس ئاستىغا ئۇ بالا،
سېرىق تېرىق چېچىپتۇ.
كىرىپ ئۆيگە ئىشىكنى
قىيا قىلىپ ئېچىپتۇ.
ئىككى قۇشقاچ كۆرۈپتۇ،
يەردە ياتقان شوينىنى.
چۈشىنىپتۇ بالىنىڭ
قۇشقاچ تۇتۇش ئويىنى.
ۋىچىرلىشىپ ئىككىسى،
مەخپىي پىلان تۈزۈپتۇ.
نۆۋەتلىشىپ ئۆزئارا
داس ئاستىغا چۈشۈپتۇ.
بىرسى دانلاپ ئوينىسا،
بىرسى قاراپ تۇرۇپتۇ.
شوينا مىدىر قىلسىلا،
ئۆزىن چەتكە ئۇرۇپتۇ.
دانلىشىپتۇ قۇشقاچلار،
نەچچە قېتىم ئالمىشىپ.
سوقۇشۇپتۇ بىر چاغدا،
قىزغىنىپ، دان تالىشىپ.
مېنىڭ راس دەپ ئىككىسى
تالىشىپتۇ نۆۋەتنى.
سوقۇشۇپتۇ ئۆزئارا،
ئۇنتۇپ دوستلۇق - ھۆرمەتنى.
بىر چاغ باسماق گۈم قىلىپ،
ئىككىسنى بېسىپتۇ.
ئاشۇ چاغدا قۇشقاچلار
ھەسرەت - پىغان چېكىپتۇ.
ھالاك بوپتۇ ئاخىرى
جىدەل بىلەن ئىككىسى.
دوستلار ئىناق بولمىسا
كىمگە بولار پايدىسى؟

## بىر توينىڭ تارىخى

ئىبراھىم ئىزاق

بولمىدى بىر ئاي تېخى ياندىشىقلى، ئۇچرىشىپ قالساقمۇ بەزەن كوچىدا،
كەلمىدى پەيت بىر قېتىم ئۇچراشقىلى. كۆز بېقىشتۇق بولمىدى مۇڭداشقىلى.

AltunOq

.....

تېپىشىپ ئالدىنقى بىر يەكشەنبىدە،
تاسلا قالدۇق ھۆكىرەپ يىغلاشقىلى.
سىر ئېلىشتۇق قەلبىمىز چىقتى تۇتاش،
ۋەدىلەشتۇق ئۆزئارا سىرداشقىلى.
قوشۇلمىدى ئاتا ـ ئانىمىز، لېكىن،
ئۇنىمىدى چايغىنىڭ قاتناشقىلى.
تېز تۇتۇش قىپ كەلگۈسى يەكشەنبىنى،
تاللىۋالدۇق خەت ئېلىپ، تويلاشقىلى.
توينى قىلدۇق شۇ كۈنى بىز ئالدىراش،
(نىمە ئامال بولمىسا چىداشقىلى).
ئۆتتى پەقەت ئارىدىن ھەپتە تېنچ،
باشلىدۇق دۈشەنبىدە تىللاشقىلى.
قىلدى تارلىق ئۆي تۈگۈل، ھويلا ـ ئارام،
باش قويۇپ پەشۋا ئېتىپ مۇشلاشقىلى.
بەزدى بىزدىن خورسىنىپ، ئەل ـ يۇرت پۈتۈن.
ئۇنىمىدى خوشنىلار ئارىلاشقىلى.
تازا نەس كۈن بولدى سەيشەنبە ماڭا،
قاچتى قىز، مەن باشلىدىم قوغلاشقىلى.
ئۆتكىچە پەيشەنبە، ئاران چىدىدىم،
شەنبىنى قىلدۇق قارار ئاجراشقىلى.

.....

چۈشىنىپ ئەركىن مۇھەببەتنى خاتا،
تاسلا قالدىم جان بىلەن خوشلاشقىلى.
«پەندىيات! ئىبرەت ئېلىڭ مەندىن» دىدىم،
كۆپ سىنىشىپ توي قىلىڭ قاملاشقىلى.

# پىرىكازچىك قىز

**ئەنۋەر شەيدايى**

«قېنى، مال تاللاپ ئېلىڭلار كۈتىمىز ھۆرمەت بىلەن»،
دەپ يېزىلغان پۇكېيىڭىز ئالدىغا زىننەت بىلەن.
كۆزلىرىم چاقناپ بۇ خەتتىن سۆيۈنۈپ كەتتى دىلىم،
تاللىماق بولدۇم بىرەر مال، مەنىڭ شۇ رىغبەت بىلەن.
زەڭ قويۇپ كۆز سالغىنىمدا سەرخىلى مالغا شۇ چاغ،
چېھرىڭىزدىن ياغدى مۆلدۈر، كەتتىڭىز بىر چەت بىلەن.
ئۆتتى ئەللىك بەش مىنۇتىڭ قولىڭىز بولماي بىكار،
چۈشتىڭىز قىزدىق پاراڭغا ئۈچ ئوغۇل ئۇلپەت بىلەن.
توپلىشىپ كەتتى خېرىدار مال سېتىپ ئالماق ئۈچۈن،
ۋە لېكىن سىز يەنە شۇنداق ئالدىراش سۆھبەت بىلەن.
غۇلغۇلا قاپلاپ دۇكاننى توۋلىدى بىرسى شۇ ئان،
كەلدىڭىز ئاخىر يېتىپ بەك رەنجىگەن تەلەت بىلەن.
تاللىماستىن قولىڭىزغا قايسى رەخت چىقسا شۇنى،
ئاتتىڭىز پۇكەيگە پۇملاپ تۈگىمەس مىننەت بىلەن.
تاقىتىم تۈشقاچقا ئاخىر مەن دىدىم: «بولماڭ خاپا،
قول ئۈزۈپ ناچار قىلىقتىن، بەنت بولۇڭ خىزمەت بىلەن!»
رەڭگىڭىز ئۆڭدى بىرلەكچە، پەيلىڭىز ئاندىن يامان،
«ھەرنە قىلسام ئىختىيارىم» دىدىڭىز نەپرەت بىلەن.

تۇردىڭىز قاپاقنى دەرھال، تۇردىڭىز مۇزدەك قىتىپ،
كۆزىڭىزنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ھەيۋەت بىلەن.
قايتتى خەق مال ئۇرنىغا مىڭلاپ تاغار دوقنى ئېلىپ،
كۆڭلى تولدى غەشكەلىق شۇ سىزدىكى «شەپقەت» بىلەن.
ئويلىدىم: كىرگەن ئىكەنسىز بۇ دۇكاننى «باغچا» دەپ،
جان بىقىپ، كۈن ئۆتكۈزۈشكە، بىر يامان ئىللەت بىلەن.
بۇ سەممىي سۆزكى سىزگە: ئەمدى توگلۇق ياقمىغاي،
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىڭ كۆپ، ئەڭ ئىسىل خىسلەت بىلەن.
شۇندىلا خالى بولۇرسىز ئاغرىنىش - رەنجىشلىدىن،
ئەلمۇ ھەم قوللايدۇ سىزنى مال ئېلىپ رەت - رەت بىلەن.

# غول بىلەن نوتا

ئۆمەر مۇھەممەت ئىمىن

كۆزى چۈشۈپ قالدى ئالما غولىنىڭ
يېنىدىكى تۈپ - تۈز، يۇمران نوتىغا.
پىچىرلىدى ئىچى قايناپ تۇرالماي:
«نەدىن تەككەن ھالدۇر بۇ ياش نوتىغا؟»

دىدى ئاخىر تۆگەپ ئۇنىڭ تاقىتى:
— كارامىتىڭ قالتىسكەنغۇ، ئەي نوتا!
بوي تالىشىپ كەتتىڭ نىچۈن مەن بىلەن،
ئىچىڭ دائىم قىزىرامدۇ يا ماگا؟

يېشىڭمۇ كۆپ كىچىك تۇرۇپ مېنىڭدىن
بەرمەي تۇرۇپ باغۋەنگە ھەم زەررە نەپ؛
مەغرۇرلۇقنى ئۆگەندىڭ سەن قەيەردىن،
نىمانچىلا بولۇپ كەتتىڭ بى ئەدەپ؟

لايىغىدا جاۋاپ قىلدى نوتىمۇ:
— كايىپ كەتمەڭ ئۆزىڭىزچە، ئەي ئاغا،
خەيرى نىيەت يوقتۇر مەندە قىلىچىلىك،
يۈكسەك ئارزۇ يىلتىز تارتتى دىل ئارا.

قامىتىڭىز قوزغاپ مېنىڭ زوقۇمنى،
قىلدى ئىتتىك چوڭ بولۇشقا ئىنتىزار.

كىرسەم دەيمەن مەنمۇ سىزدەك دۆڭگە،
سەزسە باغۋەن مەندىنمۇ بىر ئېپتىخار...

بۆلدى نوتا سۆزىنى غول ئاشۇ چاغ،
شاخلىرىنى ھەيۋە بىلەن لىڭشىتىپ:
— ھەر تەرەپكە يورغىلاتما گېپىڭنى،
يۈرگىن مېنىڭ ئالدىمدا سەن ھوش تېپىپ!

نوتا سۆزلەي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە
يېتىپ كەلدى خالىس باغۋەن ئالدىراپ.
دىدى غولغا، سىلاپ تۇرۇپ نوتىنى:
— نىمە بۇنچە تەگەپ كەتتىڭ ۋاقىراپ؟

سەنمۇ كىچىك نوتا ئىدىڭ ئەسلىدە،
يىللار ئۆتۈپ قالدىڭ مانا چوڭ بولۇپ.
كەلگۈسىدە مۇشۇ نوتا سەن كەبى
ئىز باسامدۇ مىۋىلەرگە لىپ تولۇپ؟!...

ئاڭلاپ باغۋەن سۆزلىرىنى،
قىزاردى
خىجىللىقتىن غولنىڭ يۈزى ۋىللىدە.
ئاشۇ تاپتا كۆردى نوتا ئۆزىنى
ئۇلۇغ مەدەت، زور ئۈمىتنىڭ ئىلكىدە!

# ھەشقىپېچەك بىلەن رەيھان

ئامىنە دۆلەت

ئەسلى - زاتى يۆگىمەچگۈل، ئىسمىدۇر ھەشقىپېچەك،
ئېچىلار گۈللەر ئارا، ئەمما گۈلى بەكمۇ پۈچەك.

تاڭ سەھەردە سۆسىنە، ھالرەڭ، بىنەپشە گۈل ئاچار،
چۈشكىچە بەرداش بېرەلمەي، بولۇدۇ يايىپتەك.

ماختىنىپ گۈللەرگە بىر كۈن دېدى: «زور بەستىم مېنىڭ،
قامىتىمنى ماختىشىپ سۆزلەيدۇ بارچە گۈل - چېچەك.

بويلىرىم زىلۋا، ئىگىزدۇر، ئەۋرىشىمدۇر بەللىرىم،
بۈككىدە ياپراقلىرىم گوياكى ھۆسنۈمگە لېچەك.

ھەممىنى مەپتۇن قىلار قات - قات باراخسان شاخلىرىم،
ئولتۇرۇپ سايەمدە باغۋەن چالىدۇ دۇتار، غىجەك.»

دېدى رەيھان: «توختىغىن، بىر پەس سۆزۈمنى ئاڭلىغىن،
بۇ سۈپەت مەنمەنلىگىڭگە قويمىسام بولمايدۇ چەك.

سەن ئەمەسمۇ ئەسلى زاتىڭ گۈل ئەمەس، بىر يۆگىمەچ،
سۆزلىرىڭگە ھېچ ئىشەنمەس قارىغۇ، مەجنۇن، گېدەك.

ئېيتقىنا، ئۆستۈڭ قاچان بىردەك ئۆزەڭ قەد كۆتىرىپ؟
ماغدۇرۇڭ يوق يېپىقا ياماشماي، يۆلەنمەي ئۆسكىدەك.

كىم قىسىپتۇ چېكىسىگە قاي گۈلۈڭنى زوقلىنىپ،
خۇشپۇراق يوقتۇر بىساتىڭدا دىماقنى سەپكىدەك.

شۇ پۈچەك ئەپتىڭ بىلەن قىلدىڭ گۈزەللىكتىن تاما،
بۇ چىمەندە نى گۈزەل گۈللەرنى ئۇنتۇپسەن، دېمەك.»

ھېچ پىسەنت قىلماي بۇ سۆزگە تۇردى ئۇ تولغاپ بويۇن،
بىر شامال چىققان ئىدى، ئۇ بولدى قورقۇپ پايىپىتەك.

تۆكۈلۈپ ياپراقلىرى، كەتتى توزۇپ چېچەكلىرى،
غول شېخى تىترەپ لاغىلداپ، شوينىغا چاپلاشتى بەك.

# خوشامەت بەزمىسىدە

ئوسمان هوشۇر

سارغىيىپتۇ رەڭگى - روھىڭ زەپىراندەك نام ساناپ،
شۇ خوشامەت بەزمىسىدە مەستۇ ھەيران، جام ساناپ.

قاپقىنىڭغا ھېچ ئىلىنماي كەتتى مەنسەپ، ئولجا، نام،
بەتلىدىڭ ئوق بۇ شىكاردا چۆچۈرىنى خام ساناپ.

قىسمىتى ھىلە - مىكىرنىڭ كاج ئىكەنىنى بىلمىدىڭ،
كەلدى تەقدىر ئامىتىڭنى ھەر قېتىمدا كام ساناپ.

كۆلسە ئامەت كىمگە، تولغاندىڭ ھەسەتتىن مىڭ قېتىم،
تۈن ئۇلاشتى قانچە تاڭغا مۆگدىمەستىن شام ساناپ.

تىكلىيەلمەستىن ئەمەلنىڭ مۇنبىرىنى بىر ئۆمۈر،
ئۆرلىيەلمەي ھېچ ئىگىزگە، پەستە قالدىڭ تام ساناپ.

يان تاماگەر، بۇ بازاردا ئەمدى ئاقماس ھېچ مېلىڭ،
خام خىيال قىلما زامانىنى سەن ئۆزەڭگە رام ساناپ.

# پۇشايمان

ئابدۇقادىر ھەسەن

مۆزلەپ بېرەي ئەسلىمدىن،
ئۆتكەن «باھار پەسلىمدىن».
ئىبرەت ئالسۇن خالايىق،
ئەمەلدارلىق ۋەسلىمدىن.
ئەسلىدە بىر دېھقانتىم،
قاساپلىقمۇ قىلغانتىم.
ئوتتۇن يېرىپ، سۇ توشۇپ،
كۆتكۈچىمۇ بولغانتىم.
كىم بۇيرۇسا «ياق» دېمەي،
چەكسەم جاپا «ئاھ» دېمەي،
ئىشلەر ئىدىم لەۋچىشلەپ،
نىمىش بولسا «ۋاھ» دېمەي.

ئىدىم چاققان - تېز ئاياق،
تىلىم يۇمشاق ۋە قايماق.
خوشامەتكە كەلگەندە،
يۈگرەيتتىم يالاڭ ئاياق.
كىملەر لىللا، كىم توغرى،
كىملەر ياۋۇز، كىم ئوغرى،
ئەسلا كارىم يوق ئىدى،
ماڭاتتىم ئىلان باغرى.
شۇنداق ئىشلەپ تىرىشتىم،
ئاكتىپلىققا ئېرىشتىم،
كۆزلەپ ئىگىز پەللىنى،
يېڭى ئىشقا كىرىشتىم.

كادىرلىقتا تاللاندىم،
باشلىقلىقتا سايلاندىم،
باپلاپ ئىشنىڭ يولىنى،
مەنسەپدارغا ئايلاندىم.
ئەمدى نەپسىم ئېچىلدى،
رىسقىم نۇرغۇن چېچىلدى،
پۇت - قوللىرىم ئۇزۇراپ،
مەنپەئەتكە چېپىلدى.
ئۆزمە كۈندە پېشامدۇ،
ئامەت كۈندە ياغامدۇ،
ئۆزى كەلگەن لوق گۆشنى،
يېمەي نەپىس چىدامدۇ؟
سوغات كەلسە ئەپ تۇردۇم،
«رەھمەت سىزگە!» دەپ تۇردۇم،
گالدىن ئۆتكەن غەنىمەت،
مۆكۈلدىتىپ يەپ تۇردۇم.
كەلسە پۇخرا هال ئېيتىپ،
ئەرز قىلىپ دات ئېيتىپ،
ماختىناتتىم گىدىيىپ،
ئادالەتتىن سۆز ئېيتىپ.
ئاستىرىتتىن سەپ سېلىپ،
سومكىسىغا قارايتتىم،
قۇرۇق كەلسە باش تاتلاپ،
چاچلىرىنى تارايتتىم.
ئىتتىك «ماقۇل» دېمەيتتىم،
كەسكىن «ياق» مۇ دېمەيتتىم،
ئەتەي سوزۇپ ئارقىغا،
مەنپەئەتكە قارايتتىم.
بەدەل بېرىپ دۆلەتتىن،
نەپنى سوقتۇم گول خەقتىن،
تەلىيىم يوق نىسىدىن،
يولنى تۇتتۇم دەل نەقتىن.
ئالدانىمدىم ئالمىغا،
توشتى قوتان چارۋىغا،
سىغماي قالدى سەرەمجان،
نەچچە ساراي، هارۋىغا.

چىقسا بوران قاياقتىن،
بايقىۋېلىپ يىراقتىن،
دەمال شۇ يان ئاغاتتىم،
قالماي سالپى - ساياقتىن.
يۇقۇرىغا مۆكچىيىپ،
يىغلامسىراپ ئۆمچىيىپ،
راست - يالغاننى قوچۇيتتىم،
هىجىيىپلا دۈمچىيىپ.
نۇتۇق يازسا كاتىۋىم،
چىقىپ تۇردى ئاتىغىم،
خىزمەت بىلەن ئەسلىدە،
بولمىسىمۇ چاتىغىم.
كەتتى تىنىم مىلىقلاپ،
تىنالمايمەن پىخىلداپ،
قەدەملىرىم بەك كىچىك،
ماڭالمايمەن مىتىلداپ.
بولدى مەنسەپ بايلىغىم،
مىنىپ ئوينار تايلىغىم،
كۆزلىدىم مەن هەممىدە،
ئۆز مەنپەئەت، شاتلىغىم.

ئەپنى تاپتىم دەپتىمەن،
ئىزلەپ سوقۇپ يەپتىمەن،
بولغاچ ئىشىم بەك مەخپى،
ئىنسان بىلمەس دەپتىمەن.
ئەلنىڭ كۆزى ئەللىككەن،
هەممە ئىشتا دەللىككەن،
سىڭمەي هارام پارتلاپ،
تەشتى باغرىمنى تىكەن.
چۈشتۈم قاڭقىپ ئوڭدامغا،
پاتتىم هەسرەت، ئارمانغا،
مەنسىۋىمدىن ئايرىلدىم،
ئەمدى قالدىم پۇشمانغا.

بەدىئى تىلدا ئەڭ مۇھىمى، پىكىر ئېنىقلىقى ناھايىتى چۈشىنىشلىك، چۈنكى پۈتكۈل تۈرمۈش ھەركەتتىنلا ئىبارەت. ئەگەر سىز توغرا ھەركەتنى تاپالىغان بولسىڭىز، جۈملىلەرنى خاتىرجەم ھالدا يېزىۋېرىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشسە، سەكرەپ چۈشسە، لىككىدە ئىرغىپ چۈشسە ياكى پالاققىدا دومىلاپ چۈشسە، بۇلار ئوخشاش بولمىغان ھەركەت بولغانلىقى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەيئىنىڭ ھەركىتىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پېئىلنى تېپىۋېلىش كېرەك.

(ئا . تولستوي)

ھەر كۈنى، ھەر ئاخشىمى دېگۈدەك، كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىمگە بىر قانچە سۆز، بىر-ئىككى جۈملە يېزىپ بارىمەن، بەزى چاغلىرى تەسادىپى ئۇچراپ قالغان بەزى ئوبرازلارنى ئاددىيغىنا بىر-ئىككى سۆز ياكى بىرەر جۈملە بىلەنلا خاتىرىلەپمۇ قويىمەن. بۇنداق قىلىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. ھەر كۈنلىگى مۇشۇ ئىشنى ئادا قىلمىسام زادى بولمايدۇ. ھەر كۈنلۈگى خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىپ بارىدىغان ھاسىلاتلىرىم كەلگۈسىدىكى چوڭراق خىزمەتلىرىمدە ئانچە ئىشلىتىلمىسىمۇ، لېكىن، بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ ئىلھام كەلمىگەن چاغلاردا خاتىرە دەپتىرىمدىن بىرەر سۆز ياكى جۈملىنى تېرىپ ئالىمەن-دە، ئۇلارنى ھېكايىلىرىمنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇۋېتىمەن.

(زوچىنكو)

ئەنگلىيىلىك سكوتت دېگەن يازغۇچى ھەمىشە ئات-ئۇلاق بىلەن يېزا-سەھرالارغا، سەھرالىقلارنىڭكىگە بېرىپ تۇرۇدىكەن، سەھرالىقلارنى مېھمان قىلىدىكەن ھەمدە ئۇلار بىلەن زىياپەت-ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولۇدىكەن، ئۇلارنى ناخشا-قوشاق ياكى ھېكايە-چۆچەك ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدىكەن. ئۆزى ئۇلارنى ئاڭلاۋېتىپ، چەبدەسلىك بىلەن تېزلا خاتىرىلىۋالىدىكەن، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاممىنىڭ تالاي سۆزلىرىنى بىلىۋالغان.

كۆزىمىزنى مەشىق قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەركەتلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى ۋە چىراي ئىپادىلىرىنى كۆزىتىپ بېرىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. قۇلىغىمىزنى مەشىق قىلدۇرۇپ، باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى، ئاۋازىنى ۋە ئالاھىدە ئىشلىتىدىغان سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. بۇنداق مەشقنى يېزىشنى يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەرلا قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالماستىن، بەلكى مەن بىلىدىغان بەزى يازغۇچىلارمۇ داۋاملىق ئاشۇنداق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ ھەمدە ئۇنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ.

ئاڭلىغان سۆزلەرنى پەقەت ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىغا تايىنىپلا ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئەستە تۇتۇش قىيىن بولىدۇ، خاتىرە دەپتەر راسلىۋېلىپ، ھەر كۈنلۈگى ئاڭلىغان يېڭى-يېڭى گەپ-سۆزلەرنى، خۇددى سودا-سېتىقچىلار ھېساپ خاتىرىلىگەندەك، بىرەرسىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي خاتىرىلىۋېلىشىمىز لازىم. بۇنداق خاتىرە دەپتەر قانچە كىچىك بولسا، شۇن-

چە ياخشى، ئۇنى بىرەر ئاپتوماتنىڭ قەلەم ياكى بىرەر قېرىنداش بىلەن نەگىلا بارساق يېنىمىزدىن ئايرىماي ئېلىپ يۈرسەك، ئىش ئاسانغا چۈشىدۇ. مەيلى پاراخوتتا، ئاپتوموبىلدا ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا بولسۇن، ئۇ دەپتەرچىنى چىقىرىپلا ئىشلىتىشكە بولۇۋېرىدۇ. ھەرقانداق چاغ ۋە ھەرقانداق جايدا سۆز خاتىرىلىۋېلىش ئەدىپ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئادەتتۇر.

گوگولمۇ ئاممىنىڭ تىلىنى توپلاشنى ياقتۇراتتى. تاراشىنكوۋنىڭ ئېيتىشىچە، گوگول ئۆزى بىلمەيدىغان سۆز-ئىبارىلەرنى سوراپ، سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق ئىكەن ھەمدە ئۇ سۆزلەرنى تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن مەخسۇس تۇتۇلغان دەپتەرچىسىگە خاتىرىلىۋالىدىكەن. گوگول ئاشۇنداق خاتىرىلەرنى ناھايىتى جىق يازغان. كىشىلەر ئۇنىڭ ئادەتتە، چۈشلۈك غىزادىن بۇرۇن ئۇياق-بۇياقنى ئايلىنىشقا چىققاندا، ئۆيىدىن تېخى 5 - 6 قەدەم نېرى بارمايلا ئۇشتۇمتۇت ئالدىراپ-سالدىراپ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ھېلىقى دەپتەرچىلىرىنىڭ بىرىدىسىگە بىر قانچە سۆزلەرنى يېزىپ قويۇپ، ئاندىن يەنە چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈشكەن.

چېخوپ بەزى مېھمانلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ بىرەر ئېغىز قىزىقارلىق گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ قالسا، ئىنتايىن ھاياجانلىنىپ كېتىپ، ئۇ كىشىدىن قايتا يەنە بىر قېتىم ئېيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدىكەن-دە، دەرھال تارتىمىسىدىكى دەپتەرچىسىنى ئېلىپ، شارت-شۇرت قىلىپلا خاتىرىلىۋالىدىكەن. ئۇ بىرەر ئېغىز يېڭى گەپ-سۆزلەرنىمۇ زادىلا ئۆتكۈزۈۋەتمىگەن، ئەستىن چىقارمىغان.

پۇشكىن سەھرادا تۇرغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ كۈتكۈچىسىگە چۆچەك، ھېكايە ئېيتقۇزۇپ ئاڭلىغان ھەمدە يېقىن ئەتراپتىكى بازارلارغا بېرىپ، نامرات، ئەمالار بىلەن بىللە تولتۇرۇپ، ئۇلار ئېيتقان ھەر خىل ناخشا-غەزەللەرنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى بىر-بىرلەپ خاتىرىلىۋالغان. ئۇنىڭ رۇس خەلقىنىڭ تىلىنى پۇختا بىلىشى ئاشۇنداق جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ خاتىرىلەپ مېڭىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان.

گوركى باشقىلارغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «16 يېشىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە باشقىلارنىڭ خۇسۇسى گەپلىرىنى ئاڭلىغۇچى بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن.» بۇنىڭدىن يازغۇچىلارنىڭ باشقىلارنىڭ ئاغزىدىكى گەپ-سۆزلەرگە قانداق دىققەت قىلىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گوركى ئاڭلىغان سۆزلىرىنى دەپتەرچىسىگە يېزىپمۇ ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «مەن قانداق يازىمەن؟» دېگەن ماقالىسىدا: «ئاۋال ماقال، تەمسىللەر، مەسەللەر ۋە ئۆزەمنىڭ شەخسى تەسىراتلىرىم شەكىللەندۈرگەن سۆزلەرنى يېزىۋالاتتىم» دەيدۇ.

(ئەي ۋۇ)

سۆز-جۈملىلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، تەھلىل قىلىش، ئېھتىيات قىلىش كېرەك، ئەگەر ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرالىساڭ، ھەرقانداق كىشى بىلىدىغان سۆزمۇ يېڭى مەنا بېرىدۇ-دە، تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىپادىلىيەلەيسەن.

(گوراتوس)

مەن بىر مۇنچە خاتىرە دەپتەرلەرنى تولدۇردۇم، ئەمما يازغان نەرسىلىرىم بەك ئاز بولدى، ئۇلارغا كۆپىنچە جۈملىلەرنىلا خاتىرىلىۋالغان ئىدىم، ئىلگىرى ئۆزەم كۆرگەن مەنزىرە ۋە باشقا نەرسىلەرنىمۇ يېزىۋالغان ئىدىم، بىراق ئۇلاردىن بىرەر قېتىممۇ پايدىلىنىپ باقمىدىم، ھەممە نەرسىنى ئەستە قالدۇرۇپ باراتتىم. ئۇ نەرسىلەرنى ئەسكەرتىپ قويسىلا بو-

لۇدىكەن، لېكىن جۈملىلەرنى، سۆزلەرنى جەزمەن يېزدىۋېلىش كېرەك ئىكەن، چۈنكى بەزى چاغلاردا بىر جۈملە سۆزدىن بىر تىپ هاسىل بولۇدىكەن.

(ئا . تولستۇي)

بەزى كېچىلىرى ئەدىبىي سۆز-جۈملىلەر مىڭەمدىن گويا رىم پادىشاسىنىڭ هارۋا هەيدىگىنىدەك گۈلدۈرلىگەن پېتى ئۆتۈدۇ، مەن ئاشۇلارنىڭ سىلكىشلىرى ۋە تاراقلاشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن.

سۇ ئۈزۈۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ئىختىيارسىز هالدا سۆز-جۈملىلەرنى تۈزەپ كېتىمەن.

بەزى جۈملىلەر مىڭەمگە مەهكەم يېپىشىۋېلىپ، خۇددى مۇزىكا ئاۋازىغا ئوخشاش ئەتراپىمنى ئايلىنىپلا يۈرۈدۇ-دە، هەم مېنى ئازاپلايدۇ، هەم مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ.

ئۆزگەرتىدىغان يېرى 8 قۇرلا بولغىنى بىلەن... ئۈچ كۈنلۈك ۋاقتىمنى ئالغان ئىدى.

... بىر ئاي بولاي دەپ قالدى، تېخىچە لايىق كېلىدىغان 4 - 5 جۈملە سۆز ئۈستىدە ئىزلىنىۋاتىمەن.

مەيلى بىز قانداقلىكى شەيئىلەرنى تەسۋىرلەشتە بولسۇن، شۇنداق دەرىجىگە يېتىشىمىز كېرەككى، ئۇنى بىردىن-بىر توغرا ئىسىم، ئۇنىڭ هەركىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىردىن-بىر پېئىل، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدىغان بىردىن-بىر سۈپەت ئارقىلىق ئىپادىلىشىمىز لازىم. بىز ئۈزلۈكسىز تۈردە قېتىقىنىپ ئويلاپ، مۇشۇ بىردىن-بىر ئىسىم، بىردىن-بىر پېئىل ۋە بىردىن-بىر سۈپەتنى تاپماي قويماسلىقىمىز كېرەك، ئاشۇ ئىسىم، پېئىل ۋە ئاشۇ سۈپەت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىبارىلەرنى تاپقان بىلەن بولمايدۇ. پىكىر قىلىشنى ئېغىر كۆرۈپ، شۇنىڭغا ئوخشاۋىراق كېتىدىغان ئىبارىلەر بىلەن ئەپلەپ-سەپلەپ بولدى قىلىش هەرگىز يارىمايدۇ.

(فلوبېر)

تىلنىڭ توغرىلىغى — ئىسىل ئۇسلۇپنىڭ ئاساسىدۇر.

(ئارىستوتىل)

قىلچە شەك-شۈبهىسىزكى، چاكىنا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە، قېرىنداش بىلەن گۈل نۇسخىلىرىنى سىزغىلى، رەڭ-بوياق بىلەن لاۋۇلداپ تۇرغان ئوت يالقۇنلىرىنى چىقارغىلى ياكى ئاجايىپ-غارايىپ سۆزلەر بىلەن گۈزەل جۈملىلەرنى يازغىلى بولۇدۇ، ئاشۇنداق قۇرۇق سۆلەت يازغۇچىلار دۇنيادىكى ئەڭ چەبدەست كىشىلەر هىساپلىنىدۇ؛ ۋاهالەنكى، سەنئەتتىكى هەممىدىن زور قىيىنچىلىق ۋە هەممىدىن يۇكسەك غايىۋىي مەنزىرە تەبىئىي، سادda سىزىش ۋە يېزىشتۇر.

(رودان)

ئەسىرىڭگە قېتىلمىسۇن ئۆلۈك مىسرا.

(لۇيۇ)

بىر شېئىردا گۈزەللىك بولغانلىغى بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭدا يەنە كىتاپخانلارنىڭ قەلبىنى ئاپتورنىڭ ئارزۇسى بويىچە نېرى-بېرى قىلالايدىغان سېهرىي كۈچمۇ بولۇشى كېرەك. ئالدى بىلەن ئۆزەڭ كۈلۈشۈڭ كېرەك، ئاندىن خەقنىڭ چىرايىدىمۇ

كۆلكە ئۈينىتالايسەن، شۇنداقلا ئۆزەڭ يىغلىساڭ، ئاندىن باشقىلارنىڭ چىرايىدىمۇ يىغىنىڭ
ئىپادىسىنى پەيدا قىلالايسەن. سەن مېنى يىغلىسۇن دىسەڭ، ئالدى بىلەن ئۆزەڭ قاتتىق قاي-
غۇنى سېزىدىغان بولۇشۇڭ كېرەك ... سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ مېنى بىئارام قىلالايدىغان بولسۇن،
ئەگەر سېنىڭ قىلغان گەپ-سۆزلىرىڭ جايىدا بولمىسا، مېنى ئۇخلىتىپ قويىسەن، كۆلگۈمنى كەلتۈرۈ-
سەن. غەمكىن، مىسكىن چىرايغا قايغۇلۇق سۆز-جۈملىلەر ماسلىششى كېرەك، قەھرۇ-غەزەپ-
كە تەھدىتسىمان سۆز-جۈملىلەر ماسلىششى كېرەك، ئويۇن-چاقچاققا كۆلكە-خوشاللىق ماسلىششى،
تەنتەنىلىك سۆز-جۈملىلەر سورلۇق كەيپىياتقا ماسلىششى كېرەك ... ئىلاھنىڭ گەپ-سۆزلىرى،
قەھرىماننىڭ گەپ-سۆزلىرى، مول تەجرىبىلىك مويسىپىتنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ياشلىق باھارى
ئۇرغۇپ تۇرۇدىغان قىزغىن ياشلارنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ئاقسۆڭەك ئايالنىڭ گەپ-سۆزلىرى،
نەمۇ-نەلەردە قاتىراپ يۈرۈدىغان مال ساتقۇچىنىڭ گەپ-سۆزلىرى، ياپ-يېشىل ئېتىزلىقتا
ئىشلەۋاتقان دىخاننىڭ گەپ-سۆزلىرى ئارىسىدا ناھايىتى زور پەرق بولىدۇ.

(گوراتوس)

مولليېرنى دوراش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ 4-5 كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تىلىنى
چايناپ، دۇدۇقلاپ گەپ قىلىۋاتقان ھالەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز-
لىرىنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى قىلىشىۋېرىدۇ؛ ئەمما ھەرقايسىسىنىڭ قىلغان گەپ-سۆزلىرى ئۆز-
لىرىنىڭ خاراكتېرىستىكىسىغا ماس كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى يارىتىلىدۇ.

(دىدىرو)

ھەر بىر جۈملە سۆزنى پىكىر يۈرگۈزۈپ، قاتتىق كاللا قاتۇرۇپ تاپىمەن.

(گوگول)

ئەدەبىي ئەسەردە كەيپىيات بولۇشى كېرەك. قايغۇلۇق كەيپىياتمۇ، كۆتۈرەڭگۈ كەيپى-
ياتمۇ بولىدۇ، بىزنىڭ تىلىمىزمۇ ئاشۇنداق قايغۇلۇق ياكى كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتقا تازا باپ
كېلىدىغان بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، قايغۇلۇق ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەكچى بولساق، تۇسى
ئانچە قويۇق بولمىغان سۆزلەرنى، ئۇرغۇسى ئانچە ياڭراق بولمىغان سۆزلەرنى تاللاپ، سەل
ئۇزۇنراق جۈملىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، كۆپچىلىكنى سۆز ئۇرغۇسىنىڭ ئاستا، سۆزلەرنىڭ سۇس
بولۇشىغا قاراپلا قايغۇنى سېزەلەيدىغان قىلىشىمىز لازىم، ئەكسىچە، جۇشقۇن-شوخ كەيپى-
ياتنى ئىپادىلىمەكچى بولساق، جانلىق، ئۆتكۈر تىل ئىشلىتىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى، ئۇنىڭدا بىر تاغار سۆز-ئىبارىلەرنىڭ
ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە، مەلۇم كەسپىي ئاتالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەن-
لىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ياكى جانلىق سۆزلەرنىڭ تازا جايىدا ئىش-
لىتىلگەن-ئىشلىتىلمىگەنلىكىگە باغلىق.

تىل گويا دۆۋىلەكلىك تۇرغان خىش-كېسەككە ئوخشايدۇ، ئۇنى تازا پەم بىلەن
زېھىن قويۇپ تىزىپ چىقساق، ئاندىن ئۇ بىرەر تام ياكى بىرەر ئېگىز ئۆي بولۇپ چىقىدۇ.
تىل دىگەننى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىۋەرگەن بىلەن بولمايدۇ. ئۇنى تەشكىللەپ، رەتكە
سېلىپ چىقىش ئارقىلىق، ئىدىيىۋى ھېسسىياتقا گۆش بىلەن قاندەك مەھكەم بېرىكىپ كەتكەن
قىلىشىمىز كېرەك.

يازغۇچىنىڭ ماھارىتى ئىنتايىن ئېخچام سۆز ئارقىلىق ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى ئىپادى-

لەپ بېرەلىشىدە.

(لاۋشې)

ياش يازغۇچىلار، دېخانلارنىڭ تىلىنى ئاڭلاپ بېقىڭلار، سىلەر ئۇنىڭدىن ژورناللاردىن تاپالمايدىغان تالاي ـ تالاي نەرسىلەرنى ئۆگىنۋالالايسىلەر.

ياش يازغۇچىلار، سىلەر رۇس تىلىنىڭ خاراكتېرىنى بىلىش ئۈچۈن، خەلق ھىكايە ـ چۆچەكلىرىنى ئوقۇپ كۆرۈڭلار.

(پۇشكىن)

كىشىلەرگە تونۇش بولغان تىلنى قوللىنىشىمىز كېرەك... بۇ، يازغۇچى مەنسۇپ بولغان مەلۇم ئالاھىدە سىنىپنىڭ تىلى بولماستىن، بەلكى جەزمەن ئادەتتىكى خەلقنىڭ تىلى بولۇشى كېرەك.

(شىلىلى)

خەلق ئۈچۈن يېزىشتا، ئۇلار قىلىدىغان گەپلەر بىلەنلا يازماستىن، بەلكى ئۇلار ئىشلىتىشنى خالايدىغان تىل بىلەن يېزىش كېرەك.

(ئوستىروۋسكى)

جىمىكى نەسىرى ـ نەزمىلەر قەغەزدە ياتىدىغان بولماستىن، ئۇرە تۇرۇدىغان بولۇشى كېرەك، ئادەم ھايات بولسا ئۆرە تۇرالايدۇ، ئۆلگەندە يېتىپ قالىدۇ، يېزىقچىلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

(يۈەن مۇ)

كىشىلەرنى قايىل قىلىشتا گەپنىڭ رولى ئالتۇندىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

(دېموكرىت)

تازا جايىدا ئىشلىتىلگەن بىر سۆز ئادەمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت بېغىشلىيالايدۇ.

(بىۋايلو)

بىر بوغۇم ئۆز جايىغا چۈشسۇن دىبان،
نەسىپى تۈن سوغ دەستىگە بەردىم چىدام.

(جياداۋ)

كۆزنى ئەڭ تاكامۇللاشقان سەزگۈ ئەزا دېيىشكە بولار، ئۇ ئارقىلىق شەيئىلەرنى ئەڭ ئاسان ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەمما ئىچكى سەزگۈ ئەزالار ئۇنىڭدىنمۇ تاكامۇل بولىدۇ، ئەڭ مۇكەممەل تىل ۋاستىسى بىلەن شەيئىلەر ئەڭ تېز سۈرئەتتە ئىچكى سەزگۈ ئەزاغا يېتىدۇ، چۈنكى تىل ھەقىقەتەنمۇ چېچەكلەپ مىۋە بېرەلەيدۇ.

(گيوتى)

شېئىرى ئەسەردە ھەر بىر سۆز پۈتۈن ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى ئېھتىياجلىق بولغان مەنانى تولۇق ئېچىپ بېرىشكە پۈتۈن كارامىتى بىلەن خىزمەت قىلىشى كېرەككى، ئوخشاش بىرخىل تىلدىكى باشقا ھەرقانداق سۆز ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان دەرىجىدە بولسۇن.

(بېلىنىسكى)

ئىككى مىسراغا ئۈچ يىل قاتتى بېشىم،
ھەر ئوقۇسام بۇلدۇق ـ بۇلدۇق ئاقار يېشىم.

(جياداۋ)

گۈزەل مىسراغا خۇشتارمەن،
غېنىلىق، شان دىلىم تارتماس؛
سۆزۈم تاڭ قىلمىسا ئەلنى،
كۆڭۈل ئەسلا تىنىم تاپماس.

(دۇفۇ)

خەق ئاسانلا دىگەننى مەن ئاز دەيمەن؛ خەلق تەستە دىگەننى مەن ئاسانلا دىيەلەيمەن...

(لى بەي)

ئەدىبىي ئەسەر گويا ساغلام، كۈچلۈك تەنھەرىكەتچىگە ئوخشايدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ موسكۇللىرى كۆپ خىل بولۇدۇ، ئۇلارنى تاۋلاپ يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن خىلمۇ-خىل ئۇسۇل كېرەك... ئاشۇنداق بولجۇڭ گۆش قۇرۇلمىسىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، سەنئەتكار دائىم ئالاھىدە بىر خىل «گىمناستىكا» ئويناپ تۇرۇشى، يەنى خىلمۇ-خىل جۈملىلەرنى قۇراشتۇرۇش سەنئىتىنى مەشق قىلىشى كېرەك.

(فادېيېۋ)

مەيلى قايسى زامان ۋە قايسى ماكاندا بولسۇن، نەسرىي-نەزمىلەر قايىل قىلارلىق بولۇشى، غەم-ئەلەملەر تەسىرلەندۈرەرلىك بولۇشى، غەزەپ-نەپرەتلەر چۇس-قوپال بولۇشى، ئەقىل-پاراسەت ئېغىر-بېسىق، سالماق بولۇشى كېرەك.

(ۋولتېر)

ھەر ھەرپ-سۆز مۇشكۇلاتتا تۈزۈلدى،
ئاڭغىچە چاچ-ساقلىمۇ ئۈزۈلدى.

(جىياداۋ)

ئەدىبىي ئەسەردە مۇنداق ئەھۋالدا، يەنى بىرەر سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغىلى بولمايدىغان، بىرەر سۆزنىمۇ چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېخى بىرەر سۆزنى ئۆزگەرتىۋېتىش بىلەنلا ئەسەر بۇزۇلۇدىغان ئەھۋالدىلا ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگىلى بولۇدۇ.

(ل. تولستوي)

تىل كەيپىياتنى ۋە خاراكتېرنى ئىپادىلىيەلىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېمىغىمۇ مۇناسىپ كەلسە، سېنىڭ تىلىڭ تازا جايىدا بولغان بولۇدۇ. «تېمىغا مۇناسىپ كېلىش» دىگەنلىك — ھەم چوڭ ئىشلارنى كەلسە-كەلمەس بىر نەرسىلەرنى دەپلا ئىپادىلەپ قويماسلىق، ھەم ئۇششاق-چۈشەك، ئاددى ئىشلارنىمۇ ھەشەمەتلىك قىلىپ كۆرسىتىپ قويماسلىق كېرەك، دىگەنلىكتۇر. تىل جەھەتتىكى مۇنداق لايىغىدا ئىشلىتىش كىشىلەرنى سەن تەسۋىرلىگەن ھىكايە ۋەقەلىگىنىڭ چىنلىغىغا ئىشەندۈرۇدۇ... ئۇندىن قالسا، ھىسسىياتلىق بىر ناتىق ھەمىشە ئاڭلىغۇچىلارنى ئۆزى بىلەن بىرلىكتە تەسىرلەندۈرۇدۇ (گەرچە ئۇنىڭ گەپ-سۆزىدە ھېچبىر مەزمۇن بولمىسىمۇ).

تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، تاشقى جەھەتتىكى تىل بەلگىسى ئارقىلىق ئۆز ھىكايەڭنىڭ چىنلىغىنى ئىسپاتلاش ئۇسۇلىمۇ سېنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىڭنى ئىپادىلەيدۇ.

ئوخشاش بولمىغان سىنىپ كىشىلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان مىجەزدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى بولىدۇ. مەن دېگەن «سىنىپ» كىچىك بالا، چوڭ كىشى ۋە قېرىلارغا ئوخشاش ھەرخىل ياشتىكىلەرنىڭ پەرقلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ئەر-ئايال دېگەنگە ئوخشاش جىنس جەھەتتىكى پەرقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مىللەت پەرقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.... مەن دېگەن «مىجەز» بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بەلگىلەيدىغان مىجەزنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ھەرخىل «مىجەز» نىڭ بىر كىشىنىڭ خاراكتېرىستىكىسىنى بەلگىلىيەلىشى ناتايىن. شۇنداق قىلىپ، ئەگەر بىر ناتىق مەلۇم بىرخىل ئالاھىدە مىجەزگە ماس كېلىدىغان تىلنى ئىشلەتسە، ئۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ خاراكتېرىستىكىنى قايتا ئىپادىلىگەن بولىدۇ.

سەھرالىقلار بىلەن بىلىملىك كىشىلەر ھەرگىز بىرخىل سۆزلىمەيدۇ، ئوخشاش قېلىپتىمۇ سۆزلىشەلمەيدۇ.

(ئارىستوتېل)

يازغۇچىلارنىڭ تىلى ئۆزلىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ، بەزىلىرىنىڭ تىلىدا شېئىرىي پۇراق بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تىلى نەسرىي تۈس ئالغان بولىدۇ. شېئىرىي پۇراق قويۇقلىشىپ كەتسە، قاتماللىققا گىرىپتار قىلىدۇ-دە، ئىشنىڭ يۈرۈشى، تەسۋىرنىڭ تەبىئى بولۇشى تەسلىشىدۇ. تولىمۇ نەسرلىشىپ كەتسە، چېچىلاڭغۇلۇق كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئىشنىڭ يۈرۈشىمۇ چۇۋالچاقلىشىپ كېتىدۇ، تەسۋىرنىڭ مېغىزلىق بولالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن.

ئەڭ ياخشىسى، ئىخچام، ئاھاڭدار، مۇستەھكەم، تەبىئى بولۇشى كېرەك. ھەرقانداق بىر ئوبيېكتنى — مەيلى ئۇ ئوبيېكتىپ مەنزىرە بولسۇن ياكى سوبيېكتىپ ھىسسىي كەيپىيات بولسۇن — ئەڭ تىجەشلىك تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇش كېرەك. تىلنىڭ مەنىسىدىن باشقا ئۇنىڭ رەڭدارلىقى، ئىنتوناتسىيىسى، تەسىرچانلىقى ئۈستىدىمۇ ئىزلىنىش كېرەك. ئوخشاش مەنىدىكى سۆزنىڭ روشەن ياكى تۇتۇق، قاتتىق ياكى يۇمشاق، جاراڭلىق ياكى جۇشكۇن بولۇشتەك پەرقلىرى بولىدۇ. تەسىرلىك سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا مۇۋاپىق ئىشلىتىش كېرەك.

(گومورو)

ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان تەسۋىرىي سۆزلەرنى ياسىماسلىق كېرەك.

(لۇشۈن)

تەييارلىغۇچى: تىلەك

(بېشى 343- بەتتە)

مۇشۇ شېئىرنى ماڭا يادىگار قىلىپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇنىڭدىن جىق تەربىيە ئالدىم.

سىزمۇ بىر ئوقۇپ باقسىڭىز، — دېدى.
شېئىر مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

كىمكى رەڭگىگە قاراپ كۈلسە، شۇئان ئەينەككە باق،
كۈلگۈچى ھەقلىقمۇ - يوق، بولغۇسى شۇندا بەلگۈلۈك.
ئىللىتىڭنى كۆرسىتىپ بەرگۈچىلەردىن رەنجىمەي،
بەلكى «مېنى كۈلكىدىن ئاسرايدىكەن» دەپ بىلگۈلۈك.
كىم ئەگەر ماڭقا بولۇشنى ئۆزى ھار ئالماي، تېخى،
باشقىلار «ماڭقا» دىسە، ھار ئالغىنى بەك كۈلكۈلۈك.



# پارقازان قۇرۇشتۇرۇش مۇراسىمى*

(ھېكايە)

ئەزىز نېسىن (تۈركىيە)

A: مەرھەمەت ئەپەندىم، بۇ تەرەپكە مەرھەمەت قىلىڭ! ھۆرمەتلىك مۇخبىر ئەپەندىلىرىمىز! ھى...ھى... ھى...

B: سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئەپەندىم.

C: رەھمەت. بىراق، مېنى نېمىشقا تەبرىكلەيدىغانلىقىڭىزنى چۈشەنمەيۋاتىمەن.

B: سىزلەرنىڭ پارقازىنىڭىزلارنى تەبرىكلەيمەن...

— ھە، شۇنداق، شۇنداق، پارقازاننى تەبرىكلەيمىز ئەمەسمۇ، ئەپەندىم. ئەگەر پارقازنى بولمىسا ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ... پارقازنى ناھايىتى مۇھىم...

— يۈرۈڭ، زىياپەتكە بارايلى. ئۇ يەردە ئىشتەي ئاچىدىغان ھاراق بار... ئۆلكە باشلىقى جاناپلىرىمۇ قەدەم تەشرىپ قىلماقچى، ئۇنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.

D: مەن سىزنى قەيەردىدۇ كۆرگەندەك قىلىمەن. بىراق، قەيەردە كۆرگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن.

E: مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەن. بىز ناتونۇشلاردىن بولمىساق كېرەك. مەنمۇ سىزنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەن. توختاڭ، سىز قۇشخانىنىڭ يېڭى دەرۋازىسىنى قۇراشتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتناشقانمىدىڭىز؟

— ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمەن، ئەپەندىم. ھازىر كۈنگە نۇرغۇنلىغان مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرۇدۇ. شۇڭا بىزنىڭ زېھنىمىز يېتىشمەيدۇ-دە. يېقىندا ئۇ كۈنى ئەينەك زاۋۇدىنىڭ كۆپەيتىلگەن مورىلىرىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتناشقان ئىدى.

— ھەي... شۇ قېتىمقى مۇراسىمغا قاتنىشالمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن، ئەپەندىم. بۇرادەرلەرنىڭ ئېيتىشىچە، داستىخانغا داڭلىق چىركەس توخۇسىنىڭ گۆشىمۇ قويۇلۇپتىمىش. ئۇلار شۇ زىياپەتتىكى مولچىلىقنى ئاغىزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىشتى. ئەپەندىم، بىر ئادەمنىڭ ھەپتە ئىچىدە مۇنداق

① بۇ ھېكايە 1957 - يىلى ئىتالىيىدە ئېچىلغان خەلقارا يۇمۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك ئالتۇن پالما مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

زىياپەتلەرگە قاتنىشالايدىغان پۇرسىتى بەك ئازغۇ دەيمەن.

— ھە، مانا ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. سىز ياپونىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان پاراخوتنى تەبرىكلەشكە قاتناشقانىغۇ؟ ...

— ھە، دۇرۇس، دۇرۇس، كەمىنىڭىز شۇ زىياپەتكە قاتنىششقا مۇيەسسەر بولغان. پاراخوتنىڭ سۇغا چۈشۈرۈلگەنلىگىنى تەبرىكلەش زىياپىتىگە قاتناشقان ئىدىم. مېنىڭمۇ ئېسىمگە كەلدى، شۇ كۈنى سىز باشتىن-ئاخىر تۇخۇم بىلەن قايماقتا ياسالغان پىرانىكنى يەپ ئولتۇردىڭىز. شۇ چاغدا مەن سىزگە دىققەت قىلغان.

— شۇنداق، شۇنداق، مەن تۇخۇم بىلەن قايماقتا ياسالغان پىرانىكنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئەپەندىم، مەن ھەم تېز ھەم كۆپ يېگەنلىگىم ئۈچۈن ئاچكۆز-لۈگۈم ئاشكارىلىنىپ قالدى. شۇڭا، ئادەتتە يېگۈم بولسىمۇ يېيەلمىگەن ئاشۇ نازۇ-نېمەتلەرگە قول تەككۈزمىدىم. بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

$A_1$: ئۇلارنىڭ قۇراشتۇرغىنى قايسى خىلدىكى پار قازىنىكىنە؟

$B_1$: خۇدا ھەققى، مەن بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ، بىر پارقازىنى-دە! ھېچبولمى-غاندا، كېيىم قايىنىتىدىغان قازان ئەمەس ...

— سىزنىڭ ئىشتىھايىڭىز ناھايىتى ياخشىكەن. مەن ئىشتىيىمىنىڭ تۇتۇلۇۋاتقانلىقىدىن بىئارامەن. تاماق سىڭمەسلىك كېسىلى باشلىنىۋاتىدۇ.

— ئەپەندىم، پېقىرمۇ شۇنداق. يېقىندىن بېرى ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ ئاشقازىنىدىن زارلىنىۋاتىدۇ. بۇ بىرخىل يۇقۇملۇق كېسەلگە ئايلاندى. مەن يېنىمدا ھەردائىم سۇدا پاراشوگى ساقلاپ يۈرۈمەن. ئەگەر كېرەك بولسا سىزگە بىر ئۇچۇم بېرەي. كاپ ئىچىۋېتىڭ.

— ھە، رەھمەت. بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلىش كېرەك ئىكەن. مەندىمۇ يېنىمدا مۇشۇنىڭدىن ساقلاپ يۈرەي. بۇ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدىغان شىپالىق دورا ئىكەن. ھا ... ھا ... ھا ...

— ئەپەندىم، راستىنلا بولىدىكەن. كىكىرتتى، ياخشىلاندىم.

— ھى ... ھى ... ھى ... بىلىپ قويۇڭ، بۇ يەردىكى قورۇلغان تۇخۇ گۆشىنىڭ تەمى بەك ياخشىكەن. قېنى، تېتىپ بېقىڭچۇ ...

— رەھمەت. ئۇنىڭدىن بەكرەك بەلىشكە ئامراقمەن.

$A_2$: ئاۋۇ سېمىز كىشى كىمكىن؟

$B_2$: قايسى، ئاۋۇ ۋىسكى ھارىقىنى ئىچىۋاتقان كىشىمۇ؟

— ياق، يەنە بىرى.

— قاراڭ، ئاۋۇ بانان يەۋاتقان كىشىمۇ؟

— يەنە بىرى ...

— ئاۋۇ سوغاق گۆش يەۋاتقان كىشىمۇ يا؟

— دەل شۇنىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى قولىنى ساڭگىلىتىپ، ئاغزىنى لىپىمۇ-لىپ توشقۇزۇۋالغان ئادەم ...

— ھەي ... مەن پەرق ئېتەلمەيۋاتىمەن. كۆرۈشىنىمۇ كۆردۈم، ھەممىسى بىلەن كىكىر-تەكلىرىنى سوزۇشۇپ بىرنىمىلەرنى يۇتۇشى-ۋېتىپتۇ، بىراق ...

$A_3$: مەقسەت قانداقتۇر مۇراسىمنى تەبرىكلەش ئەمەس، بۇ زىياپەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت بىر خىل بانا-سەۋەپتىنلا ئىبارەت ...

$B_3$: ئەلۋەتتە، بۇنىڭ گۇمانلىنىدىغان

نىمىسى بار... خۇدا ھەققى، ئەگەر مۇشۇ زىياپەتلەر بولمىغان بولسا بىر تونۇشالمىغان بولاتتۇق... ئەپەندىم، بىر چاغلاردا، كەمىنىڭىز تېخى كىچىك بالا ۋاقتىدا، مېنىڭ رەھمەتلىك دادام، ھەركۈنى مېنى يېتىلەپ مېچىتكە ئاپىراتتى. ھەر دۈشەنبىدە ئىسكەندەردىكى مېچىتكە باراتتۇق. سەيشەنبە كۈنى قاسىم پاشادىكى مېچىتكە باراتتۇق. چارشەنبە كۈنى چۈلۈكلۈك مېچىتكە باراتتۇق. پەيشەنبە كۈنى مەۋلىۋى خان مېچىتگە باراتتۇق... ئىشقىلىپ، خۇدانىڭ ھەربىر قۇتلۇغ كۈنى بىر مېچىتكە باراتتۇق... شۇنداق، شۇنداق، بىز ئۇ يەردە خوشاڭ يەيتتۇق. چوڭ مىس لىگەنگە مول نېمەتلەر تىزىلاتتى. ناھايىتى تېزلا تۈگەيتتى.

— مەقسەت يېيىشتە ئەمەس، سەمىمى پاراڭلىششتا...

— ئەلۋەتتە!... سىز ئەمدى جىگەر قورۇمىسىنى يېمىدىڭىزغۇ؟

— كەمىنىڭىز مايدا قورۇلغان بەسەي قاتلىمىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى قورۇلغان.

— بۇ قايسى زاۋۇتكىن، ئەپەندىم؟

— خۇدا ھەققى، مەنمۇ ئانچە ئېنىق بىلمەيمەن. بىراق... بۇ يەردە خېلى كۆپ ماشىنا سايمانلىرى تۇرۇدۇ، بەلكىم، ماشىنا سايمانلىرى زاۋۇدى بولسا كېرەك.

— پاھ، بەكمۇ چوڭ زاۋۇتكەن - دە.

— شۇنداق، ئەپەندىم، مەدىنىيەت ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىۋاتىدۇ... مەرھەمەت قىلىپ بېلىق گۆشى سېلىنغان بەسەي قاتلىمىسىنى تېتىپ بېقىڭ. بەكمۇ مېزىلىك كەن. زىياپەت ئاخىرلاشقىچە سىڭىپ كېتىدۇ.

— ئەپەندىم، سىز بايا كۆتۈۋېلىش مۇراسىمىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدىڭىز، مەنمۇ بارماقچى ئىدىم...

— راست، راست، ئەلۋەتتە شۇنداق... قورۇمىغا مەرھەمەت قىلىڭ.

— ئەپەندىم، ئەگەر سىز بەزى كۆتۈۋېلىش مۇراسىملىرىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز، بۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مۈمكىن ئەمەس. مانا بۇ ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق - دە.

— ئەپسۇسلىنارلىق ئىش... يېقىندا، گېزىتتىكە ئامېرىكا بىزنى بىر يېڭى ئاتوم ئۈسكۈنىلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېسىلىپتۇ. بۇ جاي ئاتوم زاۋۇدى بولۇپ قالمىغىدى، يەنە.

— كىشىلەر بۇ يەردە پارقازان قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋاتىدىغۇ!

— شۇنداق، ئەپەندىم، شۇنداق. پايدا ئېلىش كېرەك، پايدا ئېلىش كېرەك. ئىشلەپ پۇل تېپىش كېرەك①.

$A_4$: لېنتا كېسىشەمدىكەن؟

$B_4$: ھەممىيلەن ئۆلكە باشلىقىنى جاناپلىرىنى كۈتىۋاتىدۇ.

— بۇ زاۋۇتنىڭ خوجايىنى كىمكەن؟

— ئامېرىكىلىقمۇ دەيمەن...

— مېنىڭچە، ئۇنداق بولمىسا كېرەك. ئامېرىكىلىقلار بۇنداق مېھمان چاقىرمايدۇ. زاۋۇت ئۆزىمىزنىڭكى. بۇ ناھايىتى ئېنىق. بىراق، بۇ زادى قەيەرگە قاراشلىقكىن، خاس پايدا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىقمىدۇ ياكى سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىقمىدۇ؟

— بولدى، بولدى، بۇ زاۋۇتتا سۇمۇ ئىشلەپچىقىرامدۇ تېخى، بۇ زادى نېمە زاۋۇت؟

— پارقازان زاۋۇدى.

— ھە، دېمەك بۇ زاۋۇت خاس پايدا ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىغا قاراشلىقكەن - دە. بۇ ئېھتىمال، ئۆزۈم

① تۈرك تىلىدا «پارقازان» بىلەن «پايدا تېپىش» دىگەن سۆز ئاھاڭداش بولۇپ، بۇ يەردە خاتا ئاڭلىۋالغان.

ھارىقى ياسىغاندا ئىشلىتىدىغان قازان بولسا كېرەك... مەن ئاۋۇ كىشىنى ھەر قېتىمقى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا كۆرىمەن...

ــ ئاۋۇ باش تەرەپتە ئولتۇرغان كىشى كىم؟

ــ ئۇ تەكلىپ بويىچە كەلگەن پارلامېنت ئەزاسى. ئەتە سىز ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتنىشامسىز؟

ــ شۈبھىسىزكى، بارمىسام بولماس كېلەلمەيمەن. ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ياسىغان بادام قىيامىدىن تېتىپ باقتىڭىزمۇ؟

$A_5$: ئاكا، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئالدى بىلەن زاۋۇتقا تايىنىش كېرەك.

$B_5$: ئەگەر كۈنىگە بىر زاۋۇت ئىشقا چۈشسە تازىمۇ ياخشى بولاتتى ـ ھە؟... قىزارتىپ پىشۇرۇلغان قىسقۇچ پاقا قالتىس مېزىلىك كەن جۇمۇ...

ــ ئەگەر سىز تۈنۈگۈنكى ئىش باشلاش مۇراسىمىنىڭ زىياپىتىگە قاتناشقان بولسىڭىز قىزارتىپ پىشۇرۇلغان قىسقۇچ پاقا يېگەن بولاتتىڭىز. ماۋۇ كىچىك بالا كىم بولىدۇ؟ ئوغلىڭىزمۇ؟ ئاللا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

ــ خۇدا ھەممىڭىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي...

ــ بالام، سەن نېمە يېيىشنى خالايسەن؟ ئالما يەمسەن، ماندارىنمۇ، تاتلىق بەلىشمۇ؟ خالىغانچە يېگىن قوزام!

ــ پاراك سالماڭلار، بېگىم كەلدى...

ــ ئۇ كىم؟


ــ بىلمەيمەن... زاۋۇتنىڭ خوجايىنى بولسا كېرەك. ياكى بولمىسا مىنىستىردۇ.

ــ باش شىركەت باشلىقى بولۇپ قالمىسۇن يەنە... بۇ، بۇ... مەن سىزنى ئۇزاقتىن بېرى تونۇيمەن... ھەر قېتىمقى مۇراسىم ۋە زىياپەتتە بىز كۆرۈشۈپ تۇرۇمىز. بىراق، مەن سىزدىن سوراشقا خىجىل بولدۇم. سىزنىڭ نېمە خىزمەتتە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيدىكەنمەن.

ــ مېنى دەمسىز؟ بۇ، بۇ... بۇ بېگىم ئېچىلىش نۇتقى سۆزلەيدىكەنچى بولسا كېرەك...


ــ ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار... بۈگۈن (پىچاق ۋە ۋىلكىلارنىڭ تىرىقشىغان ئاۋازى) بىزنىڭ تەيزجاخىت ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ تۆتىنچى پارقازنى قۇراشتۇرۇلۇپ ئىشقا چۈشۈرۈلدى. مەن كۆپچىلىكنى تەبرىكلەيمەن. بىز بۇ پارقازاننى قۇراشتۇرۇشتا ئامېرىكىدىن ھېچقانداق ياردەم ئالمىدۇق. پۈتۈنلەي ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ قۇراشتۇردۇق. بىز بىر چاغلاردا بىرگە قارشى ئۈچ نەتىجە بىلەن ۋېنگرىيە پوتبول كوماندىسىنى يەڭگەن ئىدۇق. بىزنىڭ مۇسابىقە جەريانىدىكى غەلىبىگە ئىشەنچ باغلاشتەك ئىرادىمىز، جاسارىتىمىز ۋە غەيرىتىمىز پار قازاننى قۇراشتۇرۇش خىزمىتى جەريانىدىمۇ نامايەن بولدى. بىز پارقازىننى ئوچاقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئورناشتۇرۇش ئۈچۈن ئامېرىكىدىن ئۈچ نەپەر مۇتەخەسسىس، ئىككى نەپەر ئىنژېنېر ۋە تۆت نەپەر ئىسمىنا باشلىقى تەكلىپ قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا چەتئەلنىڭ ھېچقانداق ياردىمىنى ئالمىدۇق. شۇنداق قىلىپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان پارقازىننى قۇراشتۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىمىز بېجىردۇق. پارقازىنى قۇراشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قازاندىكى سۇ زادىلا قاينىمىدى. بىز بۇنىڭ سەۋەبىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، پارقازان بىلەن ئوچاقنىڭ ئارىلىقى 6 مېتىر يىراق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. تېخنىك خادىملار، پارقازىننىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، قازاننىڭ ئاستىغا يەنە بىر ئوچاق سېلىش لازىملىقىنى ھېس قىلىشتى. بۇ پارقازىنى

(ئاخىرى 19 ـ بەتتە)



ھۆددە يەردىن بولۇپ باي،
قازان - چۆمۈچ ساپلا ماي.
پۈتۈن دىخان شات چىراي،
ئاڭا مىسال بۇ بوۋاي.

ھىسامىددىن پەخرىددىن



# تارىم

塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM (in Uiqhur A monthly Literature jornal)

1985 - يىلى 1 - سان (287 - سان)، 28 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى (تېلېفون نومۇرى: 24784)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارى-
لىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى).

o· p· Box 614, Beijing, China

باسما تاۋاق: 10، ژورنال نومۇرى: 66 — 58، باھاسى: 0.50 يۈەن.

قەرەللىك ژورنال نومۇرى: 356

定价：0.50元

from the library of

G. Pahta